# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

14

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

(14)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى

0000069

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


غەربىي ئارمىيىنىڭ ۋالدۇق قىسمى 268 ـ پولك (شىنجاڭ
يېڭى گازارمىسى) نىڭ كەچۈرمىشلىرى ...... يۇشىن‌خۇا 1
ئادىل ساقى تەرجىمىسى
جاۋدەننىڭ شىنجاڭغا قىلغان سەپىرى........... ۋاڭ ۋېيىي 21
ئادىل ساقى تەرجىمىسى
ياڭ زېڭشىننىڭ تارىخىغا ئائىت غەيرى رەسمى
ۋەقەلەر .................................... جاڭ چىيىڭ 41
ئىسلام ھۇسەيىن تەرجىمىسى
شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي
كادىرلار كۇرسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى...... چېن فاڭبەي 59
دىلدار تەرجىمىسى
ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىككى قېتىم شىنجاڭغا
بارغانلىقىم ھەققىدە خاتىرە .............. سۇن‌يۆچى 69
ئۆمەرجان نۇر تەرجىمىسى
«تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالى» توغرىسىدا...... لى فەنچۈن 101
ئۆمەرجان‌نۇر تەرجىمىسى
بوۋام لى‌گېنيۈەننىڭ 1938 ـ يىلى شىنجاڭغا كېلىشىدىكى
جەرياني توغرىسىدا ........................ لى چېڭجىڭ 118
ئابدۇرۇسۇل ھاشىم تەرجىمىسى
«شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى خەلق ئۇيۇشمىسى» ۋە
باشقىلار توغرىسىدا ........خې يۈجۇ، كاڭ بىڭلىن 124
پولات تەرجىمىسى
ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم كىرىشى ۋە

جىمىسارنى قوغداش ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى
.......... جاڭ ئەنيىڭ 138
ئەبەيدۇللا ئىمىن تەرجىمىسى
مەن قاتناشقان بىر نەچچە قېتىملىق جەڭنىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالى ............ جىن گوجىن 155
دىلدار تەرجىمىسى
شىنجاڭ تېلېگىراف ئىشلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى...شىن خۇڭدى 189
ئۆمەرجان نۇر تەرجىمىسى
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى
بۇددا دىنى ............ جىن گوجىن 196
ئىسلام ھۇسەيىن تەرجىمىسى
شىنجاڭنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى ئىبادەتخانا، ساراي،
مەرھۇملەر سارىيى .......... ليۇدىخې 211
ئىسلام ھۇسەيىن تەرجىمىسى
ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىنىڭ
قىسقىچە تارىخى ............ شۇ شۇتوڭ 235
ئادىل ساقى تەرجىمىسى
يولۋاس توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم ............ شۇجۇ 253
دىلدار تەرجىمىسى
جيۇ چۈەن قوزغىلىڭىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە... پېڭ مىڭدىڭ 262
ئادىل ساقى تەرجىمىسى
ماتېرىيال:
جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدىكى
ئەمەل ناملىرى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئىسىملىكى... 276

# غەربىي ئارمىيىنىڭ قالدۇق قىسمى 268 ـ پولك (شىنجاڭ يېڭى گازارمىسى) نىڭ كەچۈرمىشلىرى

يۈ شېن خۇا

1937 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خېشى كارىدورىدا مۇشەققەتلىك جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەربىي ئارمىيىسى، جاڭگوتاۋنىڭ «خەلقارا يول ئېچىش» دېگەن خاتا لۇشيەنىنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا مابۇفاڭنىڭ قوشۇنى بىلەن قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ باردى. لېكىن ئازچىلىق كۆپچىلىككە تەڭ كېلەلمەي، ئوق ـ دورا، ئوزۇق ـ تۈلۈك تۈگەپ، ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. ئەينى ۋاقىتتا 30 ـ كورپۇسنىڭ 88 ـ دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق 268 ـ پولك مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ جەڭگە قاتناشمىغانلىقتىن، غەربىي ئارمىيە بويىچە تولۇق ساقلىنىپ قالغان بىردىن بىر پولك ئىدى. بۇ پولكتىكى 4 يۈز نەچچە كوماندىر ـ جەڭچى كېيىنكى ۋاقىتتا كەلگەندە شىنجاڭغا كېلىپ ئۈرۈمچىدە يېڭى گازارما بولۇپ ئورۇنلاشتى. مەن ئەسلىدە غەربىي ئارمىيە 30 ـ كورپۇس سىياسىي بۆلۈمىدە تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى ئىدىم، مەغلۇپ بولۇپ قوشۇن تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن،

سىياسى كومىسسار لى شيەننيەننىڭ يوليورۇغى بىلەن 268 ـ پولكنىڭ سىياسى باشقارمىسىغا مۇدىر بولدۇم (بۇ پولكنىڭ پولك باشلىقى ياڭ شيۇكۇن، سىياسى كومىسسار ياۋ يۈنلياڭ، شتاب باشلىقى راۋ زىجيەن ئىدى). كېيىن زۇڭدۈي (يېڭى گازارما) گە سىياسى كومىسسار بولدۇم. ئەينى ۋاقىتتىكى بەزى ئەھۋاللاردىن ئازراق خەۋىرىم بولغاچقا، ئېسىمگە ئالالىغان ئىشلارنى يېزىپ چىقتىم.

## ئەنشىدىكى بىر قېتىملىق ئۇنتۇلماس جەڭ

غەربىي ئارمىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 1937 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، گەنسۇنىڭ تاش ئۆي دېگەن جايىدا چېڭ چاڭخاۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بىر يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا، 268 ـ پولكنىڭ يولداش لى شيەننيەن، چېڭ شىسەيلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا چىلييەنشەن تېغىدىن چىقىپ، گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەنشى ناھىيىسىگە بېرىپ غەربىي ئارمىيىنىڭ ئەسلىدىكى ۋەزىپىسى بويىچە ئەنشى ناھىيىسىدە پۇت تىرەپ تۇرۇشى، چېن يۈن، تېڭ دەيۈەنلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال ـ ياراق ئەكەلگەندىن كېيىن، قىسىمنى قوراللاندۇرۇپ، بازا بەرپا قىلىش قارار قىلىندى.

40 نەچچە كۈنلۈك جاپالىق يۈرۈش ئارقىلىق قوشۇن ئاخىرى چىلييەنشەن تېغىدىن چىقتى (بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى كۆپ يولداشلار ئۆز ئەسلىمىلىرىدە بايان قىلىپ ئۆتكەن بولغاچقا، بۇ يەردە قايتا توختالمايمەن) ۋە 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا گەنسۇنىڭ ئەنشى ناھىيىسى تەۋەسىگە كىردى. ئەنشى شەھرىنى



ئېلىش ئۈچۈن بىر كۈن ئىلگىرى رازۋېتچىكلار ئېۋەتىلىپ شەھەر رازۋېتكا قىلىندى ۋە شەھەرنى ساقلاۋاتقان بىر ئىززۋوتلا ئەسكەر بارلىقى ئېنىقلاندى، شۇنىڭ بىلەن 2 ـ كۈنى شەھەرگە كېچىلەپ ھۇجۇم قىلىش قارار قىلىندى. پولكىمىز شەھەرگە يېقىنلاشقاندا كۈن تېخى پاتمىغان ئىدى. بۇ چاغدا دۈشمەن تەرەپ خۇبېي شىۋىسىدا سۆزلەيدىغان بىر ئەسكەردىن بىزگە بىر پارچە خەت ئېۋەتىپتۇ. خەتتە: سىلەر ھازىر ئاسمانغا چىققاي دېسەڭلار ئاسمان ئېگىز، يەرگە كىرەي دېسەڭلار يەر قاتتىق كۈنگە چۈشۈپ قالدىڭلار، ئالدىڭلاردا قۇملۇق، كەينىڭلاردا قوغلاپ كېلىۋاتقان قوشۇن، شەھەردە بولسا زور مۇداپىئە قوشۇنى بار، شۇڭا، تەسلىم بولغىنىڭلار ياخشى، دەپ يېزىلغان ئىدى. جەڭچىلەر ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن غەزەپ بىلەن: شەھەردە بارى ـ يوقى بىر ئىززۋوتلا ئەسكەر بار تۇرۇغلۇق يەنە بىزنى ئالدىماقچى بولۇشقىنىنى قارا، دەپ تىللاپ كېتىشتى. دۈشمەن تەرەپتىن كەلگەن ھېلىقى ئەسكەر: ئەسلىدە بىر ئىززۋوت ئىدى، بۈگۈن يەنە ليۇ تۈەنجاڭنىڭ بىر پولك پىيادە ئەسكىرى بىلەن بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر باتاليونى كەلدى، دېدى. لېكىن، بۇ چاغدا كۆپچىلىك شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئاچچىقىدا خەت ئېلىپ كەلگەن دۈشمەن ئەسكىرىنى ئېتىپ تاشلىدى.

شۇنىڭغا ئۇلاپلا پۈتۈن پولك شوتىلارنى تەييارلاپ شەھەرگە ھۇجۇمغا ئۆتتى. شەھەرگە ھەقىقەتەن بىر پىيادە پولك بىلەن بىر ئاتلىق باتاليون كەلگەن ئىكەن. شۇڭا جەڭ ناھايىتى قاتتىق بولدى. بىزنىڭ قوراللىرىمىز ناچار، ئەسكىرى كۈچىمىز ئاز، ئوق ـ دورىمىز كەمچىل بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئۇزۇن مۇساپىلىق يۈرۈشتىن كېيىن قوشۇنىمىز تېخى دەم ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەنلىكتىن، بىر كېچە جەڭ قىلىپمۇ ئەنشى شەھىرىنى ئالالمىدۇق. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن جەڭدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق. شەھەرنى ساقلاۋاتقان دۈشمەن قوشۇنى چېكىنگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ ئۇۋىسىدىن چۇۋۇلۇپ چىقىپ بىزنى قوغلاشقا باشلىدى، يەنە پۈتۈن بىر كۈن جاپالىق جەڭ قىلىپ، ئاخشىمى بولغاندا ئاران قورشاۋنى بۆسۈپ چىقتۇق ۋە كېچىلەپ شىنجاڭ تەرەپكە قاراپ چېكىندۇق. بىر كېچە - كۈندۈزدەك يول يۈرۈپ ئەنشى شەھىرىدىن 100 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى بەيدۈنزى دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق. ئەسلىدە بۇ يەردە ئازراق دەم ئېلىپ، سۇ ئىچىۋېلىپلا كېتىمىز دەپ ئويلىغانتۇق، لېكىن 4 - ئاينىڭ ھاۋاسى ئادەمنى تازا ئۇيقۇ باستۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولداشلار ئىككى كېچە - كۈندۈز جاپالىق جەڭ قىلغانلىقتىن ھەم قورسىقى ئېچىپ، ھەم ئۇسساپ قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئولتۇرۇشى بىلەنلا ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئويغانساق بىر ياش پېشىم ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. دۈشمەننىڭ قوغلاپ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال قوشۇننى يىغىپ يولغا ئاتلاندۇق، لېكىن كېچىكىپ قالغان ئىدۇق. ئەنشىنى ساقلاۋاتقان دۈشمەن ئاتلىق ئەسكەر باتالىيونى 3 تەرەپتىن قورشاپ كېلىپ بىزنى يۇلغۇنلۇقنىڭ چەتىدىكى قۇملۇققا قىستاپ قويدى. بىز بىر پولك بولساقمۇ لېكىن ئۇلار ئات ئۈستىدىكى ئۈستۈنلىكىدىن پايدىلىنىپ بىزگە كەينى - كەينىدىن ھۇجۇم قوزغىدى. بىز قۇم دۆۋىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلدۇق. لېكىن كۈندۈزى بولغانلىقى ۋە سۈرئەتتە ئاتلىق ئەسكەرلەرگە تەڭ كېلەلمىگەچكە قورشاۋنى



بۆسۈپ چىقىپ كېتەلمەي، دۈشمەن بىلەن تىركىشىپ قالدۇق.

ئاخشىمى بولغاندا دۈشمەننىڭ ئەنشى شەھىرىدىكى پىيادە ئەسكەرلەر پولكىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئالدى بىلەن بىزنى مىنامىيوتقا تۇتتى، بىر تەرەپتىن 10 نەچچە ئادەم چىقىم بولدى. گۇگۇم چۈشكەندە دۈشمەننىڭ پىيادە ۋە ئاتلىق قوشۇنى بىزگە تەڭلا ھۇجۇم قوزغىدى. بىز پۈتۈنلەي قاراڭغۇ چۈشكىچە چىڭ تۇرۇپ، ئاندىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن ھۇجۇم قوزغىدۇق. يولداش لى شيەنىيەن باشقا رەھبەرلەر باشلامچىلىق بىلەن قوشۇننى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يوچۇق ئاچتى، مەن ئارقا تەرەپنى مۇداپىئە قىلدىم. قاراڭغۇدا پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلەر، دۈشمەن بىلەن بىز گىرەلىشىپ كېتىپ، قوشۇن چېچىلىپ كەتتى. مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن، چېچىلىپ كەتكەن 8 يولداشنى تاپتىم. بىز توققۇز كىشى چوڭ يولدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي، شىنجاڭغا تۇتىشىدىغان سىم تاناپنى بويلاپ، چىغىر يول بىلەن، ئاچلىققا قارىماي قوشۇنىمىزنىڭ بۇرۇنقى ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە شىنجاڭ بىلەن گەنسۇنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان شىڭشىڭشياغا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق.

بىز ئالدى بىلەن داچۈەنگە بېرىپ، ئۇ يەردە توپلانغان پولكىمىزنىڭ 100 دەك كوماندىر - جەڭچىلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. ئەنشىگە ھۇجۇم قىلغاندىن تارتىپ داچۈەنگە يېتىپ كەلگەنگە قەدەر بولغان 3 كېچە - كۈندۈزدە بىز ئاران بىر ئوچۇمدىن قوناق يېدۇق، داچۈەنگە كەلگەندە بىر ۋاق ئوماچ ئىچتۇق. بىزنىڭ شۇ كۈنلەردە تارتقان جاپايىمىزنى مۇشۇنىڭدىنلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بىز 100 نەچچە ئادەم مالىيەنجىڭغا

يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بىزدىن بۇرۇن شىڭشىڭشياغا يېتىپ كەلگەن يولداش راۋزىجيەن بىزنى ئىزدەشكە ئەۋەتكەن يولداش بىلەن ئۇچراشتۇق ھەم ئۇنىڭدىن دەرھال شىڭشىڭشيانىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشتۇق. ئۇ بىزگە: «شىڭشىڭشيادا ئەھۋال ناھايىتى ياخشى. قېرىنداش قوشۇنلارنىڭ (شېڭ شىسەي قوشۇنى) بىزگە تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ياخشى، دۈشمەنمۇ بىزگە تېگەلمەيدىغان بولۇپ قالدى» دېدى، بۇنىڭ بىلەن جىددىيلىشىپ تۇرغان كۆڭلىمىز ئاخىرى جايىغا چۈشتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن شۇ چاغدا بىر باغلام چۆپنى ئاستىمغا سېلىپ، تاپانچامنى بېشىمغا قويۇپ، جۇۋامنى يېپىنىپ ياتقان پېتى توپ-توغرا 24 سائەت ئۇخلىغان.

ئويغانغاندىن كېيىن قوشۇننى باشلاپ شىڭشىڭشيا تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. مالىيەنجىڭدىن ئەمدىلا چىقىشىمىز بىلەن شىڭشىڭشيا تەرەپتىن بىزنى ئالغىلى كەلگەن بىر ئاپتوموبىلغا چىقىپ شىڭشىڭشياغا قاراپ يول ئالدۇق.

شىڭشىڭشياغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن يەنە ئۇ يەردە ئىككى قېتىم ئاپتوموبىل بىلەن بېيدۇنزى، ئەنشىلەردىكى جەڭ مەيدانلىرىغا بېرىپ، جەڭدە چېچىلىپ كەتكەن يولداشلارنى ئىزدىدىم. مەن ئىككىنچى قېتىم ماشىنا بىلەن شىڭشىڭشياغا قايتىپ كەلگەندە سىياسىي كومىسسار لى شيەنيەن قاتارلىق يولداشلارمۇ قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا قوشۇنىمىزدا 400 دىن ئارتۇق ئادەم توپلانغان ئىدى.

4-ئاينىڭ ئاخىرىدا، يولداش چېن يۈن، تېڭ دەيۈەنلەر 40 دەك ئاپتوموبىل، دوختۇر، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى، قورال-ياراق، كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنى ئېلىپ شىڭشىڭشياغا كەلدى. بىزدە ئاشلىق قىيىنچىلىقى بارلىقىنى كۆرۈپ يولداش چېن يۈن شىنجاڭنىڭ دۇبەنى شېڭ شىسەيگە بىۋاستە تېلېفون بېرىپ، ئايروپىلان بىلەن ئاشلىق يۆتكەپ كەلدى. بىز بۇرۇن چېن يۈننى تونۇمايتتۇق. بىر كۈنى كەچتە ئۇ بىزنى شېڭ شىسەي قوشۇنىدىن خېلى يىراق بىر جايغا باشلاپ بېرىپ: «مېنىڭ ئىسمىم چېن يۈن، مەركەزنىڭ ۋەكىلى بولىمەن»، «لۇشيەن خاتالىقى تۈپەيلىدىن غەربىي ئارمىيە مەغلۇپ بولدى، لېكىن يەنىلا قوشۇنىمىز بار، ئىنقىلاپ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە» دېدى. ئۇ چاغدا ئۇ لۇشيەن خاتالىقى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا ئانچە ئاشكارىلىمىغان ئىدۇق. شېڭ شىسەي قوشۇنىدىن يىراق جايغا بېرىپ بىزگە سۆز قىلىشتا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كۆزدە تۇتۇلغان ئىدى.

شىڭشىڭشيادا بىر ھەپتىدەك تۇردۇق. 5-ئاينىڭ 3-كۈنى، قىسمىمىزنىڭ فورمىسى تامامەن ئالماشتۇرۇلدى. بىز 40 دەك ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ شىڭشىڭشيادىن يولغا چىقىپ، 5-ئاينىڭ 8-كۈنى شىنجاڭنىڭ دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق.

ئۇزۇن ئۆتمەي 4 ئەترەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باش ئەترەت شتابى قۇرۇلدى، بۇ، سىرتقا نىسبەتەن يېڭى گازارما دەپ ئاتالدى (كېيىن يېڭى گازارمىدىن يۆتكەلگەن بەزى غوللۇق كۈچلەر، يەنئەندىن كەلگەن بىر قىسىم ياش ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىل قىلىنغان بىر ئاۋىئاتسىيە تەربىيىلەش ئەترىتى قوشۇلدى). باشتا باش ئەترەت ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى بولدۇم، 1938-يىلى كۈزدە باش ئەترەت (يېڭى گازارما) نىڭ سىياسىي كومىسسارى بولدۇم.

## شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلدىكى بەزى ئەھۋاللار

شىنجاڭدا باش ئەترەت (يېڭى گازارما) قورۇلغاندىن كېـ
يىن، تەشكىلى تۇرمۇشىمىز ناھايىتى ياخشى ئـورۇنلاشتـۇرۇلدى.
بىزنى كۈتۈش ئۈچۈن شياۋلى (ئىسمى فىڭ شـۇەن، يـەنئەنگـە
قايتقاندىن كېيىن چەتئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش بـۆلۈمىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى بولدى) بىلەن بوۋاي (يېشى چوڭ بـولغاچقـا
شۇنداق ئاتايتتۇق. ئىسمى ئېنىق ئەمەس) ئەۋەتىلدى. تامىقىمىز
ئىنتايىن مول بولۇپ ئۆزىمىزنى كۈندە زىياپـەت ئۈستىدە ئـول-
تۇرغاندەك ھىس قىلاتتۇق. مۇشۇنداق بىر مەزگىل ئـۆتكـەندىن
كېيىن، ناھايىتى ئېغىر جاپا - مۇشەققەت، خېيىم - خـەتـەرلەرنى
ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ يولداشلارنىڭ بۇنىڭغا كۆڭلى ئـۇ-
نىماي، ئۇلار سەينى ئازايتىپ، جاپالىق تۇرمۇش كۆچۈرۈشنى
تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئەسلىدە بۇ 400 نەچچە ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىغـا ئـو-
قۇشقا بارماقچى بولغان ئىدۇق. كېيىن خەلقارا ئىنتېرناتسىئونال-
دىن ئادەم بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، خەلقارا مۇناسىۋەتكە تـە-
سىر يېتىپ قالىدىغانلىقى، ئۇنداق جىق ئادەم بېرىشقا بولمايـ
دىغانلىقى، شىنجاڭدا ئۆگىنىش قىلىشىمىز كېرەكلىكى ھەقـقىدە
تېلېگىرامما كەلدى.

مەركەزنىڭ ۋەكىلى بولغان يولداش چېن يۈن (تەخەللۇسى
شى پىڭ) تەلىم - تەربىيىدە ياخشى، جانلىق ئۇسۇلنى قوللاندى.
ئۇ بىزگە باشتا جاڭ گوتاۋنىڭ خاتا لۇشيەنى ھەققىدە سـۆزلىـ
مەي، بەلكى ئاددى، چۈشىنىشلىك داۋلىلارنـى سـۆزلىدى، بىر
يەرگە يىغىپ چوڭ دەرس ئۆتمەي، بەلكى ئەھۋاللىشىش ئۇسۇ-



لىنى قولـلىنىپ، بۈگۈنى بۇ ئەترەتكە، ئـەتىسى ئـۇ ئـەترەتكە
بېرىپ، يولداشلارغا جاھـانگىرلىكنىڭ نىمـە ئىكەنلىكى، كاپىتا-
لىزىمنىڭ نىمە ئىكەنلىكى قاتارلىقلار ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

شىنجاڭدا «جاڭ گوتاۋ لۇشيەنى»گە قارشى تۇرۇش يـۈزد-
ىسىدىن ئىككى قېتىم تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى.

بىرىنچى قېتىملىقى 1937 - يىلى 12 - ئـايدا ئېلىپ بېـ
رىلدى. تارماق ئەترەتلەردە «جاڭ گوتاۋ لۇشيەنىگە قارشى تـۇ-
رۇش» يىغىنى ئېچىلدى. ئەينى ۋاقىتتا كـۆپچىلىك يـولداشلار
ئۇنى سىياسى لۇشيەندىكى خاتالىق ئەمەس، ھەربى لۇشيـەندى-
كى خاتالىق دەپ تونۇغانلىقى ۋە كاللىسىدىن ئۆتمىگەنلىكىدىن،
ھېچقانچە مەسىلە ھەل بولمىدى.

1938 - يىلىنىڭ بېشىدا يولداش چېن يۈن، تېڭ دەيىۋەن،
لى شيەننيەن قاتارلىق مەسئۇل يولداشلار يەنئەنگە قايتتى. مەركەز
ئـۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا يولداش دېڭ فا (تەخەللۇ-
سى فاڭ لىڭ) نى ئەۋەتتى. شۇ يىلى يازنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە
«جاڭ گوتاۋ لۇشيەنى» گە قـارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن 2 - قېتىمـ
لىق تەربىيە ئۇيۇشتۇرۇلدى. باشتا بۇ بـەزى كىشىلـەرنىڭ كال-
لىسىدىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن چـوڭقـۇر ئېلىپ بېرىلغان
تەربىيە ئارقىلىق ئۇلار بىردىنلا ئىشنىڭ تېگىنى چۈشىنىۋالدى.
نۇرغۇنلىغان يولداشلار: بۇندىن بۇرۇن مەس ئـادەمدەك گـاڭگىـ
راپ يۈرگەن ئىكەنىمىز، ئەمدى ئويغاندۇق، خاتا قىلغىنىمىزنـى
تونۇۋالدۇق دېيىشتى. قىسمىنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئـۇچـ
رىغانلىقى، نۇرغۇن سەپداشلارنىڭ قۇربان بولغانلىقـى، بـەرپـا
قىلىنغان بـازىلارنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى يولداشلارنى قاتتىق
چۆچۈتتى. بەزى يولداشلار ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئېسىمدە

قىلىشىچە، شۇ ۋاقىتلاردا ئايرىم ساندىكى يـولداشلار خـاتالىقـ
نى ئېتىراپ قىلمىغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ دۇـ
بەنى شېڭ شىسەي ئىچكى، تاشقى زىددىيەتلەرنىڭ تەرەققىياتى
تۈپەيلىدىن بىر مەزگىل پارتىيىمىز بىلەن ھەمكارلىشىپ ياپون
جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنـى بىلدۈردى. لېكىن ئـۇ
باشتا يېڭى گازارمىدىن سـەل ئېھتىيـات قىلدى. ھـەر قېتىم
كەلگەندە بىر مۇھاپىزەتچى ئەترەتنى بىللە ئەكىلىپ، 4 ئەتراپـ
قا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن گـازارمىمىزغـا كىـ
رەتتى. كېيىن قايسىدۇ بىر نازىر قوزغىلاڭ كـۆتىرىپ، شېڭ ـ
شىسەينى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا يېڭى گازار
مىمىز شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلاشقان ئىدى، بۇنىڭ بىلەن بـۇ
نازىر يەڭگىللىك بىلەن قول سېلىشقا جۈرئەت قىلالماپتـۇ. بـۇ
ئەنزە پاش بولۇپ، شېڭ شىسەي بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېـ
يىن، ئۇنىڭ يېڭى گازارمىمىزغا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئۆزگەرـ
دى، گازارمىمىزغا ھەر ھەپتىدە بىر كېلىدىغان، كەلگەندە پەـ
قەت بىرلا مۇھاپىزەتچى ئېلىپ كېلىدىغان بولدى.

شېڭ شىسـەي بىزنىڭ «1 ـ ئىيۇل»، «1 ـ ئـاۋغـۇست»،
«1 ـ ماي» دەك بەزى خاتىرىلەش يىغىنلىرىمىزغىمۇ قاتنىشاتـ
تى. «1 ـ ئىيۇل» نى خاتىرىلەش يىغىنىدا سـۆز قىلمـاي بىر
چەتتە ئاڭلاپ ئولتۇراتتى، «1 ـ ئاۋغۇست» نى خاتىرىلـەش يىـ
غىنىدا بەزىدە سۆزلەپمۇ قوياتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ سوۋېت ئىتـ
تىپاقىغا يېقىن ئىدى، 3 مەسلەكنى ياقلايتتى، كوممۇنىزىمنى
ياقلىمايتتى. ئۇنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتـ
تىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئىتتىـ
پاق بولۇش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى ئىسلاھ



قىلىشتـىن ئىبـارەت 6 بـۈيۈك سىياسىتى بار ئىدى. ئۇ باشتا
جياڭ جيېشىگە يۆلەنمەي، ھەممە ئىشتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا يـۆـ
لەنگەن ئىدى، كېيىن جيـاڭ جيېشىنـى ھىمـايـە قىلىپ، بىر
مۇنچە ئىنقىلاۋىي يولداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقىنىڭ قان قەرـ
زىگە بوغۇلدى.

شىنجاڭدىكى ئەھۋالىمىز ئەسلىدىلا ياخشى بـولۇپ، يېڭـى
گازارمىنىڭ تەسىرى زور ئىدى. ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناـ
سىۋىتىمۇ ياخشى ئىدى. مەسىلەن، بىرەر نـەرسـە سېتىۋالماقچى
بولساق، يېنىمىزدا پۇل يوق بولغان ئەھۋالدا ئۆزىمىزنىڭ يېـ
ڭى گازارمىدىن ئىكەنلىكىمىزنى، پۇلنى قايسى ۋاقىتتا ئـەكىلىپ
بېرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتساقلا كېرەكلىك نەرسىنى ئېلىپ كېتىشـ
كە بولۇۋېرەتتى. قىسمىمىز ئاممىۋى ئىنتىزامغىمـۇ يـاخشى رىـ
ئايە قىلدى، ئەلۋەتتە. شېڭ شىسەي قوشۇنى بىلـەنمۇ يـاخشـى
ئۆتتى. باشتا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش يۈزىسىدىن ئۆزىمىزنى يېـ
ڭى گازارما دەپ ئاتىدۇق. كېيىن ئۇلار ئاستا ـ ئـاستا بىزنىڭ
قىزىل ئارمىيە، كومپارتىيە قوشۇنى ئىكەنلىكىمىزنى بىلدى. بەـ
زىدە كـەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئـويـۇن
ئوينايتتۇق، ۋاسكىتبول ئوينايتتۇق، ئادەتتىمۇ بىللە ھەربى مانىـ
ۋېر ئېلىپ باراتتۇق. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا ئۇ تەرەپتىكى قوشـۇن
ئىچىدىمـۇ بىر قىسىم پارتىيە، ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنى تەـ
رەققىي قىلدۇرغان بولساق ياخشى بولار ئىكەن. لېكىن بىز بـۇ
جەھەتتە خىزمەت ئىشلىمەپتۇق.

1939 ـ يىلىنىڭ 9 ـ ئاي مەزگىلىدە، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا
تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئالمىشىپ يولداش چېن تـەنچيۇ (تەخەللۇسـى
شۇ جيې) كەلدى.شېڭ شىسەي جياڭ جيېشى بىلەن تىل بىرىكتۈـ

رۇپ، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدا پات-پات سۈركۈلۈش يۈز بېرىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ۋە شېڭ شىسەي جىياڭ جېيشى شىنجاڭدا مەكتەپ قۇرماقچى ئىدىگەننى باھانە قىلىپ، شىنجاڭدىن كېتىشىمىزنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن، 2-يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭدىن يەنئەنگە قايتماقچى بولدۇق. يولداش چېن تەنچيۇ بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ يەنئەنگە قايتىشىمىزنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەينى ۋاقىتتا مەن باش ئەترەتنىڭ سىياسىي كومىسسارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتاتتىم (ئەترەت باشلىقى زىڭ يۈلياڭ، مۇئاۋىن كومىسسار زۇ كەيشۇن ئىدى). مەركەز، مەن بىلەن زىڭ يۈلياڭ، زۇ كەيشۇن ئۈچىمىزنىڭ قوشۇننى باشلاپ يەنئەنگە قايتىپ كېلىشىمىز توغرىسىدا بۇيرۇق تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. شىنجاڭدىن ئەمەلىيەتتە 4 ئەترەت چېكىنىپ چىقتى، ئاۋىئاتسىيە تەربىيەلەش ئەترىتىنىڭ مەشقى تېخى ئاياغلاشمىغانلىقتىن ئۇلار قېپ قالدى، نەتىجىدە كېيىن ھەممىسى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى.

## يەنئەنگە قايتىش جەريانىدىكى جاپالىق سەپەر

1940-يىلى 1-ئاينىڭ 11-كۈنى، 400 دەك ئادەم 30 نەچچە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىن يەنئەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بىز بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گومىنداڭغا ياردەم بەرگەن قورال-ياراقلىرىنى لەنجۇغا ئېلىپ ماڭغان 30 نەچچە ئاپتوموبىلمۇ تەڭ يولغا چىقتى. بۇ ئاپتوموبىللارنىڭ ئۈستى بىرزىنت يوپۇق بىلەن قاتتىق چۈمە-



كەلگەن بولۇپ، ھېچقانداق ئادەمنىڭ يېقىن بېرىشىغا يول قويۇلمايتتى. ستالىننىڭ جىياڭ جېيشىغا ياردەم بېرىپ، كومپارتىيىگە ياردەم بەرمەسلىكى خاتا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، بىز 400 ئادەمدە 30 دانە مىلتىق بىلەن شېڭ شىسەي باش قوماندانى جۇ دېغا سوغا قىلغان 3 دانە دېسكىلىق پىلىموت بار ئىدى. ئۇزۇن سەپ بولۇپ كېتىپ بارغان 60 نەچچە ماشىنا ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

ئېسىمىزدىن چىقمايدىغىنى، ۋەكىل چېن تەنچيۇ بىزنى 200 نەچچە چاقىرىم يەرگىچە ئۇزۇتۇپ كېلىپ، يولداشلارغا سۆز قىلىپ خوشلاشتى. ئۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا: «يولداشلار، بىز ئايرىلىدىغان بولدۇق، كېيىن يەنە قاچان كۆرۈشەلەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. يەنئەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ماۋجۇشىنىڭ سۆزىنى ئوبدان ئاڭلاپ، مەركەزنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىش قىلىڭلار» دېدى. ئۇ بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئۆگىنىش روھىمىزغا يۇقىرى باھا بەردى، سۆزلەۋېتىپ گېلى بوغۇلۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ۋەكىل چېن تەنچيۇ بىلەن ئۆتكەن كۈنلەردىكى ئۇنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى، دېموكراتىك ئىستىلى، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە يولداشلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش، سەمىمىي مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپ، 30 نەچچە ماشىنىدىكى يولداشلارنىڭ ھەممىسى كۆز يېشى قىلدى، خېلى جىق يولداشلار ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

بۇ قېتىمقى ئايرىلىشنىڭ مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىش ئىكەنلىكىنى ئۇ چاغدا كىممۇ خىيالىغا كەلسۇن! 1943-يىلى 9-ئايدا، يولداش چېن تەنچيۇ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

يەنئەنگە قايتىش سەپىرىمىزدە گومىنداڭنىڭ مابۇفاڭ قو-
شۇنى قەدەمدە بىر ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇپ، قاتمۇ-قات تو س-
قۇنلۇقلارنى پەيدا قىلىپ، ۋەقە تۇغدۇرۇپ، بىزنى ئۇجۇقتۇرۇۋې-
تىشكە ئۇرۇندى. بىر كۈنى، گەنسۇنىڭ يۇنچاڭ ناھىيىسىگە
يېتىپ كەلدۇق. ماشىنا ئەترىدىمىز ئەمدىلا شەھەرگە كىرىش
بىلەن ما بۇفاڭنىڭ بىر ئاتلىق ئەسكەر باتالىيونى بىزنى
تىزىلىپ تۇرۇپ قارشى ئالدى. ئۇلار بىزنىڭ غەربىي ئارمىيە-
نىڭ قالدۇق قىسمى ئىكەنلىگىمىزنى ئۇقماي، بىزنى ۋەتەنگە
قايتىپ كەلگەن مۇھاجىرلار بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قاپتۇ.
بىز ماشىنىدىن چۈشمىگەندە، ئۇلار «مۇھاجىرلارنىڭ ۋەتەنگە
قايتىپ كېلىپ ياپون جاھانگىرلىگىگە قارشى تۇرۇشىنى قارشى
ئالىمىز» دەپ شۇئار تۇۋلىغان بولسا، ماشىنىدىن چۈشۈشىمىز
بىلەنلا خۇددى نۇرغۇن دۈشمەنگە دۈچ كەلگەندەك بولۇشۇپ،
بىر قىسمى شەھەر سىرتىغا مۇداپىئەلىنىشكە چىقىپ كەتتى،
سېپىل دەرۋازىسىنىمۇ تاقىدى، بىز دەم ئالغان جايغا تولۇق
قوراللانغان قاراۋۇللارنى تۇرغۇزدۇەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ
بازارنى بىر ئايلىنىپ چىقتىم، قارىسام ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى-
نىڭ ھەممىسى قورال-ياراقلىرىنى سۈرتىۋېتىپتۇ، ئۇلار مېنى
كۆرۈپ بەزىلىرى مىلتىقىنىڭ زاتورىنى شاراقشىتىپ مېنى ئېتىۋې-
تىدىغاندەك ھەيۋە قىلدى. مەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ
گازارمىسىدا 4-يۈنلۈش ئارمىيىسىدىن ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان
بىرمۇنچە ئايال ئەسكەرلەرنى كۆردۈم، ئۆزئارا تونۇشلۇق بەرگەن
بولساقمۇ، لېكىن گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق. ئۇلارنىڭ
مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاپتوموبىل
ئەترىدىنىڭ باشلىقىغا ئەھۋالنى ئېيتتىم، ئۇ ماڭا: «بىرەر ئەھ-



ۋال بولۇپ قالغاندا 5 مىنۇت چىداشلىق بېرەلەيدىغانلا بولساڭ-
لار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوغلاپ چىقىرىمىز» دىدى. سوۋېت ئىت-
تىپاقى ئاپتوموبىل ئەترىدىنىڭ شوپۇرلىرى ئەھۋالنىڭ باشقىچە
ئىكەنلىگىنى بىلىپ، ماشىنىدىن چۈشۈپ بىردىن پىلىموتنى
كۆتۈرۈشۈپ سېپىل ئۈستىگە چىقتى.

كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاپتوموبىل ئەترىدىنىڭ باشلىغى
ما بۇفاڭ قوشۇنىنىڭ باشلىغىنى تېپىپ ئۇنىڭغا: «سىلەرنىڭ
بۇ نىمە قىلغىنىڭلار؟ ئۇلار تۇرغان جايغا نىمە ئۈچۈن قاراۋۇل
قويۇسىلەر؟» دەپ ۋاقىرىدى، ما بۇفاڭ قوشۇنىنىڭ باشلىغى
قىلىدىغان گەپ تاپالماي: «شۇنداق، شۇنداق، بىز ئۇلارنى
مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان» دىدى. مەن خاپا
بولغان ھالدا: «سىلەرنىڭ ‹ياخشى نىيەت›ڭلارغا رەخمەت، بىزنى
مۇھاپىزەت قىلىشىڭلارنىڭ ھاجىتى يوق، قاراۋۇللىرىڭلارنى ئېلىپ
كېتىڭلار» دىدىم. شۇنداق قىلىپ بىز ئۇ يەردە بىرۋاخ تاماق
يەپ، ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى سېپىل دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەر-
گەندىن كېيىن يۇنچاڭ ناھىيىسىدىن چىقىپ كەتتۇق، بىر كۈنى،
شەنشىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر ناھىيىگە يېتىپ كەلگەندە
كۈن تېخى پاتمىغان ئىدى. بىز ئولتۇرغان 30 نەچچە ئاپتوموبىل
بىر جىلغا ئىچىدىكى تۈزلەڭلىكتە توختىدى، ئالدىمىزدا بىر چوڭ
دەريا بار ئىدى. بۇ چاغدا مالۇنىڭ قوشۇنى ئەتراپتىكى تاغ-
دىكى ئەپلىك يەرلەرنى ئىگەللەپ، پىلىموتلىرىنى بەتلەپ، بىزنى
توسىۋالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىدى لەنجۇدا
قېلىپ قالغان ئىدى. بىز، بىز بىلەن بىرگە كېلىۋاتقان گومىن-
داڭ كېڭەش پالاتاسىنىڭ دېڭ فامىلىلىك بىر ئەزاسىنى قارشى
تەرەپ بىلەن سۆزلىشىشكە ئېۋەتتۇق، ئۇ يېرىم كېچىگىچە قايتىپ

كەلمىدى، كېيىن سۆزلىشىشكە يەنە ئۆزىمىزنىڭ بىر ئادىمىنى ئەۋەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جەڭ ھازىرلىقىنىمۇ كۆرۈپ قويدۇق. بىزدە ئاران 30 تال مىلتىق بىلەن 3 دانە يېنىك پىلىموت بار بولۇپ، ئېتىشىپ قالساق خەتەرلىك ئىدى، لېكىن قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشقىمۇ بولمايتتى. تەڭ كېچىدىن ئۆتكەندە ھېلىقى پارلامېنت ئەزاسى قايتىپ كېلىپ: «كومىسسار، ئەھۋال خەتەرلىك تۇرىدۇ، ئۇلار بىزنى ئوجۇقتۇرماقچى بولۇۋېتىپتۇ» دېدى. مەن: «بۇنى بىلدۇق، بۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈپمۇ قويدۇق، بىز ئالدى بىلەن ئوق چىقارمايمىز، ئۇلار ئوق چىقىرىدىكەن، بىزمۇ جاۋاپ قايتۇرىمىز، ئۇلار پايدا ئالالمايدۇ» دېدىم.

مالۇ نېمە ئۈچۈن بىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ؟ ھېلىقى پارلامېنت ئەزاسىنىڭ سۆزىدىن قارىغاندا، يېقىندا، شۇ ئەتراپتىكى فۇشيەن ناھىيىسىدە گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن 8-ئارمىيە قوشۇنى توقۇنۇشۇپ قېلىپ، 8-ئارمىيە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسىرگە ئاپتۇ، مالۇنىڭ بۇ ناھىيىدە خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتكەن 2 پەۋقۇلئاددە خادىمىنىمۇ شۇ قاتاردا 8-ئارمىيە تۇتۇپ قالغان. مالۇ شۇنى بانا قىلىپ، بىزدىن ئۆچ ئالماقچى بولغان ئىكەن. ئاخىرىدا، ئۇلار بىلەن تەڭ كېچىگىچە سۆزلەشتۇق. گومىنداڭنىڭ ھېلىقى پارلامېنت ئەزاسى 8-ئارمىيە بىلەن كېڭىشىپ مالۇنىڭ 2 پەۋقۇلئاددە خادىمىنى بوشۇتۇۋېلىشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىنلا، ئۇلار ئاندىن بىزگە يولنى ئېچىپ بەردى.

قىسىم كېچىلەپ مېڭىپ، تاڭ ئاتقاندا لۇچۈەن ناھىيىسىگە يېتىپ باردى.



يەنئەنگە قايتىش سەپىرىمىزدە، يول بويى دىگىدەك مابۇفاڭ قوشۇنىنىڭ يولسىزلىق بىلەن قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشىغا ئۇچراپ تۇردۇق، 4 قېتىم ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدۇق. بەزىلىرى، سىلەر قورال-ياراقنى نىمە قىلىسىلەر؟ دەپ سورايتتى. بىز، باندىتلاردىن مۇداپىئە كۆرىمىز، دەپ جاۋاپ بېرەتتۇق، ئۇلار ھېچنىمە دېيەلمەيتتى. بەزىلىرى تەكشۈرۈشنى بانا قىلىپ ئايال يولداشلىرىمىزنى ھاقارەتلەيتتى، بۇنىڭغا غەزەپلەنسەكمۇ، ئۇلارغا قول تەگكۈزەلمەيتتۇق. ھەقىقەتەنمۇ قاتمۇ-قات توسقۇنلۇق ۋە خېيىم-خەتەرلەرگە دۇچ كەلگەن ئىدۇق.

1940-يىلى 2-ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر كۈنى كەچتە ئاخىرى كېچە-كۈندۈز ئىنتىزار بولغان يەنئەنگە — ماۋجۇشىنىڭ يېنىغا — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قويىنىغا قايتىپ كەلدۇق.

## يەنئەندىكى بەختىيار كۈنلەر

قارىغاندا يەنئەن تەييارلىق كۆرۈپ تۇرغان ئىكەن. بىز يەنئەنگە كىرىشىمىز بىلەنلا يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تىزىلىپ تۇرغان، خۇشال-خۇراملىققا چۆمگەن ئارمىيە-خەلق بىزنى شۇئار توۋلاپ، داقا-دۇمباقلارنى چېلىپ، پوجاڭزىلارنى ئېتىپ قارشى ئالدى. كەيپىياتنىڭ قىزغىنلىق دەرىجىسىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز خۇشاللىققا چۆمدى. مەن خۇشاللىق، ھاياجانلىق ئىچىدە يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى كىشىلەرگە قول پۇلاڭلىتىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇ ئۇنتۇلماس مەنزىرىنى

تولۇق كۆرەلمەي قالدىم. ئارقىدىنلا، قومۇشتىن ياسالغان بىر ئاددى زالدا قارشى ئېلىش يىغىنى ئېچىلدى، سەھنە ۋە زال ئىچى يوپ-يورۇق يورۇتۇلغان، تۆت ئەتراپقا ئالا-بېشىل شوئارلار چاپلىۋېتىلگەن ئىدى. ماۋجۇشى، چېن يۈن، تېڭدەيىۈەن، دىڭ فا قاتارلىق باشلىقلار سەھنىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى، يىغىندا كىمنىڭ رىياسەتچىلىك قىلغانلىقى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە ئالدى بىلەن مەن غەربىي ئارمىيىدىكى 400 نەپەر كوماندىر، جەڭچىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدىم: «يولداشلار، بىز يەنئەنگە — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قوينىغا — ماۋجۇشىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدۇق، بىز نېمە دېگەن بەختلىك! بۇندىن كېيىن ماۋجۇشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىمىز، مەركەزنىڭ يوليورۇقىنى ئىجرا قىلىشىمىز، رەھبەرلىككە بوي سۇنۇشىمىز لازىم. بۇندىن بۇرۇن 10 نەچچە يىل خاتا ئىش قىلىپ مەغلۇپ بولدۇق، بۇندىن كېيىن ماۋجۇشىغا ئەگىشىپ، ئىنقىلاپنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم............».

مەن يېرىم سائەتتەك سۆزلىدىم. سۆزۈمنىڭ مەركىزىي تېمىسى جاڭ گوتاۋغا ئەگىشىپ 10 نەچچە يىل خاتا ئىش قىلغانلىقىمىزغا ئەپسۇسلىنىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇندىن كېيىن ماۋجۇشى سۆز قىلدى، ئۇ ئالدى بىلەن بىزگە يۈكسەك باھا بېرىپ: «سىلەر خاتا قىلمىدىڭلار، توغرا قىلدىڭلار، سىلەر ئىنقىلاپنىڭ مىڭ سەرلەپ ئالتۇنىغىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان قىممەتلىك بايلىقى» دېدى. جاڭ گوتاۋنىڭ چوڭقۇر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بىز مۇشۇ جەڭچىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا يەنە



نېمە بار!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەممىمىزنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى، ئالقىش ساداسى ئۇزۇنغىچە بېسىلمىدى. ماۋجۇشى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئىلگىرىكى ئىشقا سىلەر ئەمەس، جاڭ گوتاۋ جاۋابكار، ئۇ خاتا قىلدى، خاتالىق سىلەردە ئەمەس، بۇندىن كېيىن تەجرىبە-ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ ياخشى ئىشلەڭلار. ئاخىرقى غەلىبە بىزگە مەنسۇپ.........» دېدى.

يىغىن قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئاياغلاشتى. ماۋجۇشىمۇ يېرىم سائەتتەك سۆزلىدى. 40 يىل ئۆتۈپ كەتكەچكە تەپسىلى ئەھۋاللار ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ.

يەنئەندە، ماۋجۇشى، باش قوماندان جۇدې ئايرىم-ئايرىم ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركەزدىكى رەھبىرى يولداشلار، مەركىزىي كومىتېتقا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلارغا ۋاكالىتەن زىياپەت بېرىپ بىزنى كۈتىۋالدى. يەنئەندە تۇرغان مەزگىلدە ھەر كۈنى ئاق ئۇن تامىقى يەپ، قارا ئاشلىق يەپ باقمىدۇق، لېكىن، مەركىزىي كومىتېتنىكى رەھبەرلەر بىلەن مەركىزىي كومىتېتقا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ ھەممىسى قارا ئاش، سوك يەيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەركەزدىكى باشلىقلاردىن بىرى بىزگە بىرلىكسەپ، سىياسەت، ھەربىي ۋەزىيەت ھەققىدە دەرس ئۆتۈپ، سىياسىي تەربىيە ئېلىپ باردى، چۈشتىن كېيىن يەنئەننى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق ۋە «قىزىل قوياش» دىرامىسىنى كۆردۇق.

شۇ يىلى 3-ئاينىڭ بېشىدا، تەشكىل مەن بىلەن

راۋ زىجيەننى 100 نەچچە ئادەم بىلەن بېكى 4 - ئارمىيىنىڭ 5 - دىۋىزىيىسىدە خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتتى. مەن ئىنىستروكتور بولدۇم، راۋ زىجيەن ئەترەت باشلىقى بولدى. كېيىن يول ئۈستىدە ئەھۋال ئۆزگىرىپ قالغانلىقتىن، 5 - دىۋىزىيىگە يېتىپ بارالماي، ڤېك شۈفېڭنىڭ 4 - دىۋىزىيىسىدە ئىشلەشكە قالدۇرۇلدۇق. بېكى گازارمىدىكى بىزدىن باشقا 300 نەچچە كىشىنىڭ قايەرگە تەقسىم قىلىنغانلىقىنى ماڭا نامەلۇم.

(پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش ئىشخانىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن رەتلەپ چىقىلدى)

1982 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.



# جاۋدەننىڭ شىنجاڭغا قىلغان سەپىرى

ۋاڭ ۋېيى

جاۋدەن شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە، ئۆزىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا تولغان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ پىشكەللىككە دۇچ كەلدى. بۇ پىشكەللىككە ئۇچرىغانلار: جاۋ دەن، شۇ تاۋ، جۇ جىڭمىڭ، يى لىپى ۋە مەن ئىدىم. شۇ تاۋ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دا ناھەق ئۆلۈپ كەتتى. يى لىپى بولسا شىنجاڭ تۈرمىسىدە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ئەمدى جاۋ دەنمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. خەلقنىڭ بۇ سەنئەتكارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، دوستلارنىڭ ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ جاۋ دەن ۋە شۇنداقلا كۆپچىلىككە تونۇش بولغان «دېڭىز ئەرۋاسى» ۋە «گۇەن خەنچىڭ» قاتارلىق داڭلىق فىلىملارنىڭ رېژىسسورى شۇ تاۋغا بولغان چۈشىنىشىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭ سەپىرى ھەققىدە بىرەر نەرسە يېزىش مەجبۇرىيىتىم بار.

1938 - يىلى ۋۇخەن قولدىن كەتتى. مەن ۋاقىتلىق مەركەز قىلىنغان چۇڭچىڭغا بېرىپ يۈز كۆرۈشمىگىلى بىرىم يىلدىن ئاشقان جاۋدەن بىلەن ئۇچراشتىم. شۇ چاغدا ئۇ ئەمگەك سىڭدۈرگەن «ئا Q نىڭ تەرجىمىھالى» ئويۇنلىۋاتاتتى. مەن جۇڭگو كىنو ئىستودىيىسىگە تەييارلىغان «ھۆرلۈك ۋە تېچلىق ئۈ-

چۈن كۆرەش» دىگەن فىلىمىمۇ ئىشلىنىشكە باشلىغان ئىدى.

كىيىنچە، جاۋدەن ئىككەيلەن «شاڭخەيدىكى لەمپە تەكتىدە»، «بىر يىل ئىچىدە»، «بارچە خەلق سەپەرۋەرلىككە كىلەيلى» دىگەن ئويۇنلارنى قويدۇق. بىزدە بىر ئورتاق ئارزۇ بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ سەھنە سەنئىتىدە پايدىلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، بىز بۇ ئويۇنلارنى ئىجتىمائى تەشكىلاتلاردىن پايدىلىنىپ، چۆچەكدىكى داڭلىق ئارتىستلار بىلەن ھەمكارلىشىپ سەھنىگە ئېلىپ چىققان ئىدۇق. بۇ چاغدا بىز، ئارتىستلار ئوخشاش بىر رولغا چىققاندا، ئۇلارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ بىردەك بولماسلىقى ۋە ئۆز ئارا ماسلىشالماسلىقتەك ئەھۋالنى سەزدۇق. چوڭ ئارتىستلارنىڭ ھەممىسىدە تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتەك ئىپادىلەش ماھارىتى بار ئىدى، بۇ خۇددى «سەككىز خىنىم سەككىز خىل سەنئەمگە دەسسەپتۇ» دىگەندەك ئوخشاش بىزدە چوڭقۇر تەسىرات پەيدا قىلدى. بىز ئويۇن كۆرستىش مەلۇم ئىدىيىۋى ئەقىدىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، ئەدىبى جەھەتتىمۇ تولۇق بىرلىككە كېلىش كېرەك، دىگەن تونۇشقا كەلدۇق. لېكىن بۇنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، بۇ بىزگە نامەلۇم. دەل مۇشۇ چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ستانىسلاۋىسكىنىڭ ئويۇن كۆرستىش سىستىمىسى تەرجىمە ئارقىلىق تاغ شەھرى (چۆچەك) گە يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بىزدە كۈچلۈك ئىستەك پەيدا بولۇپ، جۇڭگودىمۇ موسكۋادىكى بولشوي تىياتىرخانىسىغا ئوخشاش تىياتىرخانا قۇرۇپ، جۇڭگو ئەنئەنىسىگە ئىگە تىياتىر قويۇش سىستىمىسىنى تىكلەش ئارزۇسىدا بولدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى ئالدى بىلەن



موسكۋا بولشوي تىياتىرخانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ ئۆگىنىش كېرەك ئىدى، بىراق بۇ ئەينى چاغدا پەقەتلا قۇرۇق خىيالدىنلا ئىبارەت ئىدى. بۇ خىل تونۇش، بىز بىلەن ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان سەھنە سەنئىتىدە ھەمنەپەس بولۇپ كەلگەن سەھنە لايىھەچىسى جۇ جىڭمىڭگىمۇ تەسىر قىلدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئويۇن تارقىغاندىن كىيىن ئۇچەيلەن جىم - جىت كوچىدا سەيلە قىلىپ ئۆيگە ماڭغاچ ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل غايىلىرى ھەققىدە پاراڭلاشقان ئىدۇق. گەرچە بىرەر خۇلاسىغا كېلەلمىگەن بولساقمۇ، بىراق بىر خىل غۇۋا ئىشەنچ قەلبىمىزدە بىخلىنىشقا باشلىدى.

بىر تەسادىپى ئەھۋالدا چۆچەكدە ئېچىلغان مەملىكەتلىك گېزىت كۆرگەزمىسىدە ناھايىتى ناچار بېسىلغان بىر پارچە «شىنجاڭ گېزىتى» نى كۆرۈپ قالدۇق، ئۇنىڭدا يېزىلغان بىر خەۋەردە دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) دىكى مەلۇم بىر قىزلار گىمنازىيىسىدە سىنىپلار ئارا دىراما مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، دەپ يېزىلىپتۇ. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا چوڭ شەھەرلىرىدە زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئىش ئىدى. بىز، شىنجاڭدا دىرامىغا چوقۇم ئەھمىيەت بېرىلىسە كېرەك دەپ ئويلىدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە دۇجۇڭيۈەننىڭ «شېڭ شىسەي ۋە يېڭى شىنجاڭ» دىگەن ئەسىرىنى ئوقىدۇق. ئۇنىڭدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» تىن ئىبارەت ئاتالمىش 6 بۈيۈك سىياسەت نۇقتىلىق تەرىپلەنگەن ئىدى. بولۇپمۇ، شىنجاڭدا كۆپلىگەن سوۋېت مۇتەخەسس-

سىسلىرى قۇرۇلۇشقا ياردەم بېرىۋاتىدۇ، شىنجاڭدىن ھەر يىلى
نۇرغۇن ئوقۇغۇچى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇپ ئوقۇشقا ئەۋەتىلى-
دۇ، دېگەن سۆزلەر كىشىنى تېخىمۇ جەلپ قىلاتتى. دۇجۇڭيۈەن
بۇرۇن ياپون جاھانگىرلىرىگە قارشى گېزىت چىقارغان ۋەتەنپەر-
ۋەر سانائەتچى بولۇپ، ئۇنىڭ كىتاۋىغا بىز قەتئىي ئىشەندۇق.
بىز خۇددى يېڭى قۇرۇغلۇق تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ،
ئالدى بىلەن شىنجاڭغا بېرىپ، ئاندىن شىنجاڭدىكى دائىرىلەردىن
بىزنى موسكۋا بولشوي تىياتىرىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىشنى ئىلتىماس
قىلماقچى بولدۇق، ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن
كېيىن شاڭخەيگە قايتىپ كېلىپ جۇڭگو سەنئەت تىياتىرخانىسىنى
ئۇيۇشتۇرماقچى، جۇڭگونىڭ دىراما ئويۇن كۆرسىتىش سىستېمى-
سىنى تەكلىمەكچى بولۇشتۇق.

بىراق شىنجاڭغا قانداق بېرىش كېرەك؟ قەيەردىن يول
تېپىش كېرەك؟ دەل مۇشۇ چاغدا گېزىتتە چوڭچىلىك «تۇر-
مۇش كىتابخانىسى» نىڭ شىنجاڭ شۆيۈەنگە ۋاكالىتەن ئوقۇغۇچى
قوبۇل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش بېسىلىدى. شۇ
كۈنلەردە، «تۇرمۇش كىتابخانىسى» دا تەھرىر بولۇپ تۇرغان
شى مېي مېينىڭ دىراما ئەسىرىمنى نەشر قىلىش ھەققىدە مەن
بىلەن ئۇچراشقان ئىدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «تۇرمۇش
كىتابخانىسى» نىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سورۇ-
دۇم ۋە ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشى ۋە دۇجۇڭيۈەنلەرنىڭ شىنجاڭدا
ئىكەنلىكىنى، «تۇرمۇش كىتابخانىسى» نىڭ شىنجاڭدا شۆبە
كىتابخانا قۇرۇش پىلانىدا بولىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. بۇ خەۋەر-
لەر بىزنىڭ شىنجاڭغا بېرىش ئىرادىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.
بىز زۇتاۋفېن ئەپەندىدىن (تۇرمۇش كىتابخانىسىنىڭ مەسئۇلى)



بىزنىڭ شىنجاڭغا بېرىشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىنى
سورىدۇق، ئۇ ئۇقۇشۇپ باقماقچى بولدى. ئىككى كۈندىن كې-
يىن شى مېي كېلىپ، زۇ تاۋفېن سىلەرنى تونۇشتۇرۇشقا قوشۇلدى
ھەم سىلەر بىلەن بىۋاستە سۆزلەشمەكچى بولىدى، دېدى.
زۇتاۋفېن بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ بىزنى شىنجاڭغا بېرىشقا
رىغبەتلەندۈردى. ماۋ دۇن، جاڭ جۇڭشى ۋە دۇ جۇڭيۈەنگە تېلېگ-
راممىا بەرمەكچى بولدى. بىز نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن
ماۋدۇن قاتارلىقلارنىڭ جاۋاپ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئال-
دۇق. ئۇنىڭدا ئاساسەن: بۇ ئىشنىڭ شېڭ شىسەيگە مەلۇم
قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ قارشى ئالىدىغانلىقى، بىراق شىنجاڭنىڭ
تۇرمۇشى جاپالىق بولۇپ، بىزنىڭ ئاماقلىق بىلەن ئويلىشى-
مىز كېرەكلىكى... ئېيتىلىپتۇ. بىز شىنجاڭغا بېرىش جېنىمىز-
نىڭ راھەت كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، زۇ تاۋفېننىڭ
يەنە تېلېگرامما ئەۋەتىپ بىزنىڭ ئىرادىمىزنى بىلدۈرۈشىنى
سورىدۇق. ماۋ دۇن 2-قېتىم ئەۋەتكەن جاۋاپ تېلېگراممىسىدا،
بىزنىڭ كېلىشىمىزنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ۋە كۆپرەك ئادەم-
نى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىشىمىزنى، بەزى سايمانلارنى ئالغاچ
كېلىشىنى، ئىقتىسات ۋە قاتناش مەسىلىسىنى شىنجاڭنىڭ
چۇڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى بىلەن ئالا-
قىلىشىشىنى يېزىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ شىنجاڭغا بېرىشىمىز مۇقىملىشىپ
قالدى. بىراق بۇ ھەقتە داۋراڭ سېلىشقا بولمايتتى، چۈنكى
شېڭ شىسەي «جياڭ جېيشىغا قارشى» ئىدى. گەرچە جياڭ جېي-
شى شىنجاڭغا نىسبەتەن ئامالسىز بولسىمۇ، بىراق لەنجۇ ئەترا-
پىدا بىۋاستە قاراشلىق قوشۇنلىرى بولۇپ قاتتىق مۇداپىئەدە

تۇراتتى. شۇڭا، بۇ ئىشنى بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ سىرداش، يېقىنلىرىمىزغىلا يوشۇرۇن رەۋىشتە ئۇقتۇردۇق، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز ئۇلارغا بىزنىڭ بۇ سەپىرىمىز نىمە بولىدۇ، كۆڭلىمىزدە سان يوق، ئەگەر بىرەر ئىش قىلغىلى بولىدىغان بولسا، بىز ئاۋال بېرىپ كۆرۈپ باققاندىن كېيىن سىلەرنى تەكلىپ قىلايلى، ئەكسىچە بولسا تېزلا قايتىپ كېلىمىز، دېدۇق. بىز ئۈچەيلەن ئاستىرتىن مەسلىھەتلىشىپ، تىياتىرخانا تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىنى سېلىشتا جاۋ دەن بىلەن مەن رېژىسسورلۇق ۋە رول ئېلىشنى تۇتماقچى بولدۇق، جۇ جىڭمىڭ سەھنە خىزمىتىنى تۇتماقچى بولدى. بىراق تىياتىرخانا تەشكىلاتچىسى كەم بولۇپ قالدى، بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ تاۋنى لايىق كۆردۇق، ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك تالانت ئىگىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بىلەن ئون نەچچە يىللىق كونا ئۈلپەت ئىدى. شۇ تاۋ بۇ چاغدا گۇاڭدۇڭنىڭ چۈجياڭ ناھىيىسىدە بولۇپ، بىر تىياتىر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. بىز دەرھال ئۇنىڭغا خەت يېزىپ تەكلىۋىمىزگە قوشۇلسا چۆچەككە كېلىشنى ئېيتتۇق. ئۇندىن باشقا مەخسۇس سەھنە مۇزىكىسى ۋە ئاۋۇش ئۈنۈمى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ئادەم كام بولۇپ قالدى. جاۋدەن بىزگە شاڭخەي مۇزىكا ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ياش ئارتىس يې لېنى تونۇشتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ تاۋ چۆچەككە كېلىپ بىز بىلەن بىرگە بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ، يې لېيدىن باشقا تۆتىمىز خوتۇنىمىز بىلەن ۋە جاۋ دەننىڭ بىر ياشقا تولغان ئوغلىنى ئېلىپ، غايىۋانە خىياللار بىلەن ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ لەنجۇغا قاراپ سەپەر قىلدۇق، بۇ 1939 -



يىلى 6 - ئاي ۋاقتى ئىدى.

لەنجۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئائىلىلەر ۋە بالىلار تىرانسپورت ئايرۇپىلانىغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا كەتتى. بىز ئەرلەر يۈك - تاق ۋە سەھنە جابدۇقلىرىنى ئېلىپ قارا ماشىنا بىلەن غەرپكە قاراپ مېڭىپ، جىيايۈگۈەن، شىڭشىڭشيادىن ئۆتۈپ قۇمۇلغا كەلدۇق، ئاندىن قۇمۇلدىن دىخۇاغا كەلدۇق.

بىزنى نەنگۇەندىكى بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. بىزدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن ئائىلىلەر بىزنى كۆرۈشى بىلەنلا، ماۋدۇن ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنىڭ ئۇلارنى يوقلاپ كېلىپ - كەتكەنلىكىنى، سۆزدە ۋە ھەركەتتە دىققەت قىلىشنى تاپىلىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز بۇ گەپنىڭ مەناسىنى ئاڭقىرالمىدۇق. ماۋدۇن بىزنى يوقلاپ كەلگەندە: «شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ، بىز تېلېگرامما بەرگىنىمىزدە بىز ئۈچەيلەن (ماۋ دۇن، جاڭ جۇڭشى، دۇ جۇڭيۈەننى كۆرسىتىدۇ) سىلەرنىڭ كەلمىگىنىڭلارنىڭ تۈزۈكرەك ئىكەنلىكىنى ئويلاشقان ئىدۇق، لېكىن بۇنى ئوچۇق ئېيتىشقا بولمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شېڭ شىسەيگە جاۋ دەن قاتارلىقلار چوڭ چولپان، چوڭ ئارتىست بولىدۇ، تۇرمۇشتا باياشات ئۆتكەن، شىنجاڭغا كەلسە جاپاغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى مۇمكىن، دېدۇق. شېڭ شىسەي مۇشۇ مەنىدە تېلېگرامما بېرىشكە قوشۇلدى. بىزنىڭ جاۋاپ تېلېگرامما ئەۋەتىشىمىزدىكى مەقسەت سىلەرنى توسۇش ئىدى، لېكىن سىلەر بۇنى چۈشەنمەپسىلەر، نائىلاج سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارغا قوشۇلدۇق، كەلگەندىن كېيىن ئىختىيارىچە كېتىشكە بولمايدۇ، بىر ئامال بار ئىككى يىللىق توختام تۈزۈپ، شىنجاڭ ئۈچۈن ئازراق ئىش قىلىپ بېرىپ، پىلانىڭلار ئورۇنلانغاندىن كېيىن كېتىش

توغرىسىدا ئىلتىماس قىلساڭلار بولىدۇ» دىدى.

ماۋ دۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ پېشىمىزدىن بىر چېلەك سۇ قۇيغاندەك بولدى. شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى گۈزەل غايىلىرىمىز خۇددى كۆپۈكتەك پۈتۈنلەي غايىپ بولدى. شىنجاڭنىڭ سىياسى ئەھۋالى زادى قانداق مۇرەككەپ، بۇ ئىككى يىلنى قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك. بۇ بىزگە پۈتۈنلەي قاراڭغۇ ئىدى. كېيىن ئاڭلىشىمىزچە، يولداش جۇئېنلەي بىزنىڭ چۇڭچىڭدىن يولغا چىققانلىقىمىزنى ئاڭلاپ يولداش فىڭ نەيچاۋنى بىزنى توسۇشقا ئەۋەتكەن ئىكەن، بىراق كېچىكىپ قالغان ئىدى. بۇ چاغدا بىز ئالليقاچان شىڭشىڭشيادىن ئۆتۈپ بولغان ئىدۇق.

شېڭ شىسەي بىزگە (ئەزلەرنى) تاماق ھازىرلاپ كۈتۈۋالدى، ماۋ دۇن، جاڭ جۇڭشى، دۇ جۇڭيۈەن ئۈچەيلەن بىللە ئولتۇرۇشۇپ بەردى. شېڭ شىسەي ئانچە ئېگىز ئەمەس، لېكىن تەمبەل ئادەم ئىدى. چىرايى كۆكۈش كەلگەن بولۇپ، كۆزىدىن ۋەھشىلىك يېغىپ تۇراتتى. قاشلىرى توم، كۆزلىرى ئۈچ بۇرجەك بولۇپ، كالپۇكى قارا ۋە دورداق ئىدى. بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ يامانلىقى چىقىپ تۇراتتى، تاماقتىن بۇرۇن ماۋدۇن بىزگە ئەسكەرتىپ قويغانلىقتىن، بىز ئانچە كۆپ گەپ ئارىلاشتۇرمىدۇق. شېڭ شىسەي بىزدىن ئانچە-مۇنچە ئەھۋال سورىدى، ماۋ دۇنغا بىزنىڭ خىزمەت مەسىلىمىزنى ھەل قىلىشنى تاپىلىدى. بىز بىر تەجرىبە تىياتىر ئۆمىگى قۇرۇشنى پىلانلاپ بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلماقچى بولدۇق. ئىككى يىل ئىچىدە بۇ ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقساق بىزنىڭ شىنجاڭدىكى پىلانىمىزمۇ ئادا بولغان بولاتتى.



ۇندىن باشقا، بىر يەنە شىنجاڭ شۆيۈەن (لىن جىلو يۈەنجاڭ ىدى) دىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ جاڭ مىننىڭ كۈرەش» ناملىق تىياتىرنى تەييارلاپ دىخۇا تاماشىبىنلىرىغا ۇتۇلغان يۈز كۆرۈشۈش سوغىسى قىلدۇق.

تىياتىر ئۆمىگىنى قۇرۇش جەريانىدا، ماۋدۇندىن دۇجۇڭۋەنىنىڭ نەزەربەنت قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئۇزۇن ئۆتمەي ەنە ئۇ قولغا ئېلىنىپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق. ئېيتىشلارغا قارىاندا شېڭ شىسەي بىلەن دۇ جۇڭيۈەن يۇرتداش ۋە ساۋاقداش ىكەن، شېڭ گومىنداڭ ئارىسىدا مىرادىغا يېتەلمەي ياپونىيىگە ىقىپ ھەربى ئىشلارنى ئۆگەنمەكچى بولغاندا دۇجۇڭيۈەن ۇنىڭغا ئىقتىسادى ياردەم بەرگەن ئىكەن. ئەمدى نىمە جىنايەت ۆتكۈزۈپ قولغا ئېلىنغاندۇ؟ بىزنىڭ دۇجۇڭيۈەن بىلەن بۇرۇنىنلا تونۇشلۇقىمىز يوق ئىدى، بىراق ئۇ بىزنىڭ شىنجاڭغا ېلىشىمىزدىكى تونۇشتۇرغۇچىلارنىڭ بىرسى. بىز ئەمدىلا كېلىشىمىز بىلەن تونۇشتۇرغۇچىمىز قولغا ئېلىندى، بۇ، بىزدە ىنجاڭغا نىسبەتەن بىر خىل نامەلۇم قورقۇنۇچ تۇيغۇسىنى ەيدا قىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ماۋ دۇن ئائىلىسىنى ئېلىپ ئىچكىرىگە ئانىسىنىڭ ھازىسىغا بارىدىغانلىقىنى، جاڭ جۇڭشىنىڭمۇ كېسەلچان اغىسىنى يوقلاش ئۈچۈن رۇخسەت سورىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزىمىزنى شىنجاڭدا يار-يۆلەكسىز ئادەمدەك ېس قىلدۇق.

«شىنجاڭ گېزىتى» چوڭ سەھىپە ئاجرىتىپ ماۋدۇن ئاىلىسىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئېلان قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئاىلىسى بىلەن ھازا تۇتقىلى يۇرتىغا قايتىدىغانلىقىنى خەۋەر

قىلدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا مىيىت ئۆيى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، شەھەردىكى ھەر قايسى ئورگانلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر تەشكىللىك ھالدا كېلىپ تەزىيە بىلدۈردى، ئاخىرىدا، ماۋدۇن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كەلگەن مېھمانلار بىلەن بىرگە مىيىت ئۆيى ئالدىدا خاتىرە رەسىمگە چۈشتى. ئەمەلىيەتتە ماۋدۇننىڭ ئانىسى ئاللىقاچان قازا قىلغان بولۇپ، ماۋدۇننىڭ ئانىسىنىڭ ھازىسىغا بارماقچى بولغانـ لىقى، ئۇنىڭ بۇ يەردىن كېتىش ئۈچۈن قوللانغان چارىسى ئىدى. تېلېگىراممما ماۋدۇننىڭ يۇرتىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇنى جاڭ جۈڭشى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. شېڭ شىسەي ماۋدۇننىڭ ئانىسىغا ھازا تۇتۇشىنىڭ يالغان، شىنجاڭدىن كەتمەكـ چى بولغانلىقىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى سەزگەن بولسا كېرەك. لېكىن يەنىلا ئۇنىڭغا يول قويدى. ماۋدۇن مېڭىش ئالدىدا بىزگە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتتى ۋە يەنئەنگە بارغاندىن كېيىن بىزنىڭ شىنجاڭدىن كېتىشىمىز ئۈچۈن جەزمەن ئامال قىلىدىغانـ لىقىنى ۋەدە قىلدى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ماۋدۇن كېتىپ 2 ئاي بولغاندا، بىر كۈنى كېچىسى بېشىمىزغا بالا - قازا كەلدى. شۇ كۈنى كېچىسى پۇخراچە كىيىنىۋالغان بىر قانچە ئادەم جاۋدەن بىلەن شۇ تاۋنىڭ ئۆيىنى ئاختۇردى ۋە ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى سىلەر بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى دەپ ئىككىسىنى ئېلىپ كەتتى. بىز چارە - ئامالسىز قالدۇق. ئاخىرىدا جۇ جىڭمىن، يى لىپ ئۈچىمىز بىرلىكتە شېڭ شىسەيگە خەت يېزىپ، بىزنىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىكى مەقسىتىمىزنىڭ پۈتۈنلەي تىياتىر ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىكىمىزنى ئېيتتۇق ۋە جاۋدەن بىلەن شۇ تاۋنى



بوشۇتۇشنى ئىلتىماس قىلدۇق. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن شېڭ- شىسەي بىزگە: «جاۋ، دەن شۇ تاۋلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن دەلىل-ئىسپاتلىرى تولۇق، ھازىر ئۇلار سوراق قىلىنىۋاتىدۇ. سىلەر خاتىرجەم خىزمەت قىلىۋېرىڭلار» دەپ خەت ئەۋەتتى. بىز ئۇنىڭغا يەنە خەت يېزىپ، جاۋ دەن، شۇ تاۋلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىكى مەقسىدى بىز ئۈچىمىز بىلەن ئوخشاش، مۇبادا جاۋ دەن— شۇ تاۋلار جىنايەتكار دەپ قارالسا بىزمۇ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىمىز. ئەگەر بىز گۇناسىز بولساق — جاۋدەن، شۇ تاۋلارمۇ گۇناسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز بىر نەچچە ئائىلە كېپىللىك قىلىمىز، دېدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەيـ نىڭ بىز بىلەن كارى بولمىدى.

بىز ئىچكىرى بىلەن ئالاقە قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدۇق، چۈنكى شىنجاڭدا پوچتا - تېلېگراف ئالاقىسى قاتتىق تەكشۈرۈـ لەتتى، ناۋادا مەلۇم بولۇپ قالسا بىزگە ياخشىلىق يوق ئىدى. نەتىجىدە كۈتمەكتىن باشقا ئامالىمىز قالمىدى.

1941 - يىلى 3 - ئايدا بىز يۈلىننىڭ «فوسفورلۇق رومكا» دېگەن دىرامىسىنى رېپېتىتسىيە قىلىۋاتاتتۇق. بىر كۈنى كېچىسى تۇيۇقسىز ساقچى باشقارمىسىدىن تېلېفون كېلىپ، لى چۈجاڭ سىلەر بىلەن سۆزلەشمەكچى، دېدى. بىز ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى، تۈرمىگە كىرىدىغانلىقىمىزنى پەملىدۇق. بىز نائىلاج شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن خۇددى يالماۋۇزدەك تونۇلىدىغان ساقچى باشقارمىسىغا قاراپ ماڭدۇق. خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە كىرىپ ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلدۇق. بىزنى ئوتتۇرا ياشلىق پاكار بىر ئادەم ساختا كۈلكىسى بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ئىشىك ئالدىدا تۇرغان چىرايلىق بىر پىكاپقا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى، بۇ خىل

پىكاپ شىنجاڭدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. بۇ بىزنىڭ شىنجاڭغا كەلگەن بىر يېرىم يىل ئىچىدە تۇنجى قېتىم پىكاپقا ئولتۇرۇپ راھەتلىنىشىمىز ئىدى. ئۇ بىزنى ئۇدۇل تۈرمىگە ئاپىرىپ تاشلىدى.

بەزىلەر، ئۇ يەردە تۇرۇش مۇمكىن بولمىغاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كەتمىدىڭلار دەپ سورىشى مۇمكىن. شۇنى بىلىش كېرەككى، شىنجاڭنىڭ پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىلىك ۋە سىياسىي شارائىتىدا ئۆزىنى ئۇتتۇپ بەرمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئىچكىرى ئۆلكىدىن شىنجاڭغا كەلگەندە پايانسىز چۆللۈك باشلىنىدۇ، بۇ يەردە قۇم ۋە تاشتىن باشقا نەرسە يوق. شەھەر گۈزەرلەر خۇددى بىپايان دېڭىزدىكى يەككە-يېگانە ئارالدەك ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق قاتناش قوراللىرى ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللىقىدا بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىسىز ھېچ يەرگە بارغىلى بولمايتتى. يەنە كېلىپ ئۇرۇمچىدە ئىشپىيونلار قىممىلداپ كەتكەن ئىدى. تىياتىر ئۆمەك قۇرۇلۇشى بىلەنلا يۇقۇرىدىن بىر «تىياتىر ھەۋەسكارى»نى ئەۋەتىپ بىزنى نازارەت قىلىشقا قويىدى.

ماۋ دۇن تۇرغان كوچىنىڭ ئاغزىدا كىيىم - كېچەك ساتىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم بار ئىدى، كېيىن ئۇقساق ئىشپىيون ئىكەن. ئەگەر شېڭ شىسەي سىنى تۇتماقچى بولىدىكەن، بۈگۈن بولمىسا ئەتىسى چوقۇم قولغا ئېلىنىسەن. بىلىشىمىزچە كىچىككىنە دىخۇا شەھرىدە سىياسىي مەھبۇسلارنى قامايدىغان تۈرمىدىن بەشى بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، مېھمانخانا شەكلىدىكى تۈرمىدىنمۇ بىرمۇنچىسى بار ئىدى. ئۈچىمىز ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3 كامىرغا قامالدۇق.

بۇ تۈرمىنىڭ شارائىتى بەكمۇ ناچار بولۇپ، «مەھبۇس»



لار قاتتىق نەزەربەنت قىلىناتتى. شامالغىمۇ بىر - بىرىدىن ئەپچىقىلاتتى. تۈرمىدە ئىككى يىل يېتىپ، بۇ جايدا يەنە كىملەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدىم. جاۋ دەن، شۇ تاۋلارنىڭ قەيەردىلىكى تېخىمۇ نامەلۇم ئىدى.

بىز تۈرمىدە ياتقان بىر نەچچە يىل ئىچىدە، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش»، «جياڭ جيېشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش»نى تەرغىب قىلىپ كەلگەن شېڭ شىسەي، 1941 - يىلدىن كېيىن يەنى گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ، موسكۋاغا خەۋپ تۇغدۇرۇپ تۇرغان بىر چاغدا، شۇنىڭدەك مەملىكەت ئىچىدە «ۋەنەن ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنىڭ تەۋرەپ قالغانلىقىنى سېزىپ، نىقاۋىنى يىرتىپ تاشلاپ، بىر تەرەپتىن، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنى ۋە مۇداپىئە خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنى شىنجاڭدىن قوغلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلەۋاتقان ج ك پ ئەزالىرىنى ۋە ئۇلار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئىلغار ياش كادىرلارنى، ئوقۇغۇچىلارنى قولغا ئېلىشقا باشلىدى.

شېڭ شىسەي شۇ ئارقىلىق جياڭ جيېشىغا خۇشامەتچىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ پەردە يۆتكەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي جياڭ جيېشى شىنجاڭغا ئىككى دىۋىزىيە ئەۋەتىپ ئورۇنلاشتۇردى ۋە زور تۈركۈمدىكى گومىنداڭ خادىملىرىنى شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. بۇ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە

نىسبەتەن ئېيتقاندا چوڭ تاجاۋۇزچىلىق ئىدى، ئەلۋەتتە. كېيىن خەلقارا ۋەزىيەت ياخشىلىنىپ، سوۋېت ئارمىيىسى يېرلىنىنى ئىشغال قىلدى. مەملىكەت ئىچىدىكى ئىنقىلاۋىي كۈچلەر كۈچەيگەندە ئۇ، گومىنداڭنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىش كويىدا بولۇپ گومىنداڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى تۈرمىگە قامىدى، بۇ چاغدا جىياڭ جيېشى لەنجۇدا تۇرۇۋاتقان جۇشاۋلياڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. شېڭ شىسەينى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ دىخانچىلىق-ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەپ، ئۇنى شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

شېڭ شىسەي كەتكەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بېسىلىپ قالغان دېلولارنى ئېنىقلاشقا كىرىشتى، نۇرغۇنلىغان مەھبۇسلار كەينى - كەينىدىن قويۇپ بېرىلدى. بەشىمىزنىڭ ئىچىدە يى لىپى قۇربان بولغان ئىدى (ئاڭلىشىمىزچە ئۇ تۈرمىدە كېسەل بولۇپ قالغاندا زەھەرلىك ئوكۇل ئۇرۇلغان، خەنزۇ ئۇيۇشمىسىغا ئۇقتۇرۇش قىلىنىپ ئۇلار ئۇنى كېسەل بولۇپ ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ئۆلگەن). بىز تۆتىمىزنى بىر يەرگە، بىر تۈرمىگە جايلاشتۇرۇپ قويدى. بىز بىر يەرگە جەم بولغاندىن كېيىن جاۋ دەننىڭ تۈرمىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى بىلدۇق.

جاۋ دەن دەسلەپتە ئېغىر سىياسىي گۇناھكارلار قامىلىدىغان 2 - تۈرمىگە قامالغان. تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنى ھەيران قالدۇرغان بىرىنچى غەلىتە ئىش: تاماق ۋاقتى بولغاندا، گۈندىپاينىڭ بۇيرۇغى بويىچە جاۋ دەن تۆشۈكتىن سول قولىنى چىقىرىپ مومىنى ئالغان ۋە پەقەت ئۇچلا موما يېگەن. بىر قېتىم تۈرمە باشلىقى كامېرلارنى تەكشۈرگەندە جاۋ دەننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئەكىلىپ بەرگەن كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىپ، پەقەت گوركىنىڭ «ئۈچ ئادەم» دېگەن رومانىنىلا قالدۇرۇپ قويغان، جاۋ دەن بۇنىڭدىن ئەجەپلەنگەن، تا ئۇ سوراققا تارتىلىپ، كىمنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ سۇيىقەست ئېلىپ باردىڭ؟ دەپ قايتا - قايتا مەجبۇرلىغاندا، ئاندىن ئەس - ھوشىغا كەلگەن. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ مەقسىدى، شەن ماۋ دۈن، جاڭ جۇڭشى ۋە دۇ جۇڭيۈەنلەر (شېڭ شىسەينىڭ نەزىرىدە ئۇلار سولچىلاردىن ئىدى) نىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن سۇيىقەستلىك ھەركەت بىلەن شۇغۇللاندىڭ، دېمەكچى ئىكەن. جاۋ دەن بۇنى ئىنكار قىلغاندا، ئۇلار ئۇنىڭ بىر بارمىقىنى ئىنچىكە تاسما بىلەن ئۇزۇن ئورۇندۇققا باغلاپ قويۇپ بەنزە بىلەن ئۇرغان. بۇ بارماق سۇنغاندىن كېيىن يەنە بىر بارماقنى باغلاپ ئۇرغان. قول ئالقانلىرى تىتىلىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇۋاق لازا چاچقان. جاۋ دەن ئاغرىققا چىدىماي ھوشىدىن كەتكەن. كېيىن يەنە نەچچە قېتىملىق قەستەن ئۇيدۇرۇپ چىققان گۇنالار بىلەن سوراق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «تروتسكىچى» دېگەن بەدنامنى چاپلىغان. بىر نەچچەيلەننىڭ كەچۈرمىشلىرىمۇ ئاساسەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

بۇ چاغدا بىز تېخى بوشۇتۇلمىغان بولساقمۇ، لېكىن تۈرمىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرى خېلى بوشۇشۇپ قالغان ئىدى. بىزنى «ئىشچى مەھبۇس» قىلغاندىن كېيىن، مېڭىش - تۇرۇشتا خېلى ئەركىن بولۇپ قالدۇق. بىر مەزگىل جاۋ دەن بىلەن بىر كامېردا ياتقان كېيىنچە تۈرمىدە ئارخىپ باشقۇرۇشقا قويۇلغان بىر كونا مەھبۇس دۇ جۇڭيۈەن ئەنزىسى بىلەن قولغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىنى بىزگە ئوغرىلىقچە كۆرسەتـ

تى. ئۇنىڭدا بەشىمىزنىڭ ئىسمى بار ئىكەن. بۇ ئەنزىگە چېتىلغانلار جەمئىي 49 كىشى بولۇپ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئىسىم فامىلىسى، يېشى، يۇرتى، تۈرمىگە ئېلىنغان ۋاقتى شۇنىڭدەك ئاخىرقى بىر كاتەكچىدە ھايات ياكى ئۆلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئۆلگەنلەرگە «ئۆلدى» دەپ يېزىپ قويۇلغان ئىكەن. شۇ 49 ئادەم ئىچىدە تۆتىمىز بىلەن شى مىڭ (ئۇ ئۆز ئالدىغا ئالاقىلىشىپ ئائىلىسىنى ئېلىپ شىنجاڭغا كەلگەن، بىز بىلەن بىر ۋاقىتتا قولغا ئېلىنغان) دىن باشقىلارنىڭ جەدۋىلىگە بىردەك «ئۆلدى» دېگەن خەت يېزىپ قويۇلۇپتۇ. كېيىن بىز يولداش جۇ ئېنلەينىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن ساق قالغان ئىكەنمىز،— دېگەن ھۆكۈمگە كەلدۇق. چۈنكى، بىزنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىمىز ھەققىدىكى خەۋەر چۇڭچىڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يولداش جۇ ئېنلەي ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ بىزنى قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىپ شىڭ شىسەيگە بىرلەشمە خەت يازغان ۋە گېزىت - ژۇرناللاردىمۇ ماقالىلار ئېلان قىلىنىپ ئاۋاز قوشقان. يەنئەندىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرمۇ بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شىڭ شىسەيگە بىرلەشمە خەت يازغان. بۇ خىل مەدەت بېرىشلەر ۋە قۇتقۇزۇش پائالىيەتلىرى شىڭ شىسەيگە چوقۇم مەلۇم تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغان، ئەلۋەتتە. شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، بىزمۇ ئاخىرى 1945 - يىلى 2 - ئايدا تۈرمىدىن چىقتۇق.

بىز ئەركىنلىككە ئېرىشكەن چاغدا، بالا - چاقىلىرىمىز ئاللىقاچان شىنجاڭدىن كەتكەن ئىكەن. ئەسلىدە، بىز قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن خوتۇنلىرىمىز «ئاسىيلار ئائىلىسى» دەپ قارىلىنىپ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا



ئورۇنلاشتۇرۇلغان، شىڭ شىسەي گومىنداڭغا بېقىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار ئىچكىرىگە قايتۇرۇۋېتىلگەن. ئۇلار يولغا چىقىدىغان چاغدا ئەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشنى تەلەپ قىلغان، ساقچى باشقارمىسى ئۇلارغا، قۇمۇلغا بارغاندا كۆرۈشىسىلەر، دېگەن. ئۇلار بىزلەرنى ئازات قىلغاندىن كېيىن قۇمۇلغا قايتىدىغان ئوخشايدۇ، شۇ يەردە ئۇچرىشىدىغان ئوخشايمىز دەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ ئايرۇپىلانغا چىققانغا قەدەر بىزنى ئۇچرىتالمىغاندىن كېيىن تاقەت قىلالماي ئايرودرومدىكىلەردىن سوراشتۇرغان. ئايرودرومدىكىلەر: «سىلەر كۈتۈۋاتقانلار، ئۇلار كەلمەيدىغان بولدى» دېگەن. خوتۇنلىرىمىز بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئوخشايدۇ دەپ كۆڭۈللىرى سۇنۇق ھالدا يولغا چىقىشقان.

بىز تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بىزگە يار - يۆلەنچۈك بولىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش خېلى مۈشكۈل ئىدى. شۇڭا بىز ئاۋال شىنجاڭدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ كېتىشكە ئىمكانىيەت يارىتىشقا مەجبۇر بولدۇق.

گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ بىزدىن ئەلۋەتتە پايدىلانغۇسى بار ئىدى، بولۇپمۇ جاۋدەنداك بۇنداق داڭلىق ئارتىست شىنجاڭدا مەدەنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرسا تېخىمۇ ئوڭلۇق بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزنىڭ ئۈستىمىزدە چوت سوقۇشقا كىرىشتى. ئۆلكىلىك پىرقە تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، قوشۇمچە مەركىزىي مەدەنىي پائالىيەت كومىتېتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇدىرى سۇڭ فۇشىڭ بىزنى مەدەنىي پائالىيەت كومىتېتىنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ بىزنى شىنجاڭدا قېلىپ خىزمەت قىلىشقا ئۈندەپ كۆردى، بىز بۇنى قەتئىي رەت قىلدۇق، ئۇ

بىزنىڭ بىر قېتىم ئويۇن قويۇپ شىنجاڭدىكى تاماشىبىنلار
بىلەن كۆرۈشىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭغا رازى بولۇشقا
مەجبۇر بولدۇق، لېكىن، گومىنداڭ ئۈچۈن تەشۋىقات ئېلىپ
بارىدىغان ئەسەرلەرنى ئويناشنى رەت قىلدۇق. بىر قىسىم
مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەپ ياڭ خەنشېڭنىڭ
«ھارپا» دىگەن سەھنە ئەسىرىنى ئوينىدۇق. ئويۇننى قويۇپ بول-
غاندىن كېيىن سۇنفۇشېڭ يەنىلا بىزنى قويۇۋەتمەي تۇرۇۋال-
دى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىزنى شەكلى ئۆزگەرگەن ئۇسۇل
بىلەن نەزەربەنت ئاستىغا ئالغان ئىدى. بۇ ئەھۋالنى چۇڭ-
چىڭغا خەۋەر قىلىپ قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش قارارىغا كەل-
دۇق. لېكىن، چۇڭچىڭ بىلەن ئالاقىلىشىش ئاسان ئەمەس
ئىدى، ناۋادا ئىشپىيونلار سېزىپ قالسا تېخىمۇ تەس كۈنگە
قالاتتۇق، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون باش
ئاپپاراتى ئارقىلىق چۇڭچىڭدىكى يېقىنلىرىمىز بىلەن بىۋاستە
سۆزلىشىش ئىدى. جاۋدەن ئۆزى بىلەن تۈرمىدە بىللە ياتقان
تېلېگىراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ئېسىگە كەلتۈردى، ئەپسۇس-
كى ئۇ تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ ئايالىدىن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئىستانسىسىنىڭ
ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كۆرمەكچى بولدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ
بىر سىڭلىمنىڭ يولدىشى چۇڭچىڭ تېلېگىراف ئىدارىسىدا
بۇغالتىر بولۇپ، مۇمكىن بولسا ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا سۆزلەش-
مەكچى بولدۇق. جاۋدەن ئىككىيلەن ھېلىقى پوچتا - تېلېگىراف
ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئايالىنى تاپتۇق،
قورۇغا كىرىپ قارىساق ئۇزۇن يوللۇق تېلېفونخانا شۇلارنىڭ
ئۆيى بىلەن ئاراتام ئىكەن، بىرەيلەنلا نۆۋەتچىلىك قىلىدىكەن.



ئىدارە باشلىقىنىڭ ئايالى بىزگە ناھايىتى ھېسداشلىق قىلدى
ۋە ئۆزى بىلەن يېقىن بىر رادىست بىلەن سۆزلەشمەكچى
بولدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئىستانسىسى-
نىڭ باش ئاپاراتى ئارقىلىق چۇڭچىڭدىكى تۇغقانلىرىمىز بىلەن
سۆزلەشتۇق. مەن قېيىنى ئىنىمغا بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى شى دۇڭ-
شەنگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلىدىم. كېيىن بىلىشىمىزچە
شى دۇڭشەن بۇنى دەرھال ياڭ خەنشېڭغا يەتكۈزۈپتۇ، ياڭ،
ئەينى ۋاقىتتا مەركىزىي مەدىنى پائالىيەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
بولۇپ تۇرۇۋاتقان جاڭ داۋپەندىن ياردەم سوراپتۇ. جاڭ ئۆز ۋاقتىدا
چەتئەلدە تىياتىر كەسپىنى ئوقۇغان، 1939 - يىلى چۇڭچىڭدا
بىز بىلەن بىرلىكتە «پۈتۈن مەملىكەت قوزغىلايلى» دىگەن
ئويۇننى ئوينىغان ئىدى. ئۇ، باش كومىتېت نامىدىن شىنجاڭدىكى
شۆبە كومىتېتقا بىزنى ئىچكىرىگە قايتۇرۇش توغرىسىدا
بۇيرۇق چۈشۈردى.

چۇڭچىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيە تەشكىلى بىز تۆتىمىزگە سىياسى جەھەتتىن
غەمخورلۇق قىلدى. بىز ئىلغار تەرەپتە تۇرىدىغان «جۇڭگو تىياتىر
سەنئىتى جەمىيىتى» نى قۇردۇق، ماۋدۇننىڭ يېڭى ئەسىرى
«چوكانتال بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە» نى سەھنىگە ئېلىپ
چىقىپ گومىنداڭ بىيۇروكرات دەللال كاپىتالىنىڭ دۆلەت ۋە
خەلقىمىزگە يەتكۈزگەن زىيانلىرىنى پاش قىلدۇق، شۇنداقلا
گومىنداڭغا ۋە كەڭ ئاممىغا جاۋ دەن قاتارلىق تۆتەيلەننىڭ قايتىپ
كەلگەنلىكىمىزنى ۋە يەنىلا ئىلغار لاگىرغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىمىزنى
خىتاب قىلىش ئۈچۈن ئاساسلىق روللارغا چىقتۇق.

ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئاياقلاش-
قاندىن كېيىن، تۆتىمىز يولداش جۇئېنلەينىڭ يولىيورۇغى بىلەن

ئۇيۇشتۇرۇلغان كۇئىنلۇن كىنو شىركىتىدە خىزمەت قىلدۇق. ئازاتلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، جاۋدەن ئاق تېررورلۇقنىڭ ئۆزگە سىلىنىۋاتقان تەھدىتىدىن قورقماي «توسىۋالغىلى بولمايدىغان باھار نۇرى»، «ساھىپ جامالارنىڭ تەقدىرى» ۋە «قاغا بىلەن قۇشقاچ» قاتارلىق فىلىملاردا ئاساسلىق روللارنى ئالدى.

مىسلىسىز 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقتا، بىز تۆتەيلەن ئۆزىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى كەچۈرمىشلىرىمىز تۈپەيلىدىن نۇقتىلىق تەكشۈرۈلۈپ، كۆرمىگەنىمىز قالمىدى. جاۋدەن جياڭ چىڭ، جاڭ چۇنچياۋنىڭ زىيانكەشلىكىگە بەكرەك ئۇچرىدى. 5 يىل نەزەربەنت قىلىنىپ، تەن سالامەتلىكى بەكمۇ ناچارلىشىپ كەتتى.

ھازىر جاۋدەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ سەنئەت نەتىجىلىرى ۋە تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنى رەتلەپ چىقىشىمىز، يەكۈنلىشىمىز ۋە ئۇنى مىللىتىمىزنىڭ تىياتىر، كىنو بايلىقىنىڭ تەركىۋى قىسمى قىلىشىمىز لازىم. ئۇنىڭ شىنجاڭ سەپىرى ھەققىدىكى ئىشلىرىنى دوست - يارانلارنىڭ تولىسى تولۇق ۋە تەپسىلىي بىلمەيدۇ. مەن بۇنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەھۋاللارنى يېزىپ چىقتىم. لېكىن، ماقالىنىڭ ھەجمى ۋە ۋاقىت تۈپەيلىدىن ئاددىي، قىسقا بولۇپ قالدى، توغرا بولمىغان جايلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەھۋالنى بىلىدىغان يولداشلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشى ۋە تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا، ماقالەمنى شيايەن جاۋدەننىڭ تەزىيە يىغىنىدا بېغىشلىغان كۆپچىلىك ئوخشاش ھېس قىلغان مۇنداق بىر چوڭقۇر سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن: «بىز بىر ئەۋلات كىشىلەر بۇ ئىگىز - پەس يولدا ناھايىتىمۇ كۆپ ھايال بولدۇق».

(«پېرسوناژ» ژۇرنىلى، 1983 - يىل 2 - سان)



# ياڭ زېڭشىننىڭ تارىخىغا ئائىت غەيرى رەسمىي ۋەقەلەر

جاڭ چيمىڭ

## 1. ياڭ زېڭشىننىڭ كۆتىرىلىشى

شىڭخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ ئەدلىيە ۋازارىتىدا خىزمەت قىلاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسەپ تۈزۈمى فۇ، فەن، نې دەپ 3 چوڭ تۈرگە ئايرىلاتتى. فۇتەي — ھەربىي - مەمۇرى ۋالىي مەھكىمىسى؛ فەن تەي — مالىيە ۋازارىتىسى؛ نېتەي — ئەدلىيە ۋازارىتىنى كۆرسىتەتتى. ۋۇشۇي سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن يېڭى سىياسەت يولغا قويۇلۇپ كېجۈي ئىمتىھان تۈزۈمى بىكار قىلىندى. ھۆكۈمەت مەكتەپلىرى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تىشۆشى (مائارىپ نازارەتچىسى) دېگەن ئەمەل قويۇلدى، ئادەتتە شۆتەي دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى تۆت چوڭ ئەمەلنىڭ بىرى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ مالىيە ۋازارىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شۇنەننىڭ يۈەن داخۇاغا تونۇشتۇرۇشى بىلەن گەنسۇدىن رەسمىيەت ئۆتەپ شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كەلگەن. دەسلەپتە ئاقسۇغا داۋتەي بولغان. يۈەن داخۇا — يەنە بىر ئىسمى شىڭسۇن، ئەنخۇي

خۇياڭ ناھىيىسىدىن، ئەمەلدار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. گۇاڭ شۈ خانىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى شەرقىي ئۈچ ئۆلكە ئالتۇن كان مەھكىمىسىنىڭ دۇبەنى بولغان. كېيىن خىنەنگە ھەربى - مەمۇرى ئەمەلدار بولۇپ يۆتكەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭغا شۇنفۇ بولغان. يۈەن داخۇا شىنجاڭدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە يەر شارائىتى بىلەن تونۇشمايتتى. ياڭ زېڭشىن بولسا گەنسۇدا كۆپ يىل ئەمەلدار بولغان، ئانچە - مۇنچە نامىمۇ بار ئىدى. شۇڭا يۈەن داخۇا ئۇنى ئۆزىگە ئىشەنچىلىك ياردەمچى قىلىپ ئۇنىڭ دىگىنى بويىچە ئىش كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى داۋيۈەن (ۋالى دەرىجىلىك ئەمەل) لىكتىن بىراقلا ئەدلىيە ۋازارىتىنىڭ باشلىقى قىلىپ كۆتەرگەن. شىڭخەي ئىنقىلاۋى ۋاقتىدا ئىلىدىكى فىڭ تېمىن، ياڭ زەنشۇ قاتارلىقلار ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ بەش رەڭلىك بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئىلى جياڭجۈنى جۇرۋي قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ چاغدا ئۆلكە مەركىزدە ليۇشيەنجۇن ئادەملىرىنى باشلاپ ئاۋاز قوشتى. ئىچكى تەرەپتە شېبياۋ (بىرىگادا كوماندىرى دەرىجىلىك ئەمەل) نى ماسلىشىشقا دەۋەت قىلدى. بىراق يۈەن-داخۇانىڭ جاسۇسلىرى بۇ مەخپىيەتلىكنى بىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى تەرەپتىن ماسلىشىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ليۇ-شيەنجۇن نەچچە ئون سەپداشلىرى بىلەن ھەربى - مەمۇرى يامۇلغا ھۇجۇم قىلىدۇ. يەر تۈزۈلىشىنى بىلمىگەچكە ماخوغا كىرىپ قالىدۇ ۋە يۈەن داخۇا ئالىبۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئەسكەرلەر بىلەن تۇتۇشۇپ قالىدۇ. ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىدىغان ئادەم يوق ۋە ئۆز كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن ليۇشيەنجۇن قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ئادەملىرىنىڭ



بىر قىسمى ئۆلۈپ بىر قىسمى يارىدار بولىدۇ، قالغانلىرى تىرىك قولغا چۈشىدۇ. ليۇشيەنجۇن قېچىپ چىقىپ ئەسكى تاملىق ئىچىگە يوشۇرۇ-نۇپ ئالغان بولسىمۇ، يۈەن داخۇانىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنى ئىزدەپ تۇتۇۋالىدۇ. يۈەن داخۇا ھەربى ھالەت ئېلان قىلىدۇ ھەمدە ھەربى - مەمۇرى يامۇلدا ۋاقىتلىق سوت ئېچىپ ليۇشيەنجۇننى سوراق قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئۆلكە مەركىزگە يۈرۈش قىلغان قىسمى جىڭ ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆلكە مەركىزى قاتتىق چۆچۈيدۇ. يۈەن داخۇا توساپ زەربە بېرىشكە ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. بىراق ئىلى ئەسكەرلىرى ئوبدان تەلىم ئالغان، قوراللىرىمۇ ئۆلكە ئارمىيىسىدىن خىل بولۇپ، ئۆلكە ئارمىيىسى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولىدۇ، ساچۈەنزى سوقۇشىدا يۈەن داخۇا قوشۇنى پۈتۈنلەي دىگۈدەك گۇمران بولىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆلكە مەركىزىگە قىستاپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى يامان خەۋەر يېتىپ كەلگەن ۋاقىت دەل يېرىم كېچە بولۇپ، بۇ چاغدا ليۇشيەنجۇن ئەنزىسى ئۈستىدە سوراق قىلىنىۋاتاتتى. ئەسىرگە چۈشكەن ئىنقىلاپچىلارنىڭ قەتئى باش ئەگمەسلىكى ۋە ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىدىن ليۇشيەنجۇن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى بىر يوللا قەتلى قىلىنىدۇ. شۇ چاغلاردا ئۆلكە مەركىزىدىكى خۇنەن، خۇبېيلىك زاتلارنىڭ كۆپى گۇەن يىنگې راۋدىغى ۋە نىياڭنىياڭمياۋ بۇتخانىسىدا تۇراتتى. يۈەن داخۇا قوزغىلاڭ يالقۇنىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىپ ئاق - قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئۇلارنى قىرغىن قىلىدۇ. دىخۇا جۇفۇ (ھاكىم دەرىجىلىك ئەمەل) سى جاڭ شاۋبەي ئىبادەتخانىدا ياشاۋاتقانلارنىڭ كۆپى خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان كەمبەغەل ئەدىپ خىزمەتچىلەردىن

ئىككەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنداقلا ھۆكۈمەت نەپەقە خىراجىتىدىن ئۇلارنى ياتاق ۋە تاماق جەھەتلەردە قامداپ تۇرغان ئىدى. يۈەن داخۇا ئەسكەرلىرىنىڭ چوڭ قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئالمان - تالمان شۇ يەرگە بېرىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولىدۇ. بىراق يۈەن داخۇا ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايدۇ. جاڭ شاۋبەي نائىلاج يېرىم كېچىدە يۈەن داخۇانىڭ ئالدىغا بېرىپ يالۋۇرۇپ ئۆتۈنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلارغا كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يۈەن داخۇا قىرغىنچىلىقنى توختۇتۇش ھەققىدە ۋەقە تۇغۇلغان جايغا جىددى بۇيرۇق ئەۋەتىدۇ. بىراق ئىبادەتخانا ئاللىقاچانلا جەسەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئادەم چىدىغۇسىز پاجىئەلىك ھالەتتە ئىدى. جەسەتلەرنى نەپەقە ئىدارىسىنىڭ كۆمۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ. ساق قالغانلارغا يول خىراجىتى بېرىپ ئىچكىرىگە ئېۋەتىۋېتىدۇ. قېپ قېلىشنى خالىغانلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويىدۇ. جاڭ شاۋبەي ئۆزىنىڭ ۋاقتىدا توتۇش قىلالماسلىغى بىلەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق ھەسرەت قىلىدۇ. مەرھۇم ليۇشيەنجۇننىڭ ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە ماتېرىيال بولمىغاچقا يازمىدىم.

يۈەن داخۇا قوزغىلاڭچىلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋاتقان ۋە قوزغىلاڭچىلارغا قارىتا قايتارما ھۇجۇم قوزغاش ئۈچۈن ئەسكەر يۆتكەشنى پىلانلاۋاتقان بىر چاغدا چىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكى ھەققىدە پەرمان كېلىدۇ. يۈەن داخۇا جامائەتنىڭ پىكرى ۋە ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى ئاستىدا ئورۇنىنى توختۇتۇپ سۈلھە تۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئۆلكە قوشۇنلىرى بىلەن ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى جىددى



ئېلىشىۋاتقان ۋاقىتتا ياڭ زېڭشىن يۈەن داخۇاغا مۇنداق تەكلىپنى بېرىدۇ: «ئىسلام خەلقى ساددىق، ئىشەنچلىك كېلىدۇ، ئىسلام مۇرىتلىرى ئەزەلدىن باگخۇي (يوشۇرۇن ئاممىۋى تەشكىلات) غا قاتنىشىپ باققان ئەمەس. ئۆلكە مەركىزىنى قوغداش، جامائەتنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن خۇيزۇلاردىن بىر نەچچە يىڭ ئەسكەر ئېلىپ توپىلاڭنى جىمىقتۇرساق». يۈەن داخۇا ئۇنىڭغا خۇيزۇلاردىن بەش يىڭ ئەسكەر قوبۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ يۇرتدىشى مافۇشىڭ (يەنە بىر ئىسمى ماشىڭ، يۈننەننىڭ مېڭزى دېگەن يېرىدىن، خۇيزۇ، گۇاڭشۇنىڭ ئاخىرقى يىللىرى جىنايەت بىلەن شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان.) نىڭ ياردەملىشىشى بىلەن جەمى ئون يىڭ خۇيزۇ ئەسكەر توپلايدۇ. مافۇشىڭنى خۇيزۇ قىسىملىرىنىڭ تۇغلىگى، قوشۇمچە ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىغا زۇڭبەن قىلىپ تەيىنلەيدۇ. يۈەن داخۇا ياڭ زېڭشىننىڭ ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ ھەربى ھوقۇقنى قولغا ئېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. بىراق كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز بوسۇغىسىدىلا ماجىرا تۇغۇلۇشتىن ئەنسىرەپ شەرققە قايتماقچى بولىدۇ. ئۆز ئورنىغا ئادەم قوياي دېسە لايىقى يوق. يۈەن داخۇانىڭ ئەسلى مەقسىدى قەشقەردە داۋيىن (ۋالى) بولۇپ تۇرۇۋاتقان يۈەن خۇڭيۇنى شىنجاڭغا دۇدۇ، قوشۇمچە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى قىلىش ئىدى. ئەمما يۈەن خۇڭيۇ قەشقەر ئۆزگىرىشىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ چاغلاردا ياڭ زېڭشىن يۈەن داخۇاغا ھەددىسە خوشامەت قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن خۇيزۇ قىسىملىرى ئارقىلىق خۇنەن، خۇبېي ۋە سەنشى، گەنسۇ ئىككى تەرەپ كۈچلىرىنى سىقىشقا باشلايدۇ. يۈەن داخۇا ئۆز كۈچىنىڭ قولدىن كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭغا دۇدۇ قىلىپ كۆرسىتىپ

بېيجىڭدىكى يۈەن شىكەيگە تېلېگىراممۇ يوللايدۇ. ئۆزى يېقىن خىزمەتچى ۋە ئەسكەرلىرىنى، شۇنداقلا قۇدىسى چېن جىتاڭ (ۋاڭ شۈندىنىڭ ئورنىغا مالىيە ۋازارەت باشلىقى بولغان)لارنى ئەگەشتۈرۈپ ئىچكىرى ئۆلكىگە ماڭىدۇ. قۇمۇلغا كەلگەندە مېڭىشتىن توختاپ جېڭىشى (ھازىرقى بارىكۆل) ئامبىلى يى شۇسۇڭنىڭ ئەسكىرى كۈچىنى ئىشقا سالماق بولۇپ پۇرسەت كۈتۈپ تۇرىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا جېڭىشىنىڭ جەنۇبىي تاغ ئېغىزىدا دىخانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. يى شۇسۇڭ شەخسەن ئۆزى ئەسكەر باشلاپ بېرىپ باستۇرماقچى بولىدۇ، بىراق مەغلۇپ بولۇپ ئۆزى ئۆلتۈرۈلىدۇ. يۈەن داخۇا ئامالسىزلىقتىن شەرققە يۈرۈش قىلىدۇ. شىڭشىڭشياغا كەلگەندە شىنجاڭ ھەربىي - مەمۇرى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ تامغىسىنى مەخسۇس ئادەم بىلەن ياڭ زېڭشىنغا ئەۋەتىدۇ. (بۇرۇنقى مەنسەپ تۈزۈمىدە ھەربىي - مەمۇرى ۋالى پادىشاغا ۋاكالىتەن خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن سىرتقا چىققاندا، ھەربىي - مەمۇرى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدىغان ئالاھىدە ئىمتىيازلىق تامغىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن، بۇ تامغا «گۇەنفاڭ» دەپ ئاتىلاتتى، تىك تۆت بۇلۇڭ، بىنەپشە سۈرۈق بىلەن بېسىلىدۇ). ۋاھالەنكى، ياڭ زېڭشىن دۇدۇ تامغىسىنى ئۆزى ئويدۇرۇپ ئىشلىتىشكە باشلىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ياڭ زېڭشىن بىر پاي ئوق چىقارماي تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ ئەڭ يۇقۇرى ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقىۋالدى.

## 2. رەسمىلەشمىگەن بەزى ئىشلار

ياڭ زېڭشىن خەت - ئالاقىلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەستايىدىل ئىدى، بېسىپ قويۇشنى يامان كۆرەتتى. كۈندۈزى ئۇششاق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ



كېچىسى چىراق تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ھۆججەت كۆرەتتى. يېزىلغان ماقالىلارنى ئۆزگەرتەتتى. بەزىدە تاكى تاڭ ئاتقىچە شام ئالدىدا ئولتۇرۇپ ھۆججەتلەرگە تەستىق سالاتتى. بەزىدە ھەر قايسى ئىدارە ئەمەلدارلىرى بىلەن تۈن يېرىمىغىچە سۆھبەتلىشەتتى. باشقىلار چارچاپ ئولتۇرالمايدىغان دەرىجىگە يەتسىمۇ، ئۇ يەنىلا سۆزلەپ ھارمايتتى. يەنە بەزىدە ھەرقايسى ئىدارە ئەمەلدارلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ئەكىلىپ ئورتاق ئىش كۆرەتتى. بولۇپمۇ تارقىتىلىدىغان ئالاقە - تېلېگىراممىلارغا بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. جۈملە، سۆزلەرنىڭ ئىخچام، پىششىق بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. جۈپلۈك يېزىش ئۇسلۇبىغا، ماقال - تەمسىللەرنى نەقىل كەلتۈرۈشكە قارشى ئىدى. سىرتتىن كېلىدىغان خەت - ئالاقىلارنىڭ سەت - چىرايلىق يېزىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، پەقەت پاكىتلىق ۋە مەزمۇنى جايىدا بولسا بولىۋېرەتتى. ئومۇمەن، ماقالىلاردا كونا ۋە چۈشۈنۈكسىز خەتلەرنى ئىشلىتىشكە يول قويمايتتى. بىر نۆۋەت بىرەيلەن سىرتقا چىقماقچى بولۇپ، گەپ ئويۇنۇتۇپ ئىلتىماس يازغان، بىراق ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا قارايمۇ قويمىغان ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئوردا ئىمتىھانىدا جىڭشى بولغان، ئۆزى ئۇستا خەتتات بولسىمۇ، باشقىلارغا ھەرگىز بۇ توغرىلىق ئېغىز ئاچمايتتى. بولۇپمۇ باشقىلارغا بېغىشلىما يېزىپ بېرىشنى خالىمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىيازمىلىرىدىن بىزگە يېتىپ كەلگىنى ناھايىتى ئاز. ئەپيۇننى ئاندا - ساندا چېكىپ قويسىمۇ خۇمارى يوق ئىدى. بەزمىلەردە ئىچىملىكنى جايىدا ئىچىپ توختاپ قالاتتى. چوڭ - كىچىك بەزمىلەرنى كۆپ ئۇيۇشتۇرمايتتى، نەغمە - ناۋالارغىمۇ بېرىلمەيتتى، جۈملىدىن يامان ھەۋەسلىرى يوق ئىدى.

سەيلە قىلىشىنى ۋە كونا كىتاپلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. شېئىر ئوقۇغانلىرىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ كېتەتتى. قول ئاستىدىكىلەر ئۇچراپ قالغاندا «ھېلىمۇ چىكىپ تۇرۇۋاتامسەن؟» دەپ سورايتتى. ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا «ھە» ياكى «ياق» دەپ راست جاۋاپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. راستىنى ئېيتمىغانلارنى تىللايتتى. سۆزلەتۋاز بالىلار بىلەن بەكمۇ خوشى يوق ئىدى.

ھىلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش ياڭ زېڭشىننىڭ جاھاندارچىلىق ھۈنىرىنىڭ بىرسى ئىدى. ياڭ زېڭشىن گەرچە جۇاڭزى تەلىماتىنىڭ مەستانىسى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنتايىن قەبىھ ئادەم ئىدى. يۈەن شىكەي جۇڭخۇا مىنگونىڭ 5 - يىلى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنى پادىشا دەپ ئېلان قىلدى. يۈننەن ھەربىي قىسىملىرىنىڭ قوماندانى تاڭ جىياۋ ۋە سەيئې قاتارلىقلار ئاساسقانۇننى ھىمايە قىلىپ يۈەن شىكەيگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىدۇ، ياڭ زېڭشىن بىلەنمۇ ئالاقىلىشىدۇ. بىراق ياڭ زېڭشىن ئالدىبۇرۇنلا يۈەن شىكەيگە سادىقلىق بىلدۈرۈپ بولغان ئىدى. بۇ چاغدا ئىلى تەرەپ يۈننەن تەرەپكە ئاۋاز قوشقان ئىدى. ياڭ زېڭشىن يەنە ئۆزگىرىش بولۇشىنى كۈتۈپ جىم يېتىۋالدى. سانجى ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى گۇاڭشى (خۇبېيلىك، ئىلىدا «مىنباۋ» گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى بولغان. ئۆلكە تەرەپ بىلەن ئىلى تەرەپ سۈلھە قىلغاندىن كېيىن سانجى ناھىيىسىگە ئامبال بولغان) ئۆلكە مەركىزىگە كېلىپ ياڭ زېڭشىننىڭ يۈەن شىكەينى ئاغدۇرۇشقا قاتنىشىپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشىنى قاتتىق دەۋەت قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئىپادە بىلدۈرمەي چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىدۇ،



ئاستىرتىن يۈەن شىكەيگە مەخپىي تېلېگرامما ئەۋەتىپ يوليورۇق سورايدۇ. يۈەن شىكەي قەتلى قىلىنسۇن، دەپ جاۋاپ تېلېگرامما ئەۋەتىدۇ. ياڭ زېڭشىن زىياپەت بېرىش نامى بىلەن ئۇنى دۇڭخۇايۈەنگە ئالداپ ئەكىلىپ يۈەن شىكەي ئەۋەتكەن تېلېگراممىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى قەتلى قىلىدۇ. گۇاڭشى ئۆلگەندە ئەندىلا 50 ياشقا كىرگەن ئىدى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 10 - يىلى قىشتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئىلى چېگرىسىغىچە بولغان تېررىتورىيىسىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن چىتەيدە تۇرۇۋاتقان ئاق ئورۇس قاچاقلىرىنىڭ باشلىقى ئاننېنكوۋنى دىخۇاغا ئالداپ ئەكىلىپ ناھىيە تۈرمىسىدە نەزەربەنت قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ سەنمۇجاڭى دېنىسون شەرقىي يولدىن ئىچكىرى ئۆلكىگە كىرىپ كېتىش مەقسىدىگە يېتەلمەي، نەچچە يۈز قاچاقلار بىلەن چىتەيدە قالىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئۇلارنىڭ ئىش تېرىشىدىن ئەنسىرەپ چىتەيگە ئەسكەر يۆتكەپ قامال قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلىدا تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمنىڭ تارماق ئەترەت باشلىقى ياڭ شىجۇڭ ۋە شەرقىي يول مۇداپىئە - چارلاش قىسىمىنىڭ قوماندانى ياڭ يىڭكۇەنلەر بولۇپ بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بار ئىدى. تۇرۇشلۇق جايى بىر بولسىمۇ خۇددى ئوت بىلەن سۇ چىقىشالمىغاندەك چىقىشالمايتتى. ياڭ يىڭكۇەن ياڭ زېڭشىننىڭ جىيەنى ئىدى. ئۇ، ياڭ شىجۇڭ ئەسكەرلەرنى قوترىتىپ ئۆزگىرىش قىلماقچى بولىۋاتىدۇ، دەپ ئەرز بېرىدۇ. ياڭ زېڭشىن چىتەيدە تۇرۇشلۇق ئىلى ۋالىسى شۇگۇجېڭغا مەخپىي تېلېگرامما ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ تولۇق مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. تېلېگراممىنىڭ جاۋابى تېخى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ ياڭ يىڭكۇەن ياڭ شىجۇڭنى

ئېتىپ تاشلاپتۇ، دېگەن خەۋەر كېلىدۇ. ياڭ زېڭشىن بۇنىڭدىن
قاتتىق چۆچۈيدۇ. كېيىن، ياڭ شىجۇڭنى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى
تاۋچۈنتىنىڭ دېگەن بىر تۇەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر ئېتىپ
تاشلىغانلىقى ھەققىدە چىنتەي ھەربىي - مەمۇرى ئورنىدىن
مەلۇمات كېلىدۇ. ياڭ زېڭشىن تاۋ چۈنتىڭنى دەرھال ئۆلكە
مەركىزىگە ئېلىپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. شۇ چاغدا
مەن مەخپىي ئىشلار بۆلۈمىدە بولۇپ بۇ ئاجايىپ ئويۇننى ئۆز
كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن كانىۋاي
ياڭ زېڭشىنغا تاۋچۈنتىنىڭ چىنتەيدىن ئېلىپ كېلىندى، دە
مەلۇم قىلدى. ياڭ زېڭشىن ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ خىزمە
قىلىۋاتاتتى. ئۇ تاۋچۈنتىڭنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرىدى. تاۋچۈنتنىڭ
ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن كۈلۈمسىرىگە
ھالدا ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سوراپ پاراڭلاشتى. چىرايىد
قىلچىمۇ غەزەپ شەپىسى يوق ئىدى. ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى
سۈرۈشتە قىلمىدى، پەقەتلا: «بۇ ئىشنى ئوبدان قىلىپسىز
بۇ سىزنىڭ مەرتلىكىڭىزنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. بىراق سىز ئۆزىڭىزگ
كۆچلۈك دۈشمەن تېپىۋالدىڭىز، ياڭ شىجۇڭنىڭ قول ئاستىدىكىلە
سىزنى بوش قويمايدۇ. ئەمدى ئىلىغا قايتىشقا بولمايد
مەنمۇ سىزنى تۇرغۇزالمايمەن، سىزگە سىچۈەنگە قايتىشقا يو
راسخودى بېرەيلى، سىچۈەن ھەربىي قوماندانىغىمۇ بىر پار
خەت يېزىپ بېرەي (ئېھتىمال شيۈك كېۋۇ بولسا كېرەك)
سىز مۇشۇ خەتنى ئېلىپ سىچۈەن ھەربىي قوماندانى ئالدى
بېرىپ خىزمەت تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ. دىخۇا ناھىيىسى
ماشىنا ھازىرلاپ سىزنى دەرھال سىچۈەنگە يولغا سالسۇن» - 
دىدى. (تاۋ چۈنتىڭ سىچۈەن باشىيەن ناھىيىسىدىن، بىيىال



ھەربىي مەكتىۋىدە ئوقۇغان، كېلىشكەن، يەستىلىك يىگىت بولۇپ
ئاددىلا كىيىنگەن ئىدى، ياڭ زېڭشىننىڭ ئالدىدا بىخىرامان
تۇراتتى). ياڭ زېڭشىن سۆزىنى تۈگىتىپ ئىشكاپتىن بىر
باغلام ھۆكۈمەت پۇلى، 2 دانە نوكچا ئالتۇن ۋە پېچەتلەنمىگەن
بىر پارچە خەتنى ئېلىپ تاۋ چۈنتىڭغا بەردى. تاۋ چۈنتىڭ
بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ تازىم قىلىپ رەخمەت ئېيتىپ ئالىدۇ.
بۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن كۈلكىسىنى يىغىپ كانىۋايغا تاۋ چۈنتىڭنى
ئەپچىقىپ كېتىشنى بۇيرۇيدۇ، ياڭ زېڭشىن دەرىزىدىن قاراپ
تۇرىدۇ. ئەمدىلا دالاندىن ئۆتۈشىگە ياڭ زېڭشىن تۇساتتىن
رەڭگىنى بۇزۇپ جوزىنى مۇشتلاپ: شەخسى شان - شۆھرىتىنىڭ
ئۈچۈن ئىگىسىنى ساتقان، كىمنىڭ نېنىنى يەپ، كىمنىڭ
قازىنىنى چاقماقچى بولىۋاتىسەن؟ ئىلى گېلاۋخۇي تەشكىلاتى
نىڭ ئىسىملىكىدە سېنىڭ ئىسمىڭ بار، سېنى بۇرۇنلا ئېتىپ
تاشلاش كېرەك ئىدى، بىراق پۇرسەت بولمىدى، ھازىر ئۆز
باشلىغىڭنى ئۆلتۈردۈڭ، ساڭا رەھىم قىلىشقا زادى بولمايدۇ، -
دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا كويزا - كىشەن سالدۇرۇپ كانىۋايخانى
دا بىر تەرەپ قىلىشنى كۆتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇرۇمچى
ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى جاڭ خۇالىڭ (لەقىمى جىنسەن، گەنسۇ نې
لەن ناھىيىسىدىن) غا تاۋ چۈنتىڭنى لىۋداۋانغا ئاپىرىپ
ئېتىش توغرىسىدا يازما بۇيرۇق ئەۋەتىدۇ. ئىككى سائەتتىن
كېيىن ئۈرۈمچى ناھىيىسى يازما بۇيرۇق ۋە پۇل، نوكچا
ئالتۇن، ئالاقە قەغەزلەرنى قايتۇرۇپ ئەپكېلىپ تاپشۇرىدۇ.
ياڭ زېڭشىننىڭ ئاچچىقى تېخى يانمىغان بولۇپ، ئۇن - تۈن
قىلماي ئولتۇراتتى.
ياڭ زېڭشىننىڭ ياڭ شىجۇڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ناھايىتى قويۇق ئىدى. چىنەي ۋەقەسى جىمىقتاندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن ياڭ يېڭگۈەننى ئۆلكە مەركىزىگە قايتۇرۇپ ئەكىلىپ راسخوت بېرىپ ئىچكىرىگە ئەۋەتىۋەتتى.

ياڭ زېڭشىن كۆپىنچە دۈڭ جيەنداۋ (بۇرۇن ياڭجەن بېيدۇشىياڭ دەپ ئاتىلاتتى) دىكى زەمبىرەكچىلەر گازارمىسى-نىڭ ئالدىدا ياكى ئۇرۇمچى ناھىيىسىدىكى جاۋبى تېمى ئالدىدا ئادەم ئۆلتۈرەتتى. ئۇ چاغلاردا ليۇداۋان ئىنىسى - جىن يوق بوشلۇق ئىدى. ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇمچى ناھىيىسى نازارەتچىلىك قىلاتتى، چەت رايونلاردا بولسا داۋانچىڭ يەتتە قۇدۇق، مورى قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلاتتى.

زىياپەت سورۇنى ئۈستىدە ئادەم ئۆلتۈرۈش ياڭ زېڭشىننىڭ ئادىتى ئىدى. بۇنىڭغا ئۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان يۈننەنلىك يۇرتداشلىرى شيا دىڭ ۋە لى يىڭلار مىسال بولالايدۇ. ياڭ زېڭشىن-نىڭ ئاخباراتچىلىق تورى ئىنتايىن مۇكەممەل ئىدى. مەخپىي تېلېگىراف بۆلۈمىگە كەلگەن تېلېگراممىلارنىڭ مۇھىم بولمىغانلىرى-نى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇراتتى مۇھىملىرىنى ئۆز ئەينى بويىچە بىر پارچە كۆچۈرۈپ تۈۋەنگە چۈشۈرەتتى، ئەسلى تېلېگراممىنى مەخسۇس دەپتەر ئىچىدىگە چاپلاپ ساقلايتتى. ھەر بىر رايون، ناھىيە ۋە ئادەملە-بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىشكاپقا تىزىپ قويۇلاتتى ھازىرقى ئارخىپ ساقلاشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. بەزەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە ئاختۇرسىلا تېپىلاتتى. ھۆججەت ئىشكابىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزى تۇتاتتى، ھەرگىز باشقىلارغا بەرمەيتتى. ئۇ-ئۆلتۈرۈلۈشتىن 1 - 2 يىل بۇرۇن ئىھتىمال ھاردۇق يەتكە-بولسا كېرەك، بۇ خىل ئەھۋال ئۆزگەرگەن ئىدى. ياڭ زېڭشىن



نىڭ قولىدىن ئۆتكەن مۇھىم ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى توپلام قىلىپ تۈپلىنەتتى.

ياڭ زېڭشىن ئۆز بالا - چاقىلىرىغا ۋە ئۇرۇق تۇغقانلىرىغا بىر ئاز يول قويسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆلكە مەركىزىدە ياكى يېقىن ئەتراپتا تۇرۇشىغا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايتتى. بىرەر خىزمەتكە ئەۋەتكەن تەقدىردىمۇ 1 - 2 يىلغا قالمايلا ئۆز يۇرتىغا ئەۋەتىۋېتەتتى. ئۇنىڭ چوڭ قىزى ياڭ يىڭفۇەن سەنشى ئۆلكىسى ۋېينەنلىك ناھىيىسىدىكى ۋاڭ شۆزېڭنىڭ ئوغلى ۋاڭ نەيۋېيغا ياتلىق قىلىنغان ئىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 13 - يىللىرى ۋاڭ نەيۋېي شىنجاڭغا كەلگەندە ئۇنى خوتەن ناھىيىسىگە ئامبال قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە ئۆزىنىڭ كانۋېيى ۋاڭ لۇچيەننى قوشۇپ خىزمەت ئورنىغا ئاپىرىپ قويغان. بىر يىل توشقاندا بۇ كۈيوغلىنى ۋەزىپىسىدىن ئايرىپ بېيجىڭگە يولغا سېلىۋەتكەن.

ياڭ زېڭشىننىڭ ئىش بېجىرىش ئورگىنى ئۇنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەخپىي ئىشلار بۆلۈمىدىن سىرت، دۇخۇاتىڭ-دا ھۆكۈمەت ئىشلىرى بېجىرىلەتتى، شىنخۇاتىڭدا ھەربىي ئىشلار بېجىرىلەتتى. مالىيە، مائارىپ، ئىسلاھات نازارەتلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەھكىمىسى بار ئىدى. دىخۇا ۋالىي مەھكىمىسى ئىسمى بار، جىسمى يوق ئورۇن ئىدى.

## 3. ياڭ زېڭشىن بىلەن بولغان ئۇستاز - ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋىتىم

دادام جاڭ شاۋبەي 19 - يېشىدا شىنجاڭ ئەدلىيە نازارىتىنىڭ باشلىقى روك پېي بىلەن بىرگە شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، شەھەر خىزمەت باشقارمىسىدا مالىيە تالونلىرىنى

رەتلەيدىغان خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىدى. ئېيىغا 4 سەر كۈمۈش كېيىن ئەدلىيە ۋازارىتىگە باردۇ. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ،
ئىش ھەققى ئالاتتى. كېيىن روس تىلى مەكتىپىگە كىرىپ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خىزمەتكە تەيىنلەش ئىدارىسى
ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قەشقەرگە تەقسىم ئەمەلدارلىق كېنىشكىلىرىنى تەكشۈرگەندە، دادامنىڭ رۇسچە
قىلىنىپ ئاۋال قاغىلىق ناھىيىسىدە يېزىقچىلىق خىزمىتى مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىنى، ئۇزۇن ۋاقىت خارجى ئىشلار بىلەن
بىلەن شۇغۇللاندى، كېيىن سودا ئىدارىسىغا تەرجىمان بولۇپ شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەدلىيە ئەمەلدارى بولۇشىنى
باردى. ئۇزۇن ئۆتمەي پۈلى (تاشقورغان) غا ھاكىم بولدى لايىق كۆرمەيدۇ (بۇ چاغدا ئەدلىيە ۋازارىتى ئەدلىيە تەييارلىق
گۇاڭشۈينىڭ 32 ـ يىلى شايار ناھىيىسىگە ھاكىم بولدى باشقارمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئالى سوت قۇرۇش ئۈچۈن
دادام قىرىق ياشتىن ئېلگىرى ئامبال دەرىجىلىك ئەمەلگە تەييارلىق قىلىنىۋاتاتتى، كېيىن ئەمەلگە ئاشمىدى)، زۇڭتۇڭ
ئېرىشكەن ھەمدە ئۈچ ئەۋلاتقىچە ئەمەل ساقلاش سالاھىيىتىگە ئۈنى خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاقە باغلىغۇچىسى
ئېرىشكەن. دادام بىلەن ياڭ زېڭشىننىڭ شىڭخەي ئىنقىلاۋىدىن قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بۇ خىزمەت خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە
بۇرۇنلا ھەمنەپەسلىكى بولۇپ، ياڭ زېڭشىن ئەدلىيە ۋازارىتىغا بىۋاستە قاراشلىق بولۇپ، شىنجاڭدا پەقەت ئۆلكە باشلىقىنىڭ
باشلىق بولغاندا، دادام دىخۇا ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ۋالىسى ئازارىتىنى قوبۇل قىلاتتى. ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىم
قوشۇمچە ئۆلكىلىك خارجى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئادەتتە ئالاقە ئارقىلىق مۇناسىۋەت
بولغان ئىدى. شىڭخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىشلىشىپ تۇراتتى. بىراق شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى پەۋقۇلئاددە، ئۇنىڭ
ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ كەتتى. ھەربى ـ مەمۇرى ئۇستىگە دادام بىلەن ياڭ زېڭشىننىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە
ۋالى يۈەن داخۇا، مالىيە ۋازىرى چىن جىنتاڭ ۋەزىپىسىدىن قويۇق بولغاچقا، ئالاقە ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىشىشنى قالدۇردۇ.
ئىستىپا بېرىپ ئىچكىرى ئۆلكىگە كەتتى. يۈەن داخۇا كېتىدىغان ياڭ زېڭشىن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خوشال بولغان.
چاغدا ياڭ زېڭشىننى مۇۋەققەت مالىيە ۋازىرى ھەم شىنجاڭ دادام مېنىڭ چىقىش يولۇم توغرىلىق كۆپ باش
ھەربى ـ مەمۇرى ۋالى تامغىسىنى باشقۇرغۇچى قىلىپ تەيىنلىگەن قاتۇراتتى. چىتەي ۋەقەسى جىمىقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆلكىگە
ئىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ ئەدلىيە ۋازىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغان قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ياڭ زېڭشىن بىلەن بولغان قەدىناس
دىغان ئادەم بولمىغاچقا، يۈەن داخۇا دادامغا بۇ ۋەزىپىنى قىلىق مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ، مېنى ياڭ زېڭشىنغا تونۇشتۇرغان ۋە
ئۆتكۈزۈۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. بۇ چاغدا دادامنىڭ كىچىك بىر ئەمەل بېرىشنى تەلەپ قىلغان. مېنىڭ ئوقۇشتىن
دىخۇا مەھكىمىسىدىكى خىزمەت ۋاقتى توشۇپ، يەكەنگە ۋالىي تەقى ۋاقىتلىرىمدا مەشق قىلىپ ئىشلىگەن 4 پارچە ماقالەم
بولۇپ تەيىنلەنگەن ئىدى. يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئالغاندىن ئۇنىڭغا كۆرسەتكەندە، ئۇ «قەلبى يورۇقكەن، قەلىمى كۈچلۈك

ئىكەن، داۋاملىق ئەجىر قىلسا، كېلەچەكتە كارغا كېلىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى يېزىپ، ئىمزا قويۇپ تامغىسىنى باسقان. دادا ياڭ زىڭشىننىڭ تەستىق سۆزىنى ئوقۇپ، ئەھۋالنىڭ يامان ئەمەسلىكىنى بىلىپ، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ياڭ زىڭشىننىڭ مېنى ئۆزىگە شاگىرت قىلىۋېلىشىنى تەلەپ قىلغان. ياڭ زىڭشىن نائىلاج مېنى ئېلىپ كېلىپ يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى بۇيرىغان. مە ياڭ زىڭشىن بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تازىم قىلىسام ئۇ: «تۇر ئورنىڭدىن، ئارتۇقچە سالام ھاجەتسىز، مۇشۇ يەرد ئوينىپ يۈرۈپ تۇر، ئىش بولسا ۋاڭ زاجېدىن سوراساڭ بولىدۇ» دېدى. مانا شۇنداق بىر تازىم بىلەن ياڭ زىڭشىننىڭ مۇرىت بولۇپ قالدىم.

ياڭ زىڭشىن 3 ـ بۆلۈم يەنى مەخپىي ئىشلار بۆلۈمىد خىزمەت قىلاتتى، كېيىن لايىق كۆرمەي 3 ـ بۆلۈم كەينىدىكى قوروغا بىر نەچچە ئېغىز ئۆي سالدۇردى ۋە ئائىلىسىنى شۇ يەرگە جايلاشتۇردى. 3 ـ بۆلۈمدە غەزىنە، قورال ـ ياراق ئىسكىلاتى، مەخپىي تېلېگىراممىخانا (مەخپىي تېلېگىراممىخانا خادىملىرى يىل بويى خۇددى تۈرمىگە قامالغان مەھبۇسلارغا ئوخشاش ئىشلەيتتى، بەزىدە سىرتقا خىزمەتكە چىقىش ئىمكانىيىتى بولۇپ قالسا ئىچ ـ ئىچىدىن خوشال بولۇشاتتى)، قوماندانلىق شتاۋى بولۇپ باش كاتىپ بۇ ئىشلارنى باشقۇراتتى. ياڭ زىڭشىن ئارمىيىسى نىڭ ئايرىمىسى دىڭبىيەن. جېڭبىيەن، جىڭبىيەن دېگەن خەتلە بىلەن پەرقلىنەتتى، پىيادە قىسىملار ۋە ئاتلىق قىسىملاردا مۇشۇ داق خەتلەر يېزىلاتتى. ياڭ زىڭشىنغا قاراشلىق ياڭ، لىيە قىسىملىرىنى باش كاتىپ باشقۇراتتى. ئەسكەرلەرنىڭ قورۇ نامىغا ئېلىنغان پۇل شۇنداقلا ئاتلىرىنىڭ يەم ـ خەشەكلىرى



نەق پۇل قاتارلىقلار پۈتۈنلەي قوماندانلىق شتاۋىغا قارايتتى.

ياڭ زىڭشىن ھەر كۈنى ھۆججەت كۆرۈپ تەستىق چۈشۈرەتتى. شەخسىي تۇرمۇشتا مەسىلەن: يېتىپ قوپۇش، غىزالىنىش جەھەتلەردە بەكمۇ ئەستايىدىل ئەمەس ئىدى. 3 ـ بۆلۈمدە نەرسە ـ كېرەكلەر قالايمىقان تاشلانغان، ساندۇقلار كۆرگەنلا يەرگە قويۇلغان ئىدى. خەنياڭ قورال ـ ياراق زاۋۇتىدا ئىشلەنـ گەن مىلتىق قاچىلانغان ساندۇقلار، ھەر خىل ئوق ـ دورىلار 3 ـ بۆلۈمنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇزۇن ۋاقىت بوران، يامغۇر، قار ئاستىدا قالغاچقا مىلتىقلار بۇزۇلۇپ داتلىشىپ كەتكەن ئىدى. ھېچكىممۇ تۈزەشتۈرۈپ قويۇشقا پېتىنالمايتتى. چۈنكى ياڭ زىڭشىن گۇمانخور بولۇپ، ئۆپچۆرىسىدىكىلەر سەللا يىغەملىك قىلىپلا قويسا ئۆزلىرىگە بالا ـ قازا تېرىۋالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرگەنلەر كۆرمىگەنگە سېلىشىپ يۈرۈۋېرەتتى. ياڭ زىڭشىننىڭ مەخپىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ ئورنى تۇراقلىق ئەمەس ئىدى، خادىملارنىڭ تۇراقلىق سانى يوق ئىدى. ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى پۈتۈنلەي ياڭ زىڭشىننىڭ مىجەزى بىلەن بېكىتىلەتتى. ئاز ـ تولا مەلۇماتى بارلار ھۆججەت، تېلېگىراممىلارنى كۆچۈرۈش ياكى چاپلاش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ماقالە يېزىش ئىقتىدارى بارلار ياكى ياڭ زىڭشىننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى يازىدىغانلار، بۇ ئىشنى ئەمەلدار بولۇشنىڭ ئالامىتى دەپ قارايتتى.

مىنگونىڭ 9 ـ يىلى كۈزدە، مەن مەخپىي ئىشلار بۆلۈمىگە كىردىم. 10 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سىياسىي ئىشلار مەھكىمىسىگە ئەۋەتىلىپ پراكتىكانت بۆلۈمچى نامى بىلەن كۈندىلىك

هۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىردىم. بۇ ئورۇنغا يۆتكىلىشىمنىڭ سەۋەبى ۋاڭ زاجىنىڭ ئوتتۇرىدا ئەسكىلىك قىلغانلىقىدىن بولدى! يەنە بىرسى دادام چىتەيدىكى ئانپېكوف ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا دىۋىزىيە كوماندىرى جىياڭ سۈگلىنىنىڭ پىكرى بىلەن قارىمۇ - قارشى بولۇپ قالدى، ياڭ زېڭشىنغا دەۋا قىلغاندا ياڭ زېڭشىن جىياڭ سۈگلىنغا يان باسىدۇ. دادام ئاچچىغلاپ سەنشىگە كېتىپ قالىدۇ. تيەنجىنگە بېرىپ سارايۋەن بولىدۇ. بېيجىڭ، شاڭخەيلەرنى ساياھەت قىلغان، شۇنداقلا زۇڭتۇڭ شۈشىچاڭ بىلەن ئىككى نۆۋەت كۆرۈشكەن. خارجى ئىشلار مىنىستىرى يەن خۈيچىڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭ پەۋقۇلئاددە خارجى ئىشلار خادىمى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ياڭ زېڭشىن تېلېگىراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋە دادامنى بېيجىڭدە ئۆزىگە پايدىسىز ئىشلارنى قىلدىمىكىن دەپ قورققان. شۇنىڭ بىلەن شەخسى مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ، دادام ئۇنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي چىقىپ كەتتىم. كېيىنچە ئىچكى ئىشلار بۆلۈمىدە پراكتىكانت بۆلۈمچى بولۇپ 7 يىل سوغۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن ئىلگىرى، ياڭ زېڭشىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن تاشكەنتتىكى جۇڭگو كونسۇلخانىسىدا ئالاقە - ھۆججەت ئىشلىرىنى بېجىردىم. 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جىن شۇرېننىڭ يازما بۇيرۇقىنى ئېلىپ دىخۇا بىلەن خوشلاشتىم. شۇندىن ئېتىبارەن ياڭ زېڭشىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئاخىرلاشتى.



# شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسى كادىرلار كۇرسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

چېن فاڭبەي

## 1

شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسى كادىرلار كۇرسى 1938 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ يىلى 9 - ئايدا مەكتەپ ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، 11 - ئايدا رەسمى دەرس باشلىندى. 1942 - يىلى كۆزدە مەزكۇر كۇرس گومىنداڭ مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىگىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭغا قەدەر ئىككى قارار ئېچىلىپ، 300 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. ئۇ، شىنجاڭنىڭ ناھىيىدىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك مەمۇرى رەھبەرلىكىنى تولۇقلاشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى.

1938 - يىلى دەل شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەرانلىقى ئومۇمى يۈزلۈك روناق تاپقان مەزگىل ئىدى. «6 بۈيۈك سىياسەت» سىستېمىلىق، مۇكەممەل ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئىجرا قىلىنىدى. سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتلەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش بارلىققا كەلدى. شۇ

يىلى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ۋەكىللەر قـۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايدا ۋەكىللەر: خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەر مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش، كادىرلارنىڭ «6 بۈيۈك سىياسەت» كە بولغان تونۇشى ۋە كەسـ پىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشقا ئىخـ تىساس ئىگىلىرىنى ھازىرلاش ئۈچۈن كادىر يېتىشتۈرۈش ئورگىنىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭلاشقا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسى كادىرلار كۇرسى ئېچىش قارار قىلىندى.

سىياسى كـادىرلار كۇرسىنى ئېچىشتا يۇقارقى سەۋەپلەر- دىن بـاشقا، شىڭ شىسەي 1933 ـ يىلـدىكى «12 ـ ئاپرېل» سىياسى ئۆزگـىرىشىدە ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تـارتىۋال- غاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئىنقىلابچى قىلىپ كـۆرسىتىپ، ئىلغار قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تـۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بـولۇش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئـەمىر قىلىشتىن ئىبارەت 6 بۈيۈك سىياسەتنى ئوتـ تۇرىغا قويدى. «6 بۈيۈك سىياسەت» شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلەتتى، ھەممە ئادەم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش نى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا تىنچ ۋەزىيەت بار لىققا كـەلدى. مىللەتلەر ئـۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشتىن مىل لەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىگە قاراپ يۈزلەندى. تەمىرات ئىش لىرىغا ئەگىشىپ ئىختىساسلىقلار مەسىلىسىمۇ جىددى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر مەسىلە بولۇپ قالدى. 1934 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئـۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەر مىللەت ئـوقۇغۇچىلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنتتىكى دۆلەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنىس



تىنتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن ئۇرغۇن خىـ راجەت كېتەتتى، ئادەم سانىمۇ چەكلىك بولاتتى. ئەڭ ئاساسـ لىقى تۇرۇپ ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تـەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتى بولمايتتى. شۇ چاغدا شىڭ شىسەي ۋە باشقا ئۇرغۇن رەھبەرلەر مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار، شىنجاڭ ھەرمىللەت ياشـ لىرىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ياشلاردا ۋەتەننى سۆيۈش ئۇقتىدارىنى تۇرغۇزۇش ناھايىتى مۇھىم دەپ بىردەك تونۇشقا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1938 ـ يىلى شىنجاڭدا سـوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئـەۋەتىلگەن زور بىر تۈركۈم بولشېۋىكلار ۋە يەنئەندىن ئەۋەتىلگەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كادىرلىرى بار ئىدى. بۇ كادىرلار مول ئىنقىلاۋىي كۈرەش تەجرى- بىسىگە ۋە يۇقىرى ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىۋى بىلىمگە ئىگە ئىدى. ئـۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ مەمۇرى، مـەدەنىيەت، مائارىپ، ئاخبارات قاتارلىق جەھەتلىرىدە يېڭى قىياپەت بارلىققا كەلدى. شىنجاڭدا مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ھا- زىر بولغاندىن كېيىن، ئىختىساسلىقلارنى ئۆزىمىز تەربىيىلەپ يې- تىشتۈرۈشنىڭ شـارائىتىمۇ يارىتىلدى. سىياسى كادىرلار كـۇرسى مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا دۇنياغا كەلدى.

## 2

سىياسى كادىرلار كۇرسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىڭ شى- سەينىڭ ئـۆزى كۇرس باشلىقى بولۇپ، قوشۇمچە دەرسمۇ بەر- دى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى لى رۇڭ كـۇرسقا مۇئاۋىن باشلىق بولدى. تۆۋەندە كـۇرسنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىنى باش- قۇرۇشقا سىنىپ مـۇدىرى قويۇلدى ھەمدە كـۇرسنىڭ تۆرلۈك

كەسپى ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئىلمىي بۆلۈم، تەلىم - تەرگو كوممۇنىستلىرى ۋە دېموكراتىك زاتلار بار بولۇپ، ھەر قاي-
بىيە بۆلۈمى، تەرجىمانلار بۆلۈمى، خوجۇلۇق بۆلۈمى ۋە بۇغالىسى ئىدارىلارىنىڭ كاتىپۋاشلىرى ئىدى، ئۇلار قوشۇمچە دەرس
تىر بۆلۈمىدىن ئىبارەت بەش بۆلۈم قۇرۇلدى. پېرەتتى. 1 - قارارادا: شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ-
1 - قارار سىياسى كادىرلار كۇرسى ئېچىلغاندا زاڭ گۇفېيلىاۋچيەن (جاۋشى، بولىشۇنىڭ) خەلقئارا بىلىملەر ھەققىدە،
سىنىپ مۇدىرى بولدى. زاڭ گۇفېيڭ لياۋنىڭ ئۆلكىسى كەيىيۇەشىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى چېگرا ئىشلىرى
دائىھىيىسىدىن بولۇپ، كىشىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان، ئاشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن پېيشېڭ (ليۇ جىڭجۇڭ،
ئىش بېجىرىشكە پۇختا، خەت - ئالاقىلارنى يېزىشقا ماھىر بولۇپپولشۇڭ) سىياسى ئىقتىساتتىن؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ
نۇرغۇن يىل كاتىۋات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. دۇبەن مەھازارىتىنىڭ نازىرى مېڭ يىمىڭ (شۇمىڭچيۇ، ج ك پ ئەزاسى)
كىمىسىدە بەنگۇگىنىڭنىڭ مۇدىرى ئىدى. ئىلمى بۆلۈمىنىڭ باشلىلى مەسىلە ھەققىدە؛ شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى خەلق
لىغى دەي پېڭيىن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىۋى خۇاڭ مىڭفۇ (خۇاڭ خوچېڭ، ج ك پ
نىڭ كاتىۋى ئىدى. تەلىم - تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقەزاسى) ئېقىم مەسىلىلىرىدىن؛ شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى
لى شېڭۋۇ ھەربى تەلىم - تەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، شىنجاڭۇ جۇڭيۈەن (دېموكرات زات) سىياسەتتىن؛ شىنجاڭ دىخۇا
ئوفىتسېرلەر مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن. تەرجىمان بۆلۈمىنىڭ باشەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ خەنجۇ (شېڭ شىسەي-
لىغى خەمىت (ئۇيغۇر) چۆچەك گېزىتخانىسىنىڭ تەرجىمانى ئىدىمەك يېقىن ئادىمى) قانۇن ھەققىدە؛ كۇرس مۇدىرى زاڭ گۇفېيڭ
خوجۇلۇق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فېڭ يۈۋېن دۇبەن مەھكىمىسىنىجتىمائى تەرەققىيات تارىخىدىن؛ شېڭ شىسەي 6 بۈيۈك
كانىۋىيى ئىدى. بۇغالتىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يى × × ئىدىسىياسەت ۋە يېڭى پەلسەپىدىن دەرس بەردى. 2 - قارارادا:
كۇرس رەھبەرلىكىنىڭ كەسپى ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈشىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ساكوۋكلياۋ (دېموكر-
بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ شىسەي ئۆزى كۇرس باشلىرات زات)، دۇ جۇڭيۈەندىن كېيىن سىياسى ئىقتىساتتىن دەرس
غى بولغاچقا، «بۇيرۇق چۈشۈرۈلسە قەتئى ئىجرا قىلىناتتىبەردى. شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى جياڭ زۇجۇۋ، ۋاڭ باۋ چيەن-
شۇنىڭ ئۈچۈن 3 ئاي ۋاقىتقا بارمايلا تەييارلىق پۈتۈپ رەسىن كېيىن خەلقئارا بىلىم ھەققىدە دەرس بەردى. شىنجاڭ
مى ئوقۇش باشلاندى. وفىتسېرلەر مەكتىۋىنىڭ سىياسى بۆلۈمى مۇدىرى چيۇليۇ
سىياسى كادىرلار كۇرسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئەينى ۋاقىتيۇك، چېن پېيشىڭدىن كېيىن سىياسى ئىقتىساتتىن دەرس بەر-
تىكى دىخۇا (ئۈرۈمچى) نىڭ ئاتاقلىق كىشىلىرىدىن بولۇپى، لى يىئۇۋ بىلەن چېن فاڭبەي 6 بۈيۈك سىياسەتتىن دەرس
خېلى يۇقىرى ئىنقىلاۋىي نەزىرىيە بىلىمىگە ۋە ئەمەلى كۆرەردى. باشقا ئوقۇتقۇچىلاردا ئۆزگىرىش بولمىدى. 3 - قارارادا
تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولشۇدىكلار، جۇايون، يېزا باشلىقلىرىنىڭ خەۋەردار بولۇشى كېرەك بولغان

دەرسلىك قوشۇلدى. بۇنى شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى ماۋ زېمىن ئۆزى دەرس-
لىك تۈزەپ، ئۆزى دەرس بەردى. ھەر قايسى دەرسلەر ئوتتۇل
گەندە تەرجىمان قويۇلدى.

كۇرس ئا، ب ئىككى سىنىپقا بۆلۈندى، ئا سىنىپنىڭ
ئوقۇغۇچىلىرى ئۆلكە، ناھىيىلىك ھەر قايسى ئىدارىلاردىن
كەلگەن خىزمەت ئۇستىدىكى خادىملار بولۇپ، مىللەت ئايرى-
مىسى يوق ئىدى. 6 بۈيۈك سىياسەتكە سادىق بولۇپ، خىزمەت-
تە ئاكتىپ، ئۆزى روھلۇق، ئىستەكلىك بولغانلار قوبۇل قىلى-
ناتتى، ئادەتتە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ ئەزالىرى
ئىچىدىن قوبۇل قىلىناتتى. ب سىنىپقا خىزمەت ئۇستىدىكى
بىر قەدەر ياش رايون، يېزا كادىرلىرى قوبۇل قىلىناتتى.
6 بۈيۈك سىياسەتكە سادىق بولغان، خىزمەتتە ئاكتىپ بولۇپ
كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلار مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن
ھەر قايسى ناھىيىلەر تاللاپ كۆرسەتسە بولىۋېرەتتى. ئوقۇش
مۇددىتى بىر يىل ئىدى. 1 - قارار كۇرس 1938 - يىلى 9 - ئاب-
ئوقۇش باشلاپ، 1939 - يىلى 8 - ئايدا ئاخىرلاشتى.

1 - قارار كۇرس ئوقۇش پۈتتۈرگەندە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى تەش-
كىللىدى. مەقسەت: جەنۇبىي شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى
تەرتىپكە سېلىپ نۇقسانلارنى تۈزىتىش، خىيانەتچى - پارىخورلار-
نى تەكشۈرۈپ جازالاش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ناھى-
يىدىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك مەمۇرى كادىرلارنى ۋەزىپىسىدىن
قالدۇرۇش ياكى يۆتكەش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە «ئاۋال ئىشلەپ
بولۇپ، ئاندىن مەلۇم قىلىش» تىن ئىبارەت ئىدى.



جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك
باشلىقى ۋاڭ باۋچيەن، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى لۇليۇلىن،
باش كاتىپ ليۇ خەنجۇ ئىدى. تۆۋەندە تەمىرات، مالىيە، جامائەت
خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە قاتارلىق گۇرۇپپىلار قۇرۇلدى. ھەر قايسى
گۇرۇپپىلارنىڭ ئەزالىرى پۈتۈنلەي ئۆلكە دەرىجىلىك ئىدارىلار-
دىن يۆتكەپ كېلىنگەن بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى بولغان كادىر-
لاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىياسى
كادىرلار كۇرسىدىن تاللانغان 30 نەپەر ئوقۇش پۈتتۈرگەن
ئوقۇغۇچى ۋە ساقچى مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن 60 نەپەر ئوقۇغۇچىمۇ
ئۆمەك بىلەن بىرگە كۆزدىن كەچۈرۈشكە ماڭدى. ئۇلار جايلار-
دىكى خىزمەتتىن قالدۇرۇلغان ياكى يۆتكەلگەن خادىملارنىڭ
ئورنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن تەييارلانغان ئىدى. كۆزدىن كەچۈرۈش
ئۆمىكى ھەر بىر ناھىيىگە بارغاندا ھەر جەھەتنىڭ پىكىرىنى
ئاڭلىدى. قايسى ئىدارىنىڭ خادىمى بولۇشتىن قەتئىي نەزەر،
خەلقنى ئېزىش، خىيانەت ۋە پارىخورلۇق قىلىش، ئۆز نەپسىگە
چوغ تارتىش ئىشلىرى سېزىلىپ، قىلمىشى قەبىھ، خەلقنىڭ غەزى-
ۋى كۈچلۈك بولغانلارنى دەرھال خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ
جازالىدى. شۇڭا، جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمى-
كى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ تۈزەشتۈرۈش رو-
لىنى ئوينىدى.

1 - قارار كۇرس ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن ئىلگىرى، 1939 -
يىلى يازدا، سىنىپ مۇدىرى زاڭ گوفېڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك
مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باش-
لىقلىقىغا تەيىنلىنىپ يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا لى يە-
نۇۋ قويۇلدى. لى، دۇبەن مەھكىمىسى تەلىم - تەربىيە باشقار-

مىسسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، سىنىپ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى، سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش؛ (2) جايلارنىڭ سىياسى، ئىقتىسات،
1 ـ قارار كۇرس ئاياقلىشىپ، 2 ـ قارار كۇرس دەرس باشلاپ مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش
ئۇزۇن ئۆتمەي، 1940 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لى سىياسى كادىرلار ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنى جايلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇرۇپ،
كـۇرسىدىن يۆتكىلىپ كەتتى، ئورنىغا چېن فاڭبەي كـەلدى ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن جايلارغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا
چېن قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن ئىدى ئىمكانىيەت يارىتىش. ساياھەت ئۆمىكىدە جـەمى 200 نـەپەر
ئۇ بۇ يەردە يېرىم يىل ۋەزىپىدە تۇرغاندىن كېيىن، 6 ـ ئايدا ئادەم بولۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا يەنە ھەر قايسى بۆلۈملەر ـ
شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىغەن مەكتىۋىگە شياۋجاڭ بولۇپ يۆتكىـنىڭ بارلىق خىزمەتچىلىرىمۇ قاتناشتى، ئۇلار كۇرستىكى ۋاقىت ـ
لىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا لى يىئۇۋ سىنىپ مۇدىرى بولدى تىكىگە ئوخشاش ھەر خىل ئىشلارنى بېجىرەتتى. ساياھەت ئۆ ـ
2 ـ قاراردا، ئىلمى بۆلۈم باشلىقلىقىغا ۋاڭ شىيەن قـويۇلدى مىگى 7 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋامىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى
ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇپ ئوقۇغان 3 ـ قـارارنىڭ ئوقۇغۇ ـ ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ يېزا، چارۋا رايونلىرىنى كېزىپ چىقـ ـ
چىسى ئىدى. شىنجاڭ شۆبىۋەنىنى پۈتتۈرۈپ چىققان دىڭ كېچاڭتى، 1940 ـ يىلى 5 ـ ئايدا دىخۇاغا قـايتىپ كەلدى. دىخۇاغا
تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا قـويـۇلدى، تـەرجىمان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆت ـ
بـۆلۈمىنىڭ باشلىقى خـەمىت 1940 ـ يىلى «12 ـ ئـاپرېل» كۆزلۈپ خىزمەتكە تەخسىم قىلىندى.
ۋەقەسىدىن ئاۋال قولغا ئېلىنىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا مارۇلۇك بۆلۈم 2 ـ قارارنىڭ ئـوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا
باشلىقى بولدى، خـوجۇلۇق بۆلۈم باشلىقلىقىغا جـاڭ فۇنيەن تۇرغاندا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەلىم ـ
قويۇلدى. تەربىيە كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ كـادىر ۋە ئوقۇ ـ
2 ـ قارار كـۇرسىنىڭ ئـوقۇغۇچىلىرى 1939 ـ يىلى 10 ـ غۇچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلىكىنى نـەزەردە
ئايدىن تارتىپ ئوقۇپ 1940 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈر ـ تۇتۇپ، مۇشۇ كـۇرسىنىڭ كادىرلىرىنى سىياسى كادىرلار كۇرسىغا
دى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا، سىياسى كادىرلار كـۇرسىنىڭ ۋاقىتلىق قوشۇۋېتىشنى قـارار قىلدى، ئۇلار 8 ـ ئايدىن 12 ـ
ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن شىنجاڭ شۆبىۋەنىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئـايغىچە يەنە 4 ئاي ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈردى.
ئالدىدا تۇرغان تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ ئـوقۇغۇچىلىرى 3 ـ قارار 1942 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئـوقۇش بـاشلىدى.
جەنۇبىي شىنجاڭ قىشلىق ساياھەت ئۆمىكى تەشكىل قىلىپ، ئۇ ـ شۇ ۋاقىتتا كۇرس مۇدىرى بولۇپ تۇرغان لى يىئۇۋ قولغا ئېلىنـ ـ
مەك باشلىقى لى يىئۇۋنىڭ باشچىلىقىدا ئايرىم ـ ئـايرىم ھالدا غان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى
قاراشەھەر، ئـاقسـۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق تۆت ۋىلايەتنى مارۇلۇك (قاسىم) تەيىنلەندى. مارۇلۇك، مىللىتى ئۇيغۇر، شىنجاڭ
ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. ساياھەت ئۆمىكىنىڭ ۋەزىپىسى: (1) 6 بۆيۈك ئـۆلكىلىك 1 ـ دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتەرگەن، خـەنزۇچە تىل

ۋە يېزىقنى پىششىق بىلىدۇ، نۇرغۇن يىل تەرجىمە ۋە مائارى خىزمىتى ئىشلىگەن. مارۇلۇڭدىن كېيىن لى يىڭچى قوشۇم كۇرس مۇدىرى بولدى. لى يىڭچى جامائەت خەۋپسىزلىگىنى قوغداش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، داڭلىق جاللات ۋ شېڭ شىسەينىڭ قول چومىقى ئىدى.

سىياسىي كادىرلار كۇرسى خادىملىرىنىڭ توختىماي يۆتكى لىپ تۇرۇشىدىن، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كوم مۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائى هازىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. چۈنكى ئۇ چاغ سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى جىددىي كېتىۋاتقان بولۇپ، گىتلې ئارمىيىسى شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن، سوۋېت ئارمىيىسى ي گىلىپ ئارقىغا چېكىنىۋاتقان ئىدى. بۇ شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جيېشى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1942 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سۇڭ مېيلىڭ ئايروپىلان بىلەن دىخۇا كەلدى، چېگرا رايوندا ۋەزىيەت جىددىيلەشتى، گومىنداڭ شىنجاڭ غا كىرىشكە باشلىدى.

گومىنداڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي 180 گىرادۇس چوڭ بۇرۇلۇش ياسىدى، چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئاپ - ئاشكارا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى چىقتى. ئارقىدىنلا، ئۇ، شىنجاڭ جاھانگىرلىكك قارشى خەلق ئۇيۇشمىسىنى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىگە ئۆزگەرتتى، سىياسىي كادىرلار كۇرسىنى گومىندا مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىگىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە ئۆز گەرتتى. شېڭ شىسەي ئىنقىلاپقا ئاشكارا قارشى چىقتى، شىنجا قايتىدىن زۇلمەتلىك يىللارغا قەدەم تاشلىدى.



# ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىككى قېتىم شىنجاڭغا بارغانلىقىم ھەققىدە خاتىرە

سۈن يۆچى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بولۇۋاتقان 1942 - يىلى ۋە 1943 - يىلى ئىككى قېتىم شىنجاڭغا باردىم، ئۇ چاغ دەل شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. 1 - قېتىم شىنجاڭغا بېرىشتا جۇ شاۋلياڭ ۋە ۋېن ۋېنخاۋ بىلەن بىرگە باردىم، 2 - قېتىم شىنجاڭغا بېرىشتا شىخۇدىكى مايتاغ نېفىتلىكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن باردىم. شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىككى قېتىم شىنجاڭغا بارغانلىق ئەھۋالىمنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ماڭا ئايان بولغان شېڭ شىسەينىڭ 1942 - يىلى كومپارتىيىگە، سوۋېتكە قارشى تۇرۇش، جياڭ جيېشىگە تەسلىم بولۇشتىكى بەزى ئەھۋاللارنى يازماقچىمەن. ئۇ چاغلاردا بىز بۇنى شېڭ شىسەينىڭ «ئىچكى جەھەتتىن ۋەتەنگە تەلپۈنۈشى» دەپ ئاتىغان ئىدۇق.

## 1. شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ئەھۋالى ۋە كومپارتىيىگە، سوۋېتكە قارشى تۇرۇش، جياڭ جيېشىگە تەسلىم بولۇش ئەھۋالى

شېڭ شىسەينىڭ تەبىئىتى سۇيىقەستچى، ئىككى يۈزلىمىچىلىك بىلەن تولغان ئادەم بولۇپ، ياپونىيىگە بېرىپ ئوفىتسېرلار مەكتىۋىدە ئوقىغان. شىمالغا يۈرۈش قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ نەنجىڭدا تۇرغان ۋاقتىدا جۇشاۋلياڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ناچالنىك ئىشتاپتا ئىشلىگەن. جۇ شاۋلياڭنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ قىزىغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ ناچالنىك ئىشتاپتا ئىشلەشكە ئانچە رازى بولمىغانلىقتىن كۆڭلىدە قارا نىيىتى بار ئىدى. شۇڭا خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ شىنجاڭغا كەلدى، كېيىن شىنجاڭنىڭ دۇبەنى جىن شۇرىننىڭ ئىشتاپ باشلىقى بولدى.

1931 - يىلى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە دېخانلار قوزغىلىڭى پارتىلىدى، دېخانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، جىن شۇرىن شېڭ شىسەينى ئالدىنقى سەپنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھەربىي ھوقۇققا ئىگە بولدى. 1933 - يىلى جىن شۇرىن تەختتىن ئاغدۇرۇپ چۈشۈرۈلدى، شېڭ شىسەي ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن، جىن شۇرىننى تەختتىن ئاغدۇرۇپ چۈشۈرگەن چېن جۇڭ، تاۋمىڭيۈ شاۋتيەنلەرنى شۇ يىلى 6 - ئايدا مېھمانغا چاقىرىش نامى بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. شىنجاڭ شۆيۈەننىڭ يۈەنجاڭى، مەملىكەت بويىچە نامى مەشھۇر مائارىپشۇناس دۇجۇڭيۈەن شېڭ شىسەينىڭ يۇرتدىشى، يېقىن دوستى ئىدى، شېڭ شىسەي ئۇنى شىنجاڭد ئوقۇتقۇچى بولۇشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەندىن كېيىن، ب كىشىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شېڭ شىسەي شۇنداق قارا نىيەتلىك قىلمىش جىق ئادەمنىڭ بېشىغا چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىمۇ دۇبەن يامۇل دىن سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بۇ دۇبەن يامۇل



تىنىڭ سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، ئۆگزىسىنىڭ 4 ئەتراپىدا راۋاق بار ئىدى، كېچە - كۈندۈز پوست قويۇلۇپ، قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىپ تۇرسىمۇ، ھېمىشە دەككە - دۈككىدە بولۇپ، كېچىسى ئۇخلىيالمايتتى (ئۆزى دەپ بەرگەن)، يۈز - كۆزى مايلىشاڭغۇ ئىدى (ئۆزەم كۆرگەن)، ھىچكىمگە ئىشەنمەيتتى، تاماققا زەھەر سېلىپ قويۇلدىمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ، تاماق ۋاقتىدا ئالدى بىلەن باشقىلارغا تېتىتىپ باقاتتى.

1934 - يىلى خۇيزۇ ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچىنى قورشىۋالغاندا، شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭ بىلەن ھايات - مامات ئۈستىدە ئېلىشتى، ئاخىرىدا، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىشىغا تاياندى، ئەۋەتىلگەن 8 - پولك شېڭ شىسەينى قورشاۋدىن قۇتقۇزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، دۇبەن يامۇلىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانىنىڭ بايراق مومىسىغا دۆلەت بايرىقى چىقىرىلغاندىن باشقا، پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا 5 يۇلتۇزلۇق سېرىق بايراق ئېسىلدى، ھەممە يەردە شېڭ شىسەينىڭ ئۆلچەملىك سۈرىتى ئېسىلدى، بىر مۇنچە جايلاردا ستالىننىڭ سۈرىتىمۇ ئېسىلدى. شىنجاڭنىڭ سودا دۇكانلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مېلى — كۈندۈلۈك تۇرمۇشقا كېرەكلىك تۈرلۈك ماللار، يۇڭ رەخ، پاختا رەخ، تاماكا، ھاراق، قەنت، كەمپۈت قاتارلىقلار قاپلىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلىتىمىزدىن ۋولفرام، سۈرمە، قەلەي قاتارلىق ئالاھىدە خام ماتېرىياللارنى ۋە تۆگىيۇڭ، تېيى، چوچقا يايلى، چاي قاتارلىق دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شېڭ شىسەيگە ئۈرۈمچىدىن گەنسۇنىڭ چېگرىسىغا يېقىن بولغان شىڭشىڭشياغىچە بىر تاشيول ياساتقۇزۇپ،

گەنسۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىنى تۇتاشتۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى كونا قورال ـ جابدۇقلارنى بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دۆلىتىمىزدىن دېخانچىلىق، كان مەھسۇلاتلىرىنى ئالدى. مەن 1942 ـ يىلى تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا بارغىنىمدا، شېڭشىسەي بىزگە: بۇ تاشيول جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدا زور خىزمەت كۆرسەتتى، دېدى.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، «6 بۈيۈك سىياسەت دەرسلىكى» نى يازدى. بۇ 6 بۈيۈك سىياسەت جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوس بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، تېچلىقنى ساقلاش، خىيانەتچىلىك ـ پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى تەمىر قىلىشتىن ئىبارەت 12 جۈملە سۆزلۈك سىياسەت بولۇپ، ھەممىلا يەردە شوئار تاختىسىغا يېزىلدى. بۇ كىتاپنىڭ 1 ـ بېتىگە خەن گاۋزۇ، ليۇ باڭلارنىڭ «بوران» ناخشىسى يېزىلغان، مەن تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا بېرىپ، بۇ دەرسلىكنى كۆرگىنىمدە، كونا تىياتىرلاردىكى شىپلياڭ دېگەن پادىشانىڭ كۆرەڭلىگىنىڭ ئىپادىسى بارلىغىنى ھېس قىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ جياڭ جيېشى بىلەن تاق لىنىيە ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى شېڭ شىجى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە چۇڭچىڭدا گومىن سەنجىڭخۇيىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، شېڭشىسەيگە ۋاكالىتەن جياڭ جيېشى بىلەن مەخپى ئالاقە قىلىپ تۇردى.

دۇنيادە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقان بىر قانچە مىڭ كىشىلىك يەدائىيلار قوشۇنى قورالسىزلاندۇرۇلۇپ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېكىندۇرۇلگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى



ئۇلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ شېڭ شىسەيگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. شېڭ شىسەي مۇشۇ بىر تۈركۈم دۇنيا‌لىق يۇرتداشلىرىغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. ئۇنىڭ يادرو كۈچى پولۇنلەي ئۇرۇقداشلىق ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ قېينى ئاتىسى چيۇ زوجۇن ئۇنىڭ ھەربى ئۇستازى. ئۇنىڭ باجىسى ۋاڭ خۇڭزاۋ ئۇنىڭ باش ناچالنىگى، ئۇنىڭ ئىنىسى شېڭ شىجى جياڭ جيېشى بىلەن ئالاقە باغلىغۇچىسى، يەنە بىر ئىنىسى شېڭشىچى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان بولۇپ، ماشىنىلاشقان بىرىگادىنىڭ باشلىغى ئىدى، كېيىنكى چاغلاردا شېڭ شىسەي ئۇنى كوممۇنىست دەپ گۇمان قىلىپ، ئورنۇمنى تارتىۋالىدۇ دەپ قاراپ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ قېينى ئىنىسى چيۇ يۇشۇنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، ئۇ ياش، قولىدىن ئىش كېلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، بۇمۇ شېڭ شىسەينىڭ مۇرىتى ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ خوتۇنى چيۇ يۇفاڭ شىنجاڭدا چيۇ يۇەنجاڭ دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ شىنجاڭ قىزلار سىفەن شۆيۇەنىنىڭ يۇەنجاڭى بولۇپ، شىنجاڭدا ھوقۇقى، كۈچى بار ئىدى.

مەن تۇنجى قېتىم ئۇرۇمچىگە بارغاندا، شېڭ شىسەي مەن ھەم باشقا بىر نەچچە كىشىنىڭ ئالدىدا، خۇ اڭمۇسۇڭنى تازا ئىللاپ بەردى، ئۇ: «خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭنىڭ ئەلچىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، مەن بىلەن مەركەز ئوتتۇرىسىدا ئارازچىلىق پەيدا قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماجۇڭيىڭ ئۇرۇمچىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ئىلاجىسىزلىقتىن تۈيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلاشتىم» دېدى. ئۇ، ستالىندىن ھامان خاتىرجەمسىز بولۇپ،

ستالىن كونلەرنىڭ بىرىدە بەربىر مەندىن ۋاز كېچىدۇ دەپ بارىدىغانلىقىم ئېيتىلغان. مەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن
گۇمان قىلدى. 1942 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ فاشىست ئارمىيىسى كېيىن، نېفىتلىكنىڭ بىر قانچە مەسئۇلى بىلەن مەسلىھەتلەش
ئۇرۇش قىلىپ ستالىنگراد ئەتراپىغا كەلگەندە، ئۇ ئۇزۇن تىم، بىزنىڭ دېڭىز پورتلىرىمىزنى پۈتۈنلەي ياپون جاھانگىر
ئۆتمەستىن ستالىنگراد قولدىن كېتىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى مەغلۇپلىقى قامال قىلىۋالغانلىقى، يۈيمېن نېفىتلىكىدە سايمان، ما
بولىدۇ دەپ قاراپ، سوۋېتكە، كومپارتىيىگە قارشى تۇردى، تېرىيال قىس بولغانلىقىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەس
جياڭجيېشىگە تەسلىم بولدى. كېيىن گېرمانىيە ئارمىيىسى بىھەتلىشىپ نېفىتلىككە كېرەكلىك سايمان، ماتېرىيال سېتىۋا
مەغلۇپ بولدى، 1943 ـ يىلى كۈزدە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئالىدىغان ئوخشىمامدۇ دېگەن پەرەزنى قىلىشتۇق، شۇنىڭ بىلەن
يېقىنلىشىپ، جياڭ جيېشىگە قارشى تۇرماقچى بولىۋىدى ئۆزەم بىللە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، نېفىتلىكنىڭ بىر قانچە
ئىشقا ئاشمىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۇنداق، مۇنداق قىلىشى مەسئۇلى بىلەن بىرلىكتە مۇھىم سايمان، ماتېرىياللارنىڭ تىزى
ئۆزىنىڭ «شىنجاڭنىڭ خاقانى» بولۇش ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتىن بىر نۇسخىسىنى كېچىلەپ تەييارلىدىم. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ
لىشىنى مەقسەت قىلغان، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ يوتىغا ئۆزى كونى چۈشتى بۇرۇن جيۇچۈەن ئايرودرومىغا باردىم، ئايروپى
پالتا چېپىپ، تارىختا ئۆتكەن سۇيقەستچىلەر، ئىككى يۈزلىمىچىلاندىن 8 ـ ئۇرۇش رايونى (غەربىي شىمال رايونى) نىڭ سى
لەرگە ئوخشاش، ئۆز ئىشىنى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتۇردى لىق جاڭگوەنى جۇ شاۋلياڭ، ھاۋا ئارمىيە سىلىگى ماۋ باڭچۇ،

## 2. بىرىنچى قېتىم جۇ شاۋلياڭ، ۋېن ۋېيخاۋلار بىلەن بىللە شىنجاڭغا كېلىشىم

1942 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، يۈيمېن نېفىتلىك
دە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسات مىنىستىرى قوشۇمچ
بايلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋېن ۋېيخاۋنىڭ چۈگچىگدىن ئەۋە
كەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، تېلېگراممىدا: ئۇنى
ئەتە چۈشتە جيۇچۈەن ئايرودرومى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بېرى
سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن نېفىتلىكنىڭ ئىشى توغرىلىق سۆھبە
ئۆتكۈزىدىغانلىقى، مېنىڭ جيۇچۈەن ئايرودرومىغا بېرىپ ئۇنى
بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىم ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈرۈمچى

قاتناش مىنىستىرلىكى تاشيول باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گۇڭ
شۇجۇي، غەربىي شىمال تاشيولى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خې جىڭ
ۋۇ، قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ تېخنىكا نازارەتچىسى ۋېي يىغۇ،
بەھكىمە باشلىقى پەن گۇاڭجۇڭ، ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرى مەھكىمى
سىنىڭ ياردەمچىسى ۋۇ يۈەنچاۋ، ۋېن ۋېيخاۋ ۋە ئۇنىڭ كاتىۋى
جۇ داشۇن قاتارلىقلار چۈشتى، ھەممىمىز بىرلىكتە ئايرودرومدا
چۈشلۈك تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە غەرپكە قاراپ
ئۇچتۇق. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا، يۈيمېن نېفىتلىكى
ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سايمان، ماتېرىيال سېتىۋالىدىغاندەك
ھەمەس ئىدى. شۇ پەيتتە تازا ئىچىم پۇشتى، ئادەم جىق
ۋلغانلىقى ئۈچۈن، ۋېن ۋېيخاۋدىن سوراشقا ئەپسىزلەندىم.
ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا قونۇپ ئايروپىلاندىن چۈشكەندە،

شېڭ شىسەيىنىڭ ئۆزى چىقماپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى
ھەنندۋا ھەربىي - مەمۇرى ئەمەلدارلار، شېڭ شىسەيىنىڭ باجىسى
ۋاڭ سەنمۇجاڭ، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى شېڭ شىجىنىڭ
باشچىلىقىدا ئايرودرومغا بىزنى قارشى ئالغىلى چىقىپتۇ. بىز
ئايروپىلاننى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، كەلگۈچى ۋە قارشى ئېلىش-
قا چىققۇچى بارلىق خادىملار بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتۇق. بۇ
سۈرەت ئەتىسى شىنجاڭ گېزىتىگە بېسىلدى. بىز ماشىنىغا ئول-
تۇرۇپ شىنجاڭ دۇبەن يامۇلىنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر شەرقىي باغ-
چا مېھمانخانىسىغا باردۇق، شېڭ شىسەي ئۆزى دەرۋازا ئالدىدا
بىزنى كۈتۈپ ئېلىپ، ئۈچ ئىشىك ئارقىلىق كىرىدىغان
مېھمانخانىنىڭ قوبۇل قىلىش زالىغا باشلاپ كىردى. ھە
بىر ئىشىكتە تولۇق قوراللانغان 8 دىن ئەسكەر پوستا تۇرۇپتۇ
مېھمان قوبۇل قىلىش زالىنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن بىر جوزا بو-
لۇپ، شېڭ شىسەي جوزىنىڭ بىر بېشى تەرەپتە ئولتۇردى
جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋېي ۋېنخاۋ جوزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئول
تۇردى، ھەممىمىز ئۆز رېتىمىز بويىچە ئورۇن ئالدۇق. شېڭ
شىسەيىنىڭ كەينىدە قاپلىق ماۋزۇر ئاسقان 4 مۇھاپىزەتچى ئۆر
تۇراتتى، ئۇ كەينىگە قاراپ قولىنى سىلكىپ مۇھاپىزەتچىلەرگە
چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قارشى
ئېلىش سۆزى سۆزلىدى. جۇ شاۋلياڭ جاۋاپ نۇتقى سۆزلىگەندە
ئۆزى بىلەن بىرگە كەلگەن كۈيوغلىنى قولى بىلەن كۆرسىتى
تۇرۇپ، شېڭ شىسەيگە: بۇ مېنىڭ قىزىم × × نىڭ ئېرى بو
لىدۇ، دېدى. (ئۇ شېڭ شىسەيدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئۆيىدە
تۇرغاندا ئۇنىڭ قىزىنى ئوقۇتقان). بۇ قېتىم جۇ شاۋلياڭ بىلە
ۋېي ۋېنخاۋنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشىنى، شېڭ شىسەي جياڭ جيېشى



گە تېلېگرام بېرىپ تەلەپ قىلغان. مېنىڭ
پەرەز قىلىشىمچە، جۇ شاۋلياڭنىڭ كۈيوغلىنى بىرگە
ئېلىپ كېلىشى ھەمدە باشلا ئۆز كۈيوغلىنى تونۇشتۇرۇشى شېڭ شى-
سەيگە يېقىنلىشىشنى ۋە كونا مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى
مەقسەت قىلغان. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىمىز شەرقىي باغچىدا تۇردۇق،
شەرقىي باغچا دۇبەن يامۇل بىلەن بىر يەردە ئىدى، تاماق
يەيدىغانلار ئىككى جوزىنى توشقۇزۇپ ئولتۇردى. بىرىنچى كۈنى
كەچتە شېڭ شىسەي ئۆزى تاماقتا بىللە بولدى، تاماق يېيىش
ئارىلىقىدا شېڭ شىسەي سۆز قىلدى، ئۇ قارشى ئالىدىغانلىقىنى
بىلدۈرگەندىن باشقا، گېنېرال ماجۇڭيىڭ بىلەن جەڭ
قىلغانلىق ئەھۋالىنى، ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىنى بىر نەچچە ئاي
قورشىۋالغانلىقىنى، ئاخىرىدا غەلىبە قىلغانلىق جەريانىنى سۆزلەپ
بەردى. مەن ماجۇڭيىڭنىڭ باتۇر، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر ئى-
كەنلىكىنى، شېڭ شىسەيىنىڭ ماجۇڭيىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلى-
غىنى ئاڭلىغان ئىدىم. لېكىن شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى-
شىنجاڭغا ئەۋەتكەن 8 - پولكنىڭ ئەسكىرى كۈچىگە تايىنىپ
ماجۇڭيىڭنى يەڭگەن. ماجۇڭيىڭنىڭ ئىزدېرىكى يوق، شۇ چاغ-
لاردا ئېيتىلىشىچە، سوۋېت ئارمىيىسىگە ئەسىرگە چۈشكەن. تې-
خى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھايات ئىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
8 - پولكى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شىنجاڭدا قېپ قېلىپ، باش-
قىدىن گەزەرمە سېلىپ، ئۇزاققىچە قۇمۇلنى ساقلاپ ياتتى. قۇ-
مۇل شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى چوڭ شەھەر بولۇپ، سوۋېت ئارمى-
يىسىنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇشى شېڭ شىسەيىنىڭ شەرقىي چوڭ دەر-
ۋازىسىنى ساقلاپ بېرىپ، ئىچكىرىدىكى جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ
شىنجاڭغا چىقىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈشنى مەقسەت قىلغان. سو-

ۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشى شۇنداق جىددى بولغان چاغلاردىمۇ، سو-
ۋېت ئىتتىپاقى بۇ پولكنى دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كەتمىدى.

بىز يېتىپ بارغان كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ، شىڭ شىسەينىڭ ئىككىنچى ئىنىسى شىڭ شىجى ۋە ئۇنىڭ قېنى ئىنىسى چېن يۇشۇن بىزنى كۈتىدىغان بولدى، ھەر كۈنى شەرقىي باغچىدا سۆزلىشىشتە، تاماق يېيىشتە بولسۇن بىزگە ھەمرا بولۇپ يۈردى. تاكى بىز ئۈرۈمچىدىن كەتكەنگە قەدەر ھەمرا بولدى. گويا تۈرمىگە كىرىپ قالغاندەك، شەرقىي باغچىدا سولىنىپ قېلىپ، خالىغانچە كوچىلارغا چىقالمىدۇق.

بارغان كۈننىڭ ئەتىسى بىرسى ۋېن ۋېنخاۋغا ئەتە شىنجاڭ گېزىتىنىڭ مۇخبىرى كېلىپ ئۇنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋېن ۋېنخاۋ تەگلىكتە قالغاندەك بولدى. ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى مۇخبىرلارنىڭ زىيارەت قىلغان ۋاقتىدىكىدەك ئەھۋال بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئويلاپ، نىمە دېيىشنى بىلەلمەي، دەككە ـ دۈككىدە بولۇپ شىڭ شىجىنىڭ شىڭ شىسەيدىن سوراپ بېقىشىنى ئۆتۈندى. شىڭ شىسەي ۋېن ۋېنخاۋنىڭ قانداق جاۋاپ بەرگىسى كەلسە شۇنداق جاۋاپ بەرسۇن دىدى. ئەتىسى مۇخبىر زىيارەت قىلىشقا كەلدى، ئۇنىڭ ئەتىسى شىنجاڭ گېزىتىگە ۋېن ۋېنخاۋنىڭ مۇخبىرنىڭ سوئالىغا بەرگەن جاۋابىنىڭ مەزمۇنى بېسىلدى. ۋېن ۋېنخاۋنىڭ بەرگەن جاۋابى پۈتۈنلەي باشقىچە بېسىلىپتۇ، ئەمەلىيەتتە شىڭ شىسەي ئۆزى يېزىپ تەييارلىغان نەرسىنى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئېلان قىلىشىغا بەرگەن ئىكەن. مۇشۇ چاغدىلا شىڭ شىسەينىڭ بۇ ئۇسۇلىنى بىردىن چۈشىنىپ يەتتۇق.



بىز ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە، شىڭ شىسەي ۋېن ۋېنخاۋنى دۇبەن ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ ئايرىم سۆزلەشتى. شىڭ شىسەي: شىخودىكى مايتاغ نېفىتلىكىنى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت شېرىكلىشىپ باشقۇرغان، يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن بىر پارچە تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، نېفىتلىككە دائىر ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشىشكە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ بىر مۇئاۋىن مىنىستىرىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا ئەزەلدىن بۇنداق يۇقۇرى دەرجىلىك ئەمەلدارلارنى ئەۋەتكەن ئەمەس؛ بۇ قېتىم ئۇشتۇمتۇت مۇشۇنداق بىر مۇئاۋىن مىنىستىرنى ئەۋەتىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، راستىنلا شىخودىكى نېفىتلىك توغرىلىق سۆزلىشەمدىغاندۇ؟ مەركىزىي ھۆكۈمەت نامىدىن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، سىزنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن دىگەن. شىڭ شىسەي ۋېن ۋېنخاۋ بىلەن رەسمى سۆزلىشىشى ناھايىتى ئاز ئىدى، لېكىن ھەر كۈنى ئەتىگەندە دىگىدەك جۇ شاۋلياڭنى ئۆزىنىڭ دۇبەن يامۇلدىكى ئۆيىگە ئەتىگەنلىك تاماققا تەكلىپ قىلاتتى، تەخمىنەن ئۇدا 9 ـ 10 كۈن سۆزلەشتى. كېيىن جۇ شاۋلياڭ بىر تاغار ھۆججەتنى ئېلىپ بىز ئولتۇرۇپ كەلگەن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا قايتتى. جۇ شاۋلياڭ مېڭىش ئالدىدا: كۈن بەك ئىسسىپ كەتتى، چۇڭچىڭغا بېرىپ جياڭ ۋېيۈەنجاڭ بىلەن كۆرۈشكەندە رەسمى كىيىمنى كەيمەي بولمايدۇ، تازا گەپ بولدى ـ دە، دىدى. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جۇ شاۋلياڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، ئېلىپ كەلگەن جاۋابىنى شىڭ شىسەيگە يەتكۈزدى.

كېيىن ئۇقۇشۇپ كۆرسەم، جياڭ جيېشىدىن ئەسلىدە خې-

ـشى كاربدورىنى (يەنى ۋۇ ۋېي، جاڭيە، جيۇچۇەن ، دۇڭخـۋاڭنى ۋە كەللەر ئۇمىگى شىنجاڭدا تۇرغان ئىدى. كېيىن شىڭ شىـ
ساقلاۋاتقان چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭنىڭ ئاكىسى ما بۇچىڭنىڭ قىسمى پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا
شۇنىنى يوقىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خۇ زۇڭنەننىڭ قوشۇنىدىن ئالدى.
ۋۇۋى، جاڭيە، جيۇچۈەننى ساقلاشقا بىردىن كورپۇس ئەۋەتتى. بىز ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ماۋ باڭچۇ ۋە ئۇنىڭ
تىشنى تەلەپ قىلىپ، شىڭ شىسەي جۇ شاۋلياڭنى ئەۋەتكەن ئىبلەن بىرگە كەلگەن ھاۋا ئارمىيە خادىملىرى بىز چۈشكەن
كەن. شىڭ شىسەي ما بۇچىڭ قوشۇنىنىڭ جەڭ قىلىش كۈچى مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا
ئاجىز، شىمالىي شەنشىدىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ خىشى كاربدورىنى يېرىپ، ئاندىن جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۇچۇپ قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ
قىلغان ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمايدۇ دەپ قارىغان. ئۇ ھەم شۇ ئۈستىدىن ئۆتۈپ پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر دىگەن يېرىگە باردى.
ـمالىي شەنشىدىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ خىشى كاربدورى ئارقىلىق ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. تۇنجى قېتىم سىناق
شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەم سوۋېت ئارمىيىسى قىلىپ ئۇچۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاۋال
نىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 8 - پولكى بىلەن شىمالىي شەنشىدىكى جۇڭچىڭگە قايتىپ كەتتى.
قىزىل ئارمىيىنىڭ شەرق، غەرپ تەرەپتىن ما بۇچىڭنىڭ قو... جۇ شاۋلياڭ چۇڭچىڭغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن،
شۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشىن ۋېنخاۋ ئۈرۈمچىدە قەپ قىلىپ، شىخودىكى مايتاغ نېفىتلىـ
لىشىدىن ئەنسىرەپ، جياڭ جيېشىنىڭ قوشۇنلىرىنى قويۇشنىڭگە بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىشىنى شىڭ شىسەي بىلەن مەسـ
تەلەپ قىلغان. جياڭ جيېشى بۇنىڭدىن خوشال بولۇپ، ما بۇچىڭنى مەھتەلەشتى، شىڭ شىسەي ماقۇل بولدى. ۋېن ۋېنخاۋ مىنى ۋە
نى سەيدام چېگرىسىنى ساقلاش دۇبەنى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنى ئېلىپ مايتاغ نېفىتلىكىگە باردى. بۇ نېفىتلىك ئۈت
مابۇچىڭ ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ سەيدام ئويمانلىقىغا يۆتكەلگەن ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدە بولۇپ 200 نەچچە كىلومېتىر كېلەتتى. سوـ
خۇزۇڭنەننىڭ 3 كورپۇسىنى خىشى كاربدورىنى ساقلاشقا ۋەت تەرەپتىن بولغان نېفىتلىك باشلىقى، قوشۇمچە باش ئىنـ
يۆتكىگەن. بۇ چاغدا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قومۇلدىكى 8 - پولكى ئىنېر بىلەن بىر نەپەر سوۋېت گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسى بىزـ
بۇ جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۆزلىرىنى جايلىشىشنى كۈتتى ۋە باشلاپ يۈرۈپ ھەممە يەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلـ
دىن قورقۇپ، ئۈرۈمچىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ سوۋېتكە قايتقان. دۇردى، بىزلەرگە تۈرلۈك خەرىتە - جەدۋەللەرنى كۆرسەتتى، نېـ
ئىلگىرى شىڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نېفىتلىكنى چارلاش - ئېچىش جەريانىنى چۈشەندۈردى. بۇ نېفىتـ
ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشىغا ياردەم بېرىشىكنىڭ قۇدۇق قېزىشتىكى بورۇۋايدا يۈيىمىن نېفىتلىكى ئىشـ
بېرىشىنى تەكلىپ قىلغان، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن باشچىلىق قىلىۋاتقان ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىنغان چىشلىق چاق شەكلىدىـ
دىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 100 نەچچە كىشىلىكى دولىتانى ئىشلەتمەستىن، بەلكى بېلىق قۇيـ

روغى شەكىلدىكى دولتايى ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. نېفىتلىك
نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىمۇ يۈيمېن نېفىتلىكىگە يەتمەيت
تى، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا، بۇ نېفىتلىكتىن چوڭ ئۈم
مىت كۈتكىلى بولمايتتى، ئىستىقبالىمۇ يۈيمېن نېفىتلىكىدەك
ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بىزنى زىياپەت بېرىپ كۈت
تۈۋالغاندا، «ئىككى نېفىتلىك مۇسابىقىلىشىپ باقايلى» دېدىم، ئى
چىمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆزۈمگە ئىلمىدىم، شىنجاڭغا كەلگەن
ۋاقتىمدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نېفىتلىككە كېرەكلىك سايمان
ماتېرىيال سېتىۋېلىش نىيىتىم تېخىمۇ يوققا چىقتى. لېكىن ماي
تاغ نېفىتلىكىنىڭ ماي ئايرىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە زاپاس ماي
ساقلاش باكلىرى يۈيمېن نېفىتلىكىنىڭكىدىن كۆپ ھەم ياخشى
ئىدى. ئۇ يەرنى 2 كۈن ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ئۈرۈمچىگە قاي
تىپ كەلدۇق.

بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلى
گىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دېكىنوسوف ئۈرۈمچىگە كەلدى، شېڭ
شىسەي ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقمىدى، ۋاڭ سەنمۇجاڭ ۋەكىل
بولۇپ دۇبەن ياموللىنىڭ مېھمان كۈتۈۋېلىش زالىدا زىياپەت
ئۆتكۈزۈپ، بۇ مۇئاۋىن مىنىستىرنى كۈتۈۋالدى. تەكلىپكە بىنائەن
ۋېن ۋېنخاۋ ۋە ھەممىمىز (شۇ چاغدا جۇ شاۋلياڭ ئۈرۈمچىدە
بولسىمۇ زىياپەتكە قاتناشمىدى)، شۇنداقلا ئۈرۈمچىدىكى تۇرغۇن
يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار زىياپەتتە بىللە بولدۇق. ۋېن
ۋېنخاۋ بۇ مۇئاۋىن مىنىستىر بىلەن كۆرۈشتى. زىياپەت باشلان
غاندا ھەم زىياپەت داۋاملىشىۋاتقاندا، ئوركېستىر چاڭ چىقىرىۋات
تى. كېيىن ۋېن ۋېنخاۋ جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى
بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بۇ مۇئاۋىن مىنىستىر بىلەن نېفىت



لىكنى شېرىكلىشىپ باشقۇرۇش ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. لې-
كىن سۆھبەتتىن نەتىجە چىقمىدى. دېكىنوسوفنىڭ ئۈرۈمچىدە شېڭ-
شىسەي بىلەن ئالاقىدار سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئايرىم
سۆزلەشكەن - سۆزلەشمىگەنلىكى بىزگە نامەلۇم.

7- ئاينىڭ 30- كۈنى ۋاڭ سەنمۇجاڭ شېڭ شى-
سەيگە ۋاكالىتەن ۋېن ۋېنخاۋنى دۇبەن يا-
مۇلىنىڭ زالىدا سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلدى،
نېمە مەقسەتتە سۆزلەشنى ئالدى بىلەن ۋېن ۋېنخاۋ بىلەن
مەسلىھەتلەشمىدى. ۋېن ۋېنخاۋغا پەقەت مەنلا ھەمرا بولۇپ
باردىم، مەجلىسكە كەلگەنلەر ناھايىتى جىق ئىدى. ۋېن ۋېنخاۋ
زالنىڭ كەينى تەرىپىدىن كىرىپ، مۇنبەرنىڭ يېنى تەرەپتىن
سۆز مۇنبىرىگە چىقتى، مەن پەستە ئورۇن ئېلىپ بولغاندىن
كېيىن، سۆز مۇنبىرىنىڭ كەينىدىكى تامغا جۇڭگونىڭ دۆلەت بايرىقى
بىلەن گومىنداڭنىڭ پىرقە بايرىقىنىڭ ئېسىلغانلىقىنى كۆردۈم،
بايراق ۋېن ۋېنخاۋنىڭ كەينىدە بولغاچقا ئۇ كۆرمىدى. ۋېن ۋېنخاۋ
سۆز قىلغاندا، تىلىنىڭ ئۇچىدىلا شېڭ شىسەينىڭ ياخشى گېپىنى
قىلدى. ۋېن ۋېنخاۋ سۆزلەپ بولۇپ، دەرۋازىدىن چىققىنىدا،
دەرۋازىغىمۇ دۆلەت بايرىقى بىلەن گومىنداڭنىڭ پىرقە بايرىقى
ئېسىلغان ئىدى. ۋېن ۋېنخاۋ بۇ ئىككى ئۆزگىرىشنى شۇ چاغدىلا
كۆردى. شۇ كۈنى كېچىسى پۈتۈن شەھەرنى پوجاڭزا ئاۋازى
قاپلاپ كەتتى، تەبرىكلەش يۈزىسىدىن پىرقە بايرىقى بىلەن
دۆلەت بايرىقى ئېسىلدى. ئېيتىلىشىچە، شەھەر بويىچە كېچىلەپ
دۆلەت بايرىقى بىلەن پىرقە بايرىقى ياسىتىلغان، ئەتىسى بىز
ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، پۈتۈن شەھەردە دۆلەت بايرىقى
ئېسىلغان ئىدى.

چۇ شاۋلياڭ ئۈرۈمچىدە سىرتقا زادى ئۆزىنى ئاشكار[ا]
قىلمىدى، جامائەت بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى ئىشلارنى ۋېن ۋې[نـ]
خاۋ قىلدى. بۇنىڭدىن شىڭ شىسەينىڭ چوڭقۇر باش قاتۇرغانلىقىنى
ھۈنىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مەن ۋېن ۋېنخاۋ بىلەن بىرگە 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى
ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ لەنجۇغا بېرىپ، جۇڭگو ئىنژېنېرلار ئىلمىي
جەمئىيىتىنىڭ يىللىق مەجلىسىگە قاتناشتىم. جۇڭگو ئىنژېنېرلا[ر]
ئىلمىي جەمئىيىتى ھەر يىلى يىللىق مەجلىس ئاچقاندا، جەمئىيەت
ئەزالىرىدىن خىزمەتتە نەتىجە ياراتقان بىر كىشى كۆپچىلىك
تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ، ئۇنىڭغا بىر مېدال مۇكاپات بېرىلەتتى
لىڭ جۇڭشۇن، خۇ دېباڭ، ماۋ يىشىڭلاردىن كېيىن، بۇ قېتىمقى
يىللىق مەجلىستە بىر مېدال بىلەن مۇكاپاتلاندىم.

مەجلىستىن كېيىن، ۋېن ۋېنخاۋ ئايرۇپىلان بىلەن چۇڭ
چىڭغا كەتتى، مەن يىللىق مەجلىسكە قاتناشقان بىر قىسىم
ئىنژېنېر، پروفېسسورلاردىن تەركىب تاپقان 10 نەچچە كىشى[گە]
ھەمرا بولۇپ، ماشىنا بىلەن يۈيمېنگە ئاپىرىپ ئېكىسكۇرسىيە
قىلدۇردۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋۇخەن داشۆ سانائەت شۆيۈەنىنىڭ
يۈەنجاڭى شاۋپېجۇ بار ئىدى، كېيىن ئۇنى گەنسۇ نېفىتلىك
ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى بولۇشقا تەكلىپ قىلدىم.

## 3. مېنىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا بېرىپ شىخو- دىكى مايتاغ نېفىتلىكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىم

مەن يۈيمېن نېفىتلىكىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمە[يلا]
9 ـ ئايدا جياڭ جيېشى بىلەن سۇڭ مېيلىڭ جيايۈيگۇەنگە كەلدى[،]



بىللە كەلگەنلەردىن خۇزۇڭنەن بىلەن مۇھاپىزەتچى ۋاڭ شىفىي
قاتارلىقلار بار ئىدى. جياڭ جيېشى سۇڭ مېيلىڭنى ئۈرۈمچىگە
ئەۋەتىپ، ئۆزى ئۇنى ساقلىماقچى بولۇپ جيايۈيگۇەندە قېلىپ
قالدى. ئۇ جيايۈيگۇەندە بىر ھەپتە تۇردى، ئۇ يۈيمېن
نېفىتلىكىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا مەن ھەمرا بولدۇم،
ئۇنىڭ سۇڭ مېيلىڭنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىشى ئىچكى لىنىيىدە
مېڭىش بولۇپ، شىڭ شىسەينىڭ خوتۇنى چيۇ يۈفاڭ ئارقىلىق
شىڭ شىسەي بىلەن مەخپىي سودا قىلىپ، ئۆتكەن قېتىم
جۇ شاۋلياڭ ئۈرۈمچىگە بارغاندا ئورۇنلىيالمىغان ۋەزىپىنى ئورۇن-
لاشنى مەقسەت قىلغان. مەسىلەن، شىڭ شىسەينىڭ ئورنى
مەسىلىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش
مەسىلىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسى ھەم
گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا پارتىيە، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئەۋەتىش
مەسىلىسى قاتارلىقلار، بۇ مېنىڭ پەرىزىم.

جياڭ جيېشى جيايۈيگۇەندىن سۇڭ مېيلىڭنى ئۈرۈمچىگە
يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، يۈيمېن نېفىتلىكىنى كۆزدىن
كەچۈردى، سۇڭ مېيلىڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئايرۇپىلان
بىلەن چۇڭچىڭغا قايتىپ كەتتى. كېيىن ئۇ شىڭ شىسەينى
يەنىلا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى،
گومىنداڭنىڭ مەركىزىي پىرقىسى لياڭ خەنساۋنى شىنجاڭدا
گومىنداڭ پىرقىسىنى قۇرۇشقا ئەۋەتتى، تەپتىش مەھكىمىسى
مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە داشۆدىكى ساۋاقدىشىم لو جالۇننى
شىنجاڭنىڭ تەپتىشى قىلىپ ئەۋەتتى (نامدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
رەئىسىنىڭ ئورنى بىلەن تەڭ)، ئۇنىڭدىن باشقا قەدىناس
دوستۇم لىن جىيۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك نەقلىيات نازارىتىنىڭ

نازىرى بولۇپ كەلدى.

شىڭ شىسەي كومپارتىيىگە، سوۋېتكە قارشى تۇرۇپ جىياڭ جىېشى بىلەن يېقىنلاشقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى 8 ـ پولكىنى قايتۇرۇپ ئەكەتتى. شىخودىكى مايتاغ نېفىتلىكىدىكى روسلار ماي ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىدىن باشقا، ئىش قىلىپ چۇۋۇپ ئېلىپ كېتىشكە بولىدىغان ماشىنا ماتېرىيال هەم يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن سۇ تۇرۇبىسى، نېفىت تۇرۇبىسى قاتارلىقلارنى پۈتۈنلەي چۇۋۇپ ئېلىپ كەتتى. شىڭ شىسەي ئىقتىسات مىنىستىرلىكىنىڭ بۇ نېفىتلىكنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باش قۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى، بايلىق كومىتېتى 1 مىليوندىن ئوشۇق ئامېرىكا دوللىرىلىق مەبلەغ ئاجرىتىپ نيۇيوركتا پۇلىنى تۆلەپ سوۋېت ئىتتىپاقى قالدۇرۇپ كەتكەن مۈلۈكلەرنى سېتىۋالدى هەمدە بۇ نېفىتلىكنى يۈيمىن نېفىتلىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆت كۈزۈپ بەردى، رەسمىيەت بېجىرىشكە مېنى مەسئۇل قىلدى. مە يۈيمىن نېفىتلىكىنىڭ ئىنژېنېرى لى تۇڭشاۋنى (ئۆلۈپ كەتتى) شىخودىكى مايتاغ نېفىتلىكىنىڭ مۇدىرى قىلىپ ئەۋەتتىم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر تۈركۈم قۇرۇلۇش، باشقۇرۇش خادىملىرىنىمۇ بىللە ئەۋەتتىم، بىر قانچە يۈك ئاپتوموبىلى ئىشقا سېلىپ، قۇدۇق قېزىشقا ۋە ماي ئاققۇزۇشقا كېرەكلى بىر تۈركۈم سايمانلارنى ئەۋەتتىم.

شىڭ شىسەي سوۋېتكە قارشى تۇرغاندىن كېيىن، سوۋې ئىتتىپاقى 8 ـ پولكىنى قومۇلدىن چېكىندۈرۈ ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا تەن بەرمىدى. تاش موڭغۇلىيە ئارقىلىق ئاتچىلار دۈيىنىڭ ئورنىغا تۆگىچىلا دۈيىنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورىنىڭ غەربىدى



ئەنشى بىلەن شىڭشىڭشىيا ئوتتۇرىسىدىكى تاشيولغا يوشۇرۇن ئەۋەتىپ، مىنا كۆمدۈرۈپ، گەنسۇ بىلەن شىنجاڭنىڭ قاتنىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. خېلى بىر مەزگىللەرگىچە مۇشۇ تاشيولدا كېلىپ ـ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللار مىناغا تېگىپ كېتىپ پارتلاپ بىرمۇنچە يولوچىلار ئۆلدى، ليۇيۈەن ئاپتوموبىل بېكىتىگە بىر مەزگىل كېچىسى تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ، بۇ بېكەتنى ساقلاۋاتقان قوشۇندىن بىرقانچە 10 كىشىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولدى. كېيىن جيۇچۈەندە تۇرۇشلۇق ئارمىيە بۇ رايونغا قىسىم ئەۋەتىپ مىنالارنى تازىلىدى، تۆگىچىلەر دۈيىنى بازىدىن قوغلىۋەتتى. مەن 1943 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، يۈيمېن نېفىتلىكىنىڭ باشلىقى يەن شۇاڭ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى جىڭ كەيىڭ، لى تۇڭشاۋ قاتارلىقلار بىلەن يۈيمىن نېفىتلىكىدىن شىنجاڭغا شىخودىكى مايتاغ نېفىتلىكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بارغان ۋاقتىمدا، بۇ تاشيولنىڭ بىخەتەرلىك ئەهۋالى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن هەر ۋاقىت هوشيار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بەختكە يارىشا هېچقانداق پىشكەللىككە ئۇچرىمىدۇق.

بىز 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، شىڭ شىسەي بەلگىلەپ بەرگەن بىر مېهمانخانىغا چۈشتۇق، مېهمانخانىنىڭ مۇدىرى سۇڭ فامىلىلىك بولۇپ، دۇڭبېيلىك ئىكەن. مەن ئاۋال بېرىپ لو جالۇن بىلەن لىن جىيۇڭنى يوقلىدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىن ئىسمىم يېزىلغان كارتوچكىنى شىڭ شىسەيگە كىرگۈزۈپ كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدىم. شىڭ شىسەي ماڭا تېلېفون بېرىپ: «هازىر ئاغرىپ قالدىم، سىز

بىلەن كۆرۈشەلمەيمەن، كۆچۈرسىز، سىز شىخودىكى نېفىتلىكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىزنى چايغا ئېيتىمەن، شۇ چاغدا كۆرۈشەيلى، ئىشىڭىز بولسا ۋاڭ سەنمۇجاڭ بىلەن ئالاقىلىشىڭ، مەن مايتاغ نېفىتلىكىنىڭ مەسئۇلىغا تېلېگرام بېرىمەن، سىز بارغاندا نېفىتلىكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ» دېدى. مەن يەنە لو جالۇن بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم، لو جالۇن ھەيران بولۇپ: «شىڭ شىسەيدىن چاتاق چىقىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇ ھەر قېتىم بىرەر ئىش تۇغدۇرۇشتىن ئىلگىرى مېھمان قوبۇل قىلمايدۇ، يېقىندىن بېرى مەنمۇ ئۇنى كۆرمىدىم، سىز يىراقتىن كەلگەن تۇرسىڭىز، بۈگۈن سىز بىلەن كۆرۈشمىگىنىدىن قارىغاندا، يەنە بىرەر ئىش تېرىيدىغان ئوخشىمامدۇ» دېدى. ئۇنىڭ گېپىگە تازا ئىشەنگىم كەلمىدى، پەرۋا قىلمىدىم، بىر-ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ۋاڭ سەنمۇجاڭ مېنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ زالىغا بېرىپ (بولتۇر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرىگە زىياپەت بەرگەن ھەم ئۇنىڭدىن كېيىن ۋېنخاۋنى سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلغان جاي) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچىلىرىگە سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. مە ئىقتىسات مىنىستىرلىكىنىڭ بايلىق كومىتېتى شىڭ شىسەينىڭ تەلىۋىگە بىنائەن مېنى شىخودىكى نېفىتلىكنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئەۋەتكەنلىكى، بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپرەك ياردەم بېرىش توغرىسىدا سۆز قىلدىم. شىڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىلگىرى شىخودىكى نېفىتلىكتىن مايىنىڭ كۆپ چە ماسلىقى رۇسلارنىڭ قەستەن مايىنى ئاز چىقىرىشىدىن بولغان، چۈنكى بۇ يەردىن ماي جىق چىقسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باكۇ نېفىتلىكىگە تەسىر يېتىپ ماي ئاز چىقىدىكەن دە،



گۇمانلانغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ ئەھۋالتا نېفىتلىكنى ئېچىشقا نىسبەتەن ساۋاتنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىكى بىر خىل ئاددى قاراش. بۇ گەپچە بولغاندا، مەندىنمۇ مايىنى قەستەن ئاز چىقاردى دەپ گۇمان قىلىپ، يۈيۈمىن نېفىتلىكىدىن چىقىدىغان مايغىمۇ تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. بۇ گەپ شىڭ شىسەينىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالىدىغان بولسا، خىزمىتىمىزگە ئورۇنسىز قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بۇنداق گۇمانىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ نېفىتلىك ئېچىش ساۋادىنى سۆزلىدىم، مىسال كەلتۈرۈپ ئاياللاردا ئىككى ئەمچەك بولۇپ، بالا ئەمچەك ئىمىشتە، بىر ئەمچەكنىڭ سۈتىنى ئىمىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر ئەمچەكنى ئىمىدىغانلىقىنى، ئادەم بەدىنىدىكى ئىككى ئەمچەك بىر-بىرىگە يېقىن بولسىمۇ لېكىن سۈتىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى، شۇڭا، ئارىلىقى ناھايىتى يىراق بولغان ئىككى نېفىتلىك بىر-بىرىگە تۇتاشمايلا بىر-بىرىنىڭ مەھسۇلاتىغا تەسىر يەتكۈزمەيلا قالماستىن، بىر نېفىتلىكنىڭ ئۆزىدىمۇ نۇرغۇن قۇدۇق قازغاندا ماي چىقىدىغانلىقىنى، بالا ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئەمگىنىگە ئوخشاش بولمىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. بۇنى مىسال كەلتۈرگەندىن كېيىن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. شىخودىن ماي چىقسا باكۇ ياكى يۈيۈمىن نېفىتلىكىدىن ماي ئېلىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ دېيىش ئاساسسىز دېگەن گەپنى ئوچۇق دېمىسەممۇ، لېكىن ئۇلار بۇ مىسالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە چۈشەندى، شۇنداق قىلىپ، كەلگۈسىدە پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان ئۇقۇشماسلىقنىڭ ئالدى ئېلىندى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى

200 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان غەرپ تەرەپتىكى شىخ ئالغانلىقىمنى، ساق قالغانلىقى ياكى ئۆلگەنلىكىنىڭ ئېنىق ئەمەسلە-
نېفىتلىكىگە قاراپ يول ئالدىم. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن گىنى ئېيتىپ قويۇشنى تاپشۇرغانلىقىمنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ دەك-
شىپاڭ شىسەيگە تېلېفون بېرىپ، ئەتە شىخودىكى نېفىتلىكىكە - دۆككىدە قالدىم. مۇنۇ ئىككى ئىشنى ئويلىدۇم: (1) 17 - كۈنى
باردىغانلىقىمنى، شىخودىكى نېفىتلىكىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن نېفىتلىكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىم كېرەكمۇ - يوق؟ (2) ئۇلارغا بېرىشىم
ئۇلارغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىش ئويۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتتىم كېرەكمۇ - يوق؟ بىرىنچى مەسىلىدە، شىپاڭ شىسەينىڭ شىخودىكى
ئۇ: بولىدۇ، مەن ئىلى ۋىلايىتىگە سىزنى قارشى ئېلىش توغ نېفىتلىكىكە ئېۋەتكەن مەسئۇلىنىڭ (دۇڭبېيلىق) روھى ھالىتىگە
قاراپ بېقىشىم كېرەك، روھى ھالىتى بىر نەچچە كۈننىڭ ئال-
رىلىق تېلېگىرام بېرىمەن، دېدى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىخوغا كېتىۋېتىپ يولدا بىدىدىكى روھى ھالىتى بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۆتكۈزۈۋالىمەن
جىپ ماشىنىنى ئۇچراتتىم، جىپ ماشىنىدا بىر ئەمەلدار بىلە دىگەن قارارغا كەلدىم. ئىككىنچى مەسىلىدە، مېنىڭ ئۇلارغا
قاپلىق ماۋزۇر ئېسىۋالغان ئىككى ئەسكەر بار ئىكەن، بىز ماشە باردىغانلىقىمنى شىپاڭ شىسەي تېلېگىرام ئارقىلىق ئىلى ۋىلايە-
نىمىزنى توختىتىپ سۈرۈشتە قىلمىدۇق، لېكىن مەن شىنجاڭغا ئۇقتۇردى، ئەگەر ئۇلارغا بارمىسام، شىپاڭ شىسەي مەندىن
نىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئەھۋالى شۇنچە ياخشى تۇرسا، نېگە ئۇنىمىدۇ، ئىلى شىنجاڭنىڭ چېگرىسى ئىچىدە، ئۇ مېنى
ئۈچۈن ئىككى ئەسكەر قوراللىق مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭىدۇ تۇتۇمەن دىسە، نەدە بولسام تۇتۇۋېرىدۇ دىگەن ئويغا كېلىپ
يەنىلا ئۇلارغا بېرىش قارارىغا كەلدىم.
دەپ گۇمان قىلدىم.

شۇ كۈنى شىخودىكى مايتاغ نېفىتلىكىگە يېتىپ بېرىپ كېيىن شىخودىكى نېفىتلىكىنىڭ مەسئۇلىنىڭ پوزىتسىيىسى
شىپاڭ شىسەي نېفىتلىكىكە ئېۋەتكەن مەسئۇل ئادەملەر بىلە بۇرۇنقىدەكلا بولدى، بۇ خەۋەرنى ئۇ ئۇقماي قالمايدۇ، شۇڭا
كېڭىشىپ، ئۆتكۈزۈپ بېرىش — ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشىنى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى
17 - كۈنى بېجىرمەكچى بولدۇق. شۇ مەزگىلدە شاڭخەي ئۆتكۈزۈلدى، ئۇلار تېخى پوچاڭزا ئېتىپ تەبرىكلىدى. ئۆتكۈزۈ-
نىڭبو، شاڭخەي — خاڭجۇ ئىككى تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ باشۋېلىنغاندىن كېيىن، كانىنىڭ بارلىق خىزمىتى لى تۇڭجاۋنىڭ
لىقى — مېنىڭ قەدىناس دوستۇم چىن بوجۇۋاڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى، مەن يەن شۋاڭ، جىڭ كەي-
ئوغلىنى تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى گەنسۇ — شىنجاڭ تۆمۈيىڭلار بىلەن بىرگە ئۇلارغا باردىم. ئۇلارغا بارغاندىن كېيىن
يولنى چارلاش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئېۋەتكەن ئىكەن، ئۇ 11 - كۈنى مەن يولدا ئۇچراتقان جىپ ماشىنىدىكى كىشى
7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن مايتاغقا كەپتۇ ۋە مائىلىنىڭ ۋالىسى ئىكەنلىكىنى ئاندىن ئۇقتۇم. بىزنى ۋالىنىڭ
لو جالۇننىڭ ئۆزىدىن باشقا، شىنجاڭغا ئېۋەتىلگەن گومىنداڭنىڭ مۇۋەققەتچىسى كۈتۈۋالدى، ۋالىنى شىپاڭ شىسەي قولغا ئېلىپ
بارلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت خادىملىرىنى شىپاڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىگە ئەكەتكەن ئىكەن.

ئىلىدا جەمئى 9 شەھەر بولۇپ، چىلىڭ، كاڭ، شى دەۋرلىرىدە بىنا قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ 9 شەھەرنى ساقلاش ئۈچۈن مانجۇ ئەسكەرلىرىدىن 20 مىڭ ئادەم ئېۋەتىلگەن، ئەمەلىيەتتە 9 ئىستىھكام، 9 شەھەرنىڭ مەركىزى غۇلجا بولۇپ، ئىلى جاڭجۈنى مۇشۇ يەردە تۇرغان، غۇلجا ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقۇرى تەرىپىگە جايلاشقان. ئىلى دەرياسىنىڭ جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى قىسمىدا كىچىك ماتورلۇق كېمە قاتنىيالايدۇ، ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ سۈيى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭدا چوڭ پاراخوت قاتنىيالايدۇ. ئىلى ۋىلايىتى بويىچە قازاقلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ، بىز غۇلجىدا 3 ـ 4 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان قورغاس ناھىيىسىگە بېرىپ بىر كېچە قوندۇق، بۇ يەر دەل چېگرىنىڭ ئۆزىگە 10 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ، ئەتىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېگرىداش بولغان بىر كىچىك دەريانىڭ بويىغا باردۇق، ئادەتتىكى ۋاقىتتا دەريادا سۇ ئاز ئاقىدىكەن، كەلكۈن كەلگەندە دەريانىڭ ئېقىنى كېڭىيىپ كېتىدىكەن. دەرياغا تەخمىنەن بىر نەچچە 10 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كۆۋرۈك سېلىنغان بولۇپ، كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياغاچ رىشاتكىلىق دەرۋازا بار ئىكەن، كۆۋرۈكتىن 2 يېرىم توننىلىق چوڭ ماشىنا ئۆتەلەيدىكەن. كۆۋرۈك ئوتتۇرىسىدىكى ياغاچ رىشاتكىلىق دەرۋازا ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان بەلگە قىلىنغان. ھەر ئىككى تەرەپتە 3 ـ 4 قەۋەتلىك ئېگىز بىنادا كۆزىتىش مۇنارى ياسالغان، لېكىن بىز تەرەپنىڭ كۆزىتىش



مۇنارىغا كۆزىتىشكە ئادەم چىقارمىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ يەرلىرىنى ئورمان قاپلىغان، ئۆيلىرى خېلى جىق بولۇپ، قىزىل قاڭالتىرلىق ئۆگزىلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېكىن بىز تەرەپتە دەل ـ دەرەخ، ئۆيمۇ يوق دېيىشكە بولىدۇ، كۆۋرۈككە خېلى يىراق بىر يەردە بىر كورپۇس گەزىرمە سېلىنغان بولۇپ، بىر پەي ئەسكەر قويۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىنى بويلاپ تاشيول ياسىغان، ھەر كۈنى ماشىنا چىقىرىپ چارلاپ تۇرغان، ئايروپىلانلىرىمۇ چېگرىنى ياقىلاپ ئۇچۇپ يۈرگەن. بىز تەرەپتە بولسا، چېگرىنى بويلاپ تاشيول ياسالمىغان، چارلاش ئېلىپ بېرىشقىمۇ ئەسلا ئادەم چىقارمىغان. ئىككى تەرەپنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، بىزنىڭ چېگرىمىز پۈتۈنلەي مۇداپىئەسىز ئىكەن دېگەن يەرگە كەلدۇق.

قورغاستىن باشلانغان گەنسۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى جۇڭگو ـ سوۋېت سودىسى، قاتنىشىنىڭ ئاساسلىق يولى. جۇڭگو ـ سوۋېتنىڭ ماددى ئەشيالىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئورنى دەسلەپتە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەھىرىدە بولغان، كېيىن شىنجاڭدىكى قۇمۇلدا بولۇشقا ئۆزگەرتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ئاپتوموبىل كالونلىرى بىر قەدەر ئىلگىرىلىگەن، لېكىن شىنجاڭنىڭ دائىرىسىدە يەنىلا سوۋېتنىڭ ئاپتوموبىللىرى قاتنىغان، يول بويلىرىدا ئاساسلىقى سوۋېتنىڭ شوپۇرلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مېھمانخانىلار قۇرۇلغان، بىزمۇ شۇ مېھمانخانىلاردا قوندۇق، پۈتۈنلەي روسلار يەيدىغان سەي، تاماقلارنى يىدۇق، ھەر بىر مېھمانخانىدا بولكا پۇشۇرىدىغان ئۆي بار ئىكەن، بۇنىڭدىن شىنجاڭنى روسلاشتۇرۇشنىڭ تۇرمۇشنىڭ ھەر ساھەسىگە چوڭقۇر سىڭگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ چېگرىسىنى سوۋېت ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئېچىۋېتىلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

چېگرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇدۇللا شىخودىكى نېفىتلىككە قايتتۇق، ماشىنا بىلەن 3 كۈن يول يۈردۇق. شىخودا بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدۇق، ئۈرۈمچى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىمۇ ئاڭلىيالمىدۇق، شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرىدىن سوراشمۇ ئەپسىز بولدى، شۇنىڭ بىلەن، مەن، يەن شۇاڭ جىڭ كەيىڭ ئۈچىمىز ئۈرۈمچىگە قايتتۇق.

ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىغا بىر نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى تەكشۈرۈش پونكىتىغا يېتىپ كېلىپ، ماشىنىدىن چۈشۈپ تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ئۆيىگە كىردۇق، ئۆيدە شىنجاڭ گېزىتى بار ئىكەن، گېزىتكە ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ فرانسىيىنىڭ نورمەندى يېرىم ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىققانلىقى توغرىسىدا بېسىلغان خەۋەرنى كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن ئىچىمىزدە تازا خوش بولدۇق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچىگە ئىتتىك كېلىپ قالغانلىقىمىزدىن جىددىيلىشىپ قالدۇق. بىز شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، دەرھال بۇرۇن چۈشكەن مېھمانخانىغا بېرىپ، بۇرۇنقى سۇلۇق سوجاڭنى سورىساق، (شىنجاڭلىقلار تۇرمىنى كۆرسىتىپ) ئۇ ئۆي ساقلاۋاتىدۇ دەپ جاۋاپ بەردى. تونۇش ئادەم بولمىغانلىقىدىن، ئۇ يەردە قونۇشقا ئامال بولمىدى. ماشىنىمىز بىلەن يولغا چىقىپ بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ، ماشىنىدىن چۈشۈپ دۇكانغا كىرىپ، دۇكاندىكى تېلېفوندىن پايدىلىنىپ شەرقىي باغچىغا تېلېفون بەردىم تېلېفوننى ئالغۇچى شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسى شېڭ شىجى بولۇپ قايتىپ كەلگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، × × كوچىدىكى × مېھمانخانىغا



چۈشۈڭ، سىزلەرنى كۈتۈۋېلىشنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇمەن دېدى. ئۇ يەنە ماڭا سىلىنىڭ جاڭگۇەن جۇ شاۋلياڭنىڭ ھازىر شەرقىي باغچىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن بۇنى ئاڭلاپ، ئۇ يەنە نېمىشقا كەلگەندۇ؟ دەپ ئەجەبلەندىم. لېكىن ئۇنىڭدىن قايتىلاپ سوراشنى ئەپسىز كۆردۈم. دۇكاندىن چىقىپ، ماشىنا تۇرغان جايغا قاراپ كېتىۋاتسام، كوچىدا تۇرغان يەن شۇاڭ بىلەن جىڭ كەيىڭ مېنى كۆرۈپ قول ئىشارىتى قىلدى، مەن 10 قەدەم ئالدىغا مېڭىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدىم، تامغا يېڭىدىن چاپلانغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلانىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، بۇ. شېڭ شىسەينىڭ مەركىزىي دىخانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىكىگە يۆتكەلگەنلىكى، ۋۇ جۇڭشىڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى ئېلان ئىكەن، بۇ بىزنىڭ كۈتمىگەن يېرىمىزدىن چىققان خوش خەۋەر بولۇپ، خۇشاللىقىمىز ئىچىمىزگە پاتماي كەتتى. بېشىمىزنى بېسىپ تۇرغان بىر يوغان تاش يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى. جۇ شاۋلياڭنىڭ كېلىشىدىكى سەۋەپنى ئەمدى ئۇقتۇق، ئۇ ۋۇ جۇڭشىڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئەكىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، شېڭ شىجى كۆرسەتكەن مېھمانخانىغا ماشىنا بىلەن بېرىپ جايلاشتۇق.

ئەتىسى شەرقىي باغچىغا بېرىپ جۇ شاۋلياڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، شىنجاڭنىڭ چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىش گۇۋاھنامىسى بېرىشنى تەلەپ قىلدىم، ئۇ: مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، شېڭ شىسەي تېخى ئىشنى ئۆتكۈزۈپ بەرگىنى يوق، چېگرىدىن چىقىپ كېتىش گۇۋاھنامىسىنى شېڭ شىسەيدىن ئالغىنىڭىز تۈزۈك، دېدى.

مـەن: سىز ۋۇ جۇڭشىڭ بىلەن بىرگە كەلگەنلىكىڭىز ئۈچـۈن
خاتىرجەم بولدۇم دېدىم. ئۇ: «ناتايىن، هازىر شىڭ شىسەينىڭ
ئۆزى چاتاق چىقارماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ئـۆتكۈزۈپ بېرىش
ئىشى تېخى بېجىرىلمىگەچكە، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ھەربىي
ئۆزگىرىش قىلىشى مـۇمكىن، مـەنمۇ ئىشەنچە قىلالمايۋاتىمەن
مەن يولغا چىقىش ۋاقتىمدا خـوتۇنۇمغا، بـۇ قېتىمقى سەپەر
ئـاق يوللۇق بـولامدۇ يـاكى پىشكەللىك بـولامدۇ، بىر نىمە
دېگىلى بولمايدۇ، هاياتلىقىمىزدا يەنە كۆرۈشەلـەيمىزمۇ ـ يوق
بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن دېدىم، ئىتتىگرەك كەتكىنىڭ
ياخشى» دېدى. ئـۇنىڭ بـۇ سۆزىنى ئـاڭلاپ بـەكمۇ بـوشاپ
كەتتىم. مـەن يەنە شىڭ شىسەينىڭ خـەۋەرلىشىش بـۆلـۈمىگە
بېرىپ تېلېفون بېرىپ چېگرىدىن چىقىپ كېتىش گۇۋانـامىسى
بېرىشنى تـەلـەپ قىلسام، ئۇ: «قايتىپ كـەلگىنىڭىز يـاخشى
بوپتۇ، ئەسلىدە سىزنى چايغا ئېيتماقچى ئىدىم، ئىشنىڭ ئـال
دىراشلىقىدا ۋاقىت چىقمىدى، ئـەپـۇ قىلارسىز، مەن ۋاڭ سەن
مۇجاڭغا ئېيتىپ قـويـاي، سىز بىلەن ئـالاقىلاشسۇن» دېدى
شۇنىڭ بىلەن مېهمانخانىدا جاۋابىنى كـۈتـۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر
بولدۇم. لېكىن ۋاڭ سەنمۇجاڭ مېنى ئىزدىمىدى. ھەربىي ئـۆز
گىرىش بـولۇپ قـالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، بەك تىت ـ تىت
بولۇپ كەتتىم. بۇ ئارىلىقتا لو جالۇن، لىن جىيۇڭنىڭ ئـايـال
كىلىپ ۋۇ جـۇڭشىڭ بىلـەن ئۇرۇشقانـلىقىنى مـاڭـا ئېيتتى
لىن جىيۇڭ قاتارلىق كىشىلەر تېخىچە تۇرمىگە قـاماپ قـويـۇل
غانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى دەرهال قويۇپ بېرىشنى تـەلەپ قىل
غان، ۋۇ جۇڭشىڭ بولسا يا بـولىدۇ، يـا بـولمايدۇ دېمىگەن
لو جالۇن ماڭا: «قـولغا ئېلىنغان بـارلىق كىشىلەرنى يـوقـلاپ



كېلىشكە جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىڭلار ئادەم ئەۋەتتى، ئۇلار تىچ ـ
ئامان ئىكەن، لېكىن قاچان قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىغا بىر نىمە
دېگىلى بولمايدۇ» دېدى. ئۇ يەنە: «هازىر خەقلەرنىڭ دېيىشىچە،
بىسەن تېغىدا هـەر كـۈنـى كېچىسى ئـادەم ئـاتقان مىلتىق
ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن، ئۆزەمنىڭمۇ، لىن جىيۇڭ قاتارلىق
كىشىلەرنىڭمۇ ئىستىقبالىنىڭ قانداق بـولىدىغانلىقىغا بىر نىمە
دېيەلمەيمەن، سىلەر ئامـال قىلىپ بـالدۇرراق كـەتكىنىڭـلار
تۈزۈك» دېدى. 4 ـ 5 كـۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ۋاڭ سەنمۇجاڭ
شۇ كـۈنى كـەچتە مېنى، بـەن شۈاڭنى، جىڭ كـەيىڭنى چـايغا
ئېيتىپ باغاق ئەۋەتىپتۇ، تاماق يەۋاتقاندا، چىراق تـۇيـۇقسىز
ئۆچۈپ قالدى، بىز چۆچۈپ كەتتۇق، ۋاڭ سەنمۇجاڭ چىراقنىڭ
ئـۆچكىنى نىمىسى دېـدى، بىر دەمـدىن كېيىن چىراق يـەنـە
ياندى، شۇنىڭ بىلەن يـۈرىكىمىز ئـورنىغا چـۈشتى. چـايدىن
كېيىن ۋاڭ سەنمۇجاڭ چېگرىدىن چىقىپ كېتىش گۇۋانـامىسىنى
ماڭا بەردى، بۇ چېگرىدىن چىقىپ كېتىش گۇۋانامىسىغا شىڭ ـ
شىسەينىڭ شـەخـسى تـامغىسى بېسىلىپتۇ. ئـۇقـۇشىمىزچـە،
شىڭ شىسەينىڭ شەخسى تـامغىسى هـۆكۈمەتنىڭ تـامغىسىدىنمۇ
بەكرەك كۈچكە ئىگە ئىكەن. مېهمانخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن
ھەممىمىز خۇش بولۇپ كېتىپ، ئەتىسى سەهەردىلا ماشىنىمىزغا
چۈشۈپ ئۈرۈمچىدىن كەتتۇق، جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىڭ، لو جالۇن،
لىن جىيۇڭنىڭ ئايـالى قـاتـارلىق كىشىلەرگە دەپ قويۇشقىمۇ
ئۈلگـۈرەلمىدۇق. شىڭ شىسەيدىن چېگرىـدىـن چىقىپ كېتىش
گۇۋانامىسىنى ئالغان بولساقمۇ، 5 ـ 6 كـۈن يـول بـاسقاندىن
كېيىن ئاندىن شىڭشىڭشياغا يېتىپ كەلگىلى بـولاتتى (شىنجاڭ
بىلەن گەنسۇنىڭ چېگرىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بېكەت).

ئەگەر بۇ ئارىلىقتا بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، چېگرىدىن
چىقىپ كېتىش گوۋانامىسى بولغىنى بىلەنمۇ ھېچ نىمىگە
ئەسقاتمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، قولۇمدىن ئۆتۈدىغان چاغدا
ئەسلىدە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ 8 - پولكى ئۈچۈن بېكىتىدىن
سېلىنغان گازارمىلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. شىڭشىڭشىياغا
كەلگەندە، چېگرىدىن چىقىپ كېتىش گوۋانامىسىنى تەكشۈرتۈپ
ماشىنىنى تەكشۈرۈش پونكىتىدىن ھەيدەپ چىقىپ كەتتۇق
شوپۇر يولداش چېن يۈگىشىنىڭ (ئازاتلىقتىن كېيىن چوڭچىڭد
كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بوپتۇ) ماشىنىنى شەرققە
قاراپ بولۇشچە ھەيدىدى، ئۇ كېتىۋېتىپ: «شۈكرى، ۋەتەن
گە قايتىپ كەلدۇق» دېدى. مەن: «شىنجاڭ چەتئەلمىكەن؟»
دېدىم، ئۇ، «چەتئەل بۇنداق قورقۇنۇچلۇق بولمىسا كېرەك!»
دېدى.

شېڭ شىسەي 1942 - يىلى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا
ئۆزىنى ئېتىپ بىر يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، 1943
يىلى 7 - ئايدا يەنە ئۇششۇمتۇت پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ
جياڭ جيېشى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن پارتىيە - ھۆكۈمەت خادىملى
رىنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالدى، لوجالۇن بۇنىڭ سىرتىدا
ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشىدىكى سەۋەپ شۇكى، ئۇ چاغدا ستالىن
گراد قولدىن كەتمەيلا قالماستىن، بەلكى سوۋېت ئارمىيىسى
سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشىدا قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈ
غەلىبە قىلدى، شۇنداقلا ئىتتىپاقداش ئارمىيىمۇ ياۋروپاد
قورۇقلۇققا چىقىپ، ئىككىنچى جەڭ مەيدانىنى ھازىرلاش
ئالدىدا تۇراتتى، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، شېڭ شىسەي
يەنە بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشماقچى بولدى



لېكىن بۇ چاغدا ستالىن شېڭشىسەينىڭ تۇراقسىزلىقىدىن
يىركەنگەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق
باش ئەلچىسى پانيۇشىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمدى شېڭ
شىسەينى قوللىمايدىغانلىقىنى جياڭ جيېشىگە مەخپىي يوسۇندا
بىلدۈرگەن. شۇڭا، جياڭ جيېشى خۇزۇڭنەننىڭ ئەسكەرلىرىنى
يەنىلا خېشى كارىدورىدا تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ئەمىلى كۈچ ئارقا تىرە
گى قىلىپ، شېڭشىسەينى شىنجاڭدىن يۆتكەپ چىقىپ، دىخان
چىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرى قىلىشقا بەل باغلىغان. شېڭ
شىسەي ئالدى تەرەپتە بېسىم بارلىقىنى، كەينى تەرەپتە
چېكىنىش يولىنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلىپ، ئامالنىڭ يوقلىقىدى
دىن تىز پۈكۈشكە مەجبۇر بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ،
چوڭچىڭغا بېرىپ دىخانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولۇش
تەك قۇرۇق مەنسەپكە ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدا
قولغا ئېلىنغان گومىنداڭنىڭ بارلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت
خادىملىرىنى قويۇپ بەرگەن، ئاخىرقى ھېساپتا ئۆلتۈرمىگەن.
لېكىن ئۇ جياڭ جيېشىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، مېڭىشتىن
بۇرۇن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن
ۋەكىللەر ئۆمىگىدىكى چېن تەنچيۇ، ما ۋېيمىن، لىن جىلۇ قا
تارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن. لو جالۇن ئېيتقان بېسەن
بىغىدا ھەر كۈنى كېچىسى ئادەم ئاتقان مىلتىق ئاڭلىنىپ تۇرد
دىكەن دېگەن گەپمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىكەن.

ئىلىنىڭ ۋالىسى بىلەن سۆڭ فامىلىلىك سوجاڭنىڭ قانداق
بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس، بۇ ئىككەيلەن دۆگىپىلىق ئىدى. شېڭ
شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە مەنسۇۋى
ۋسۇش، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا خۇشاللىق بولماس

تىن بەلكى بىر ئازاپ بولغان. چۈنكى مەنسۇۋى ئۆسۈپ بىر
مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، شىڭشىسەي ئۇ ئادەمدىن گۇمانلىنىپ
تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىغان. مەنسۇۋى ئۆسۈش قولغا ئېلىپ تۈرمە
گە تاشلىنىشىنىڭ بىشارىتى بولۇپ قالغان، شىنجاڭ ھەقىقەتەن
ئاق تېرورلۇق قاپلىغان دۇنيا بولۇپ قالغان، شوپۇر يولداشنىڭ
قورقانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا جياڭ جيېشى شىڭ شىسەيگە: چۆكچەك
كېلىپ دىخانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلى
ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىققان چاغدا، شىنجاڭ
دىن چۆكچەككە كېلىشتە ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر دۈيىنى بىلە
ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىغان. بۇ مۇھاپىزەتچىلەر دۈيى كېيىن
چاغلاردا چۆكچەكنىڭ جەنۇبىدىكى شىڭ شىسەي ئولتۇرغـ
بىناغا جايلاشتۇرۇلغان.

(ئەسلى «تارىخى ماتېرىياللاردىن تاللانما» نىڭ 4
ساندا بېسىلغان)



# «تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالى»
# تۇغرىسىدا

## لى فەنچۈن

1943 - يىلى مەركىزىي سىياسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان
ۋاقتىمدىلا شىنجاڭغا بېرىشنى ئارزۇ قىلغان ئىدىم. لېكىن مېنىڭ
شىنجاڭغا بېرىشىمغا ھەقىقى ئىلھام بەرگەنلەر مەن ئۆزەم ئىلگىرى
كۆرۈشۈپ باقمىغان ئاتاقلىق ئۈچ كىشى — فەن چاڭجياڭ، سىتېيىن
ە سۋېنھېدىن بولدى. مەن فەن چاڭجياڭنىڭ «قورۇلغا سەپەر»
ە «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال بۆرجىكى» دىگەن ئەسەر-
رىنى ئوقۇغان. ئۇنىڭ راۋان ئۇسلۇبى بىلەن
ەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى مېنىڭ قەلبىمدە كەسكىن بېرىلىش ئويغـ
ى تۇتاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپرەك يېزىشىم، تېخىمۇ يىراقلارغا بېرىـ
شىم كېرەك دەيدىغان جەسۇرانە ئىرادىنى تىكلىشىمگە ئىمكان بەر-
ى. سىتېيىننىڭ «غەربىي رايون ساياھىتىدىن خاتىرىلەر» دىگەن
ەسىرىنى ۋە سۋېنھېدىننىڭ «ئاسىيانىڭ ئىچكىرى جايلىرىنى
اياھەت قىلىش خاتىرىسى» دىگەن ئەسىرىنىمۇ ئوقۇدۇم. بۇلار-
ىمۇ قەلبىمدە ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببەتنى ئورغۇتۇپ،
ۇڭگولۇقلاردا بولۇشقا تېگىشلىك چەتئەللىكلەر بىلەن بىر بەس-
ىشىش كېرەك دەيدىغان غەيرەتكە كېلىشىمگە ئىمكان بەردى،

شۇڭا، پۈتۈن شىنجاڭنى كېزىپ، شىنجاڭنى تونۇشتۇرۇدىغان
كىتاپ يېزىش مۇددىئايىم چۈشكەنلىك كىچىك ئارشىڭى
كەپە ئۆيۈمدە بىخ ئۇرغان ئىدى. مۇشۇنداق قەتئىي ئىشەنچى
مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، كېيىنكى چاغلاردا 3 يىل ۋاقىت س
قىلىپ، ئاخىرى بۇ غايەمنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئەمەلگە ئاشۇر
1943 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، جاڭ چيەن، ب
چاۋنىڭ غەربىي رايونغا ئەلچى بولۇپ چىققىنىغا ئوخشاش ئى
خار بىلەن، «مىڭ بىر كېچە» دىكىگە ئوخشاش سىرنى قوغلۇش
«كوئىنلون» ناملىق مەخسۇس ئايرۇپىلان بىلەن چۆچەكتىن ئۈرۈمچ
كەلدىم. لېكىن مۇستەبىت شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋا
شارائىتتا، مېنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش ئەركىنلىكىم بولمىدى. 944
يىلى 9 ـ ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كې
1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن ئېتىبارەن پۈتۈن شىنجاڭنى كې
چىقىش ساياھىتىمنى باشلىدىم. مېنىڭ ساياھىتىم غەربىي شىن
جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدىن ئىبارەت 3 چوڭ قى
غا بۆلۈنىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە، ئىلى، تارباغ
ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاش
غان شۇ چاغدا پەۋقۇلئاددە شارائىتتا تۇرغانلىقى تۈپەيلى
بۇ جايلارغا بارالمىغانلىقىمنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغان 7
لايەتنىڭ ھەر بىر ناھىيىسىدە مېنىڭ ئاياق ئىزىم بار.
داۋانلار ئېشىپ كوئىنلونغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، يىپەك يول
ئۆتۈپ، تىيانشاننى توغرىسىغا كېسىپ، 20 مىڭ چاقىرىم
كۆپرەك يول بېسىپ، پۈۋىست شەكلىدە 500 مىڭ خەتلىك ساياھ
خاتىرىسى يازدىم، ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىسى، جەمىي
تەبىئىي شارائىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ



لەق كۆپ قىسمى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى،
ئاز قىسمى نەنجىڭدە چىقىدىغان «جۇڭيالىڭ رىباۋ» گېزىتىدە ئې ـ
لان قىلىندى.

## غەربىي شىنجاڭغا سەپەر

1944 ـ يىلى قىشتا شىنجاڭنىڭ غەربىدە ئىنقىلاپ ئوتى
تۇتاشتى، ئىككىنچى يىلى باھار بايرىمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يەر ـ
جاھاننى قار ـ مۇز قاپلىدى، مەن شىنجاڭ گېزىتىنىڭ زىيارەت
قىلىش مۇدىرى سالاھىيىتىم بىلەن مەخسۇس غەرپتىكى جايلارنى
زىيارەت قىلىشقا ماڭدىم، سانجى، قۇتۇبى، ماناس، شىخودىن
ئۆتۈپ، ئاشلىق توشۇيدىغان بىر ماشىنىغا چۈشۈپ
جىڭغا قاراپ يول ئالدىم، كېچىدە ماشىنا چۆلدە ئاران ـ
ئاران ماڭاتتى، ماشىنىدا مەن بىلەن ئىككى ئۇيغۇر شوپۇرلا بار
ئىدى. ماشىنىدا بىر كېچە ئولتۇرۇپ، ئىككى پۇتۇم توڭلاپ، بە ـ
دەنلىرىمنى تىترەك بېسىپ، توڭلاپ ئۆلگىلى تاسلا قالدىم. ئۇ
چاغدا ئىلى ۋالى مەھكىمىسى بىلەن 19 ـ جىتۇەن جۈننىڭ باش
قوماندانلىق ئىشتاۋى جىڭدا ئىدى. ئىلىنىڭ ۋالىسى زۇ شۇپىڭ،
19 ـ جىتۇەن جۈننىڭ باش قوماندانى لى تيېجۈن، سەنمۇجاڭى
خۇ شىن، 45 ـ دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى شى يىفېڭلار بىلەن كۆرۈش ـ
تۈم. شۇ چاغدا، دىنۇس ئېغىزى ئارقىلىق ئىلىدىكىلەرگە قايتۇر ـ
ما ھۇجۇم قىلىش جېڭى ئەمدىلا ئاخىرلىشىپ، ئالدىنقى سەپتىن
يەغلۇپ بولغان ئەسكەرلەر جىڭغا چېكىنىۋاتقان، داخىيەن ئەتراپى
بىر يىرى بىلەن تۇتۇشۇۋاتقان ھالەتتە تۇرغان ئىكەن. زىيارەت قى ـ
لىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە بارماقچى بولۇۋىدىم، زۇشۇپىڭ مې ـ

نىڭ بىخەتەرلىكىمنى كۆزدە تۇتۇپ، بېرىشىمغا زادى قوشۇلمىدى
كېيىن يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چېكىنىپ شىخوغا قايتىپ كە
دىم. ئۇنىڭدىن كېيىن چىگىشۇرغا باردىم ھەم تىيانشاننىڭ ئىچك
رىسىگە جايلاشقان بىر لاما ئىبادەتخانىسىنى زىيارەت قىلى
ئاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم.

بۇ قېتىمقى سەپەر جەريانىدا قىلىنغان ساياھەت خاتىرى
«شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. ئالدىنقى سەپىرىمنىڭ ئە
ۋالى توغرىسىدا ئۇزۇنراق ئايرىم بىر خەۋەر يېزىپ، گېزىتخا
نىڭ باشلىقى جىڭ شاۋشەن ئارقىلىق جۇ شاۋلياڭنىڭ تەكشۈرۈ
كۆرۈشىگە سۇندۇم، جۇ شاۋلياڭ بۇ خەۋەرنى بېسىشقا قوشۇلما
ئۆزىنىڭ كۆيۈغلى جاڭ شۈەنزېنى ئەۋەتىپ، ئۇ ئارقىلىق ئ
زىنىڭ : ئەگەر مەن قوشۇلسام، باشلىقلار بولۇمىنىڭ «داگۇڭباۋ
گېزىتىگە ئەۋەتىپ بېرىشىگە توغرا كېلىدۇ دېگەن گېپىنى يەتكۈزدى
مەن يايپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقىد
ئۇنىڭ ئۈستىگە چېگرىدىكى جايلاردا ئۇرۇش ئۇتى تۇتۇشۇ
كەتتى، «داگۇڭباۋ» گېزىتىدە ئېلان قىلىنىشىنىڭمۇ ھاجىتى يو
دەپ قاراپ، ئاخىرىدا تاشلاپ قويدۇم.

غەربىي شىنجاڭغا سەپەر دېگەن خاتىرەم «شىنجاڭ گېزىتى
دە ئېلان قىلىنغاندا، ئۇنىڭغا تېخى «تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالى
دېگەن ئىسىم قويۇلمىغان ئىدى. «تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالى
دېگەن ئىسىمنى جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر قىلغاندىن كېيى
قوللىنىشقا باشلىدىم. بۇ ئىسىمنىڭ كېلىشىدىكى مەنبە شۇك
شىخودا بولغان ۋاقتىمدا، زوشۇپىڭ ماڭا بىر مىسرا شېئ
تەقدىم قىلدى، ئۇنىڭدا: «كەزدىم كەڭ تىيانشان باغرىنى قالمى
ئۇنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالى» دېگەن سۆز بار ئىكەن، بۇ سۆز ياخ



يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كىتاۋىمنىڭ ئىسمى قىلدىم.

## جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر

1945 ـ يىلى قىشتا، جاڭ جىجۇڭ 3 ۋىلايەت بىلەن تېچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، «ھەربىي ئىنتىزامنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۆمىكى» تەشكىللىدى، دېڭ ۋېنيى ئۆمەك باشلىقى بولدى، ئۆمەك ئەزالىرى تەركىۋىدە ۋاڭ زېڭشەن، ليۇيۇنشياڭ، قاسىم، گۇاڭ لۇ ...... لار بار ئىدى، مەنمۇ ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ بىرى ئىدىم. ئاۋال ماناس، قۇتۇبى، سانجىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قارا شەھەر، خېجىڭ ۋە كورلىغا باردۇق. كۆزدىن كۆچۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۈرۈمچىگە قايتتى، مەن تەكلىماكان چۆلىنى ئايلىنىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ساياھىتىمنى باشلىدىم.

ئالدى بىلەن خېجىڭغا قايتىدىن زىيارەت قىلىشقا بېرىپ، سەپىرىمنى تىيانشاننىڭ شىمالىدىن باشلاپ، موڭغۇل مەنخەنۋاڭغا قاراشلىق خان ئوردىسىنى ۋە لاما ئىبادەتخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كورلا بىلەن لوپنۇرغا باردىم. كۆنچى دەرياسى بويىدىكى ساسلىقلارنى بويلاپ مېڭىپ، مۇز توڭلىغان كۆللەردە سۈپ ـ سۈزۈك مۇز ئاستىدىكى سۇ ئىچىدە ۋە ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارنى كۆردۈم، ئەتىسى قارا شەھەرگە يېنىپ كەلدىم. ئاندـ دىن كېيىن بۈگۈر ئارقىلىق كۇچارغا بېرىپ، سەپىرىمنى تىيانشاـ نىڭ شىمالىدىن باشلاپ، ئۇ يەردىكى مىڭ ئۆينى ۋە نېفىتلىرى يەر ئۈستىگە سىڭىپ چىقىپ تۇرغان نېفىتلىكنى زىيارەت قىلدىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن جەنۇپقا قاراپ يول ئېلىپ شىڭخا، شايارغا بېرىپ، بۇ يەر ئارقىلىق تارىم دەرياسى بويىغا باردىم. ئۇگەن دەرياسى ۋادىسىدا غارلار ئىچىدىكى مىڭ ئۆينى زىيارەت قىلدىم. ئاندىن كۇچارغا يېنىپ كېلىپ، باي ئارقىلىق ئاقسۇغا باردىم.

بۇ چاغ دەل ئاقسۇنىڭ مۇھاسىرىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغان ۋاقتى ئىكەن، شەھەر مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانلىق ھەققىدىكى بىرمۇنچە ھېكايىنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ قانداق قىلىپ ئىلىدىن كېلىپ مۇزداۋاندىن ئېشىپ جەنۇپقا يۈرۈش قىلغانلىقىنى، قانداق قىلىپ ئاقسۇنى مۇھاسىرە قىلغانلىقىنى، شەھەر ئىچىدىكى ئارمىيىنىڭ قانداق تىركىشىپ كۆرەش قىلغانلىقىنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ سېپىلغا يامىشىقاندا ۋە يەر ئاستى يولى كولىغاندا ئۇلاردىن قانداق مۇداپىئە كۆرگەنلىكىنى، ئاخىرىدا مۇھاسىرىدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن بۇلارنى ئەلۋەتتە «تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالى» دىگەن كىتاۋىمغا يازمايمەن، چۈنكى ئۇ چاغدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر زادىلا ئېلان قىلىنمايتتى.

ئاقسۇ كونىشەردە قەدىمقى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خاراپ بولغان ۋاڭ ئوردىسىنى زىيارەت قىلدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇچتۇرپان بىلەن ئاقچىغا باردىم، ئاندىن كېيىن تاغ - چوققىلاردىن ئېشىپ كەلپىنگە كەلدىم، ئاخىرىدا ئاقسۇغا قايتىپ كەلدىم.

يەنە ئاقسۇدىن ئاۋاتقا بېرىپ، تۆگىگە مىنىپ قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىپ كەلگەن قۇمنىڭ ئاستىدا قالغان بىر قەدىمى شەھەرنى ئىزدىدىم، بىپايان قۇملۇق



تا بىر قانچە كۈن مېڭىپ، قەدىمى شەھەرنىڭ ئىزىنى تاپالمىدىم. كېيىن ئىچىدىغان سۇنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنە ئاۋاتقا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم.

ئاقسۇدىن ئايرىلىپ، ئۇدۇل قەشقەرگە قاراپ يول ئالدىم، بۇ يەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى مەركىزى، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەر. بۇ يەردە خېلى ئۇزۇن تۇردۇم، قولدا يېزىلغان ۋە باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە تارىخىغا ئائىت بىرمۇنچە كىتاپ سېتىۋالدىم. بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «پەرھات - شىرىن» دىگەن كىتاپمۇ بار، بۇنى ئابباس ماڭا ئاغزاكى تەرجىمە قىلىپ بەردى. بۇنى مەن رەتلەپ، ئىسمىنى «ئىشق شەجەرىسى» دىگەن نام بىلەن، 1947 - يىلى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلدىم.

قەشقەردە كۆتۈلمىگەن يەردىن سىتېيىننىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان بىر پارچە خېتى قولۇمغا چۈشۈپ قالدى، بۇ خەت سىتېيىننىڭ «قەدىمقى خوتەن» دىگەن كىتاۋىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ قويۇلغان ئىكەن. بۇ خەت قەشقەر تاموژنىسىنىڭ باشلىقى جاڭ خۇڭكۈينىڭ ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىن ئارىيەت ئېلىپ ماڭا ئەكىلىپ بەرگەن بۇ كىتاپنىڭ ئىچىدىن چىقىپ قالدى. خەتنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، قەشقەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كەلمەكچى بولغانلىقى يېزىلغان. خەت ئېنگلىزچە يېزىلغان. سىتېيىن كېيىنكى چاغلاردا جۇڭگوغا قايتا كەلمىدى.

قەشقەردىن ئايرىلىپ غەرپكە سەپەر قىلدىم. ئۇلۇغچاتتىن ئۆتۈپ ئادەمزات ئايىغى كەم دەسسەيدىغان سۇڭلىنىڭ (پامىر)

غا چىقىشقا باشلىدىم. سۇگىلىكىدا ياۋا پىياز ئۇبدان ئۆسۇدىغان
لىقى ئۈچۈن سۇگىلىك — «پىيازلىق چوققا» نامى بېرىلگەن. ئۇ
پامىر تېغى تىزمىسىدا بولۇپ چوققىلار ئېگىزلىكىدىن ئاسمان
تاقىشىدۇ. يولدا ئادىمىزات كەم ئۇچرايدۇ. تاغ يوللىرىنىڭ
كەڭلىكى بىر چەلا بولۇپ سول تەرىپى تىك يار
ئوڭ تەرىپى قاينام بولۇپ، ئاتنى يېتىلەپ پىيادە مېڭىش
مەجبۇر بولدۇم. ھەر ۋاقىت تىك يادىن غۇلاپ كېتىپ كۆكۈ
تالقان بولۇشتىن ئەندىشە قىلدىم. چاۋا ساقلايدىغان فىندۇي
نىڭ ئاددى ھەم ۋەيرانە بولۇپ كەتكەن ئۆيىدە قوندۇم. تالا
دا سوغۇق شىۋىرغاننىڭ ۋە چېلىنىۋاتقان نەينىڭ ئېچىنىشلى
ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چېگرىنى قوغداشنىڭ ئازاۋىدىن ۋە چېگ
مۇداپىئەمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئاھ ئۇردۇم. ئەتىسى ئاتق
مىنىپ جۇڭگو — سوۋېت چېگرىسىغا بېرىپ، تاغنىڭ چوققىسى
چىقىپ، سوۋېت چېگرىسىدىكى ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدا تۇرغا
تاغلارنى ۋە كېتىۋاتقان ئاتلىق چارلىغۇچى ئەسكەرلەرنى يىرا
تىن كۆردۈم. بۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرىلەر مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەس
قالدۇردى.
قەشقەردە مەلۇم ۋاقىت دەم ئېلىپ بولۇپ، مارالۋېشىغا
ئاندىن كېيىن پەيزىۋاتقا، ئاتۇشقا، يېڭىسارغا باردىم، ئۇنىڭ
دىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كەلدىم.
ساياھەتكە كېرەكلىك خىراجەت ئۆزەمنىڭ ئازغىنا مائاش
دىن ئىبارەت بولدى. يىراق، يول بويى ناھىيىلىك ھۆكۈمە
لەرنىڭ مېھمانخانىسىدا قونغانلىقىم ئۈچۈن، ياتاق - تاماق پۇ
تۆلىمىدىم. ساياھەتكە چىققاندا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يول باشلى
غۇچى قوشۇپ بەردى ۋە ئات بەردى. قەشقەردە تۇرغان ۋاق



تىمدا شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ قەشقەر شۆبە ئىدارىسىدا
يېتىپ - قوپقانلىقىم ئۈچۈن، مائاشىم پوچتا ئارقىلىق پىرىۋوت
قىلىنىپ يېتىپ كېلەلمىسە، گېزىتخانىدىن قەرز ئېلىپ تۇردۇم.
بىر مەزگىللىك ساياھىتىم تۈگىگەندىن كېيىن، بىر نەچچە
كۈن دەم ئېلىپ، يول بويى كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمدىن كۈندە
5 — 6 مىڭ خەتلىك خاتىرە يېزىپ، پوچتا ئارقىلىق زاكاز
قىلىپ ئۈرۈمچىگە — شىنجاڭ گېزىتىگە ئەۋەتىپ تۇردۇم.
مېنىڭ ساياھىتىمنى يەرلىك ھۆكۈمەت، شۇ جايلاردا
تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋە ئامما قوللىدى، ياتاق، قاتناش جەھەتتە
نۇرغۇن ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا
قىرغىز چارۋىچىلىرىنىڭ كىگىز ئۆيلىرىدە ياتتىم، يېزىلاردا
بولسا دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە ياتتىم. دالادا ۋە چۆللەردە بولسا
ئوچۇقچىلىقتا ياتتىم. غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى
جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ماڭا ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلدى،
ئۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرگە ئومۇمى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ،
مەن بارغانلىكى جايدا ماڭا ھەمكارلىشىشنى، مەدەت بېرىشنى
تاپىلاپتۇ. مەن چەرچەنگە بارغاندىن كېيىن، بۇنى چەرچەننىڭ
ھاكىمى ماڭا دەپ بەردى.
قەشقەردىن چىقىپ، يوپۇرغا، يەكەن، پوسكام، قاغىلىققا
باردىم. ئەسلىدە تاشقورغانغا بارماقچى ئىدىم، ئۇ يەردە ئۇرۇش
بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن بارالمىدىم. شۇڭا، پۈتۈن جەنۇبىي
شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش سەپىرىمدە، شۇنىسى پەقەت تاشقور-
غان توغرىسىدىكى خاتىرە كەم بولۇپ قالدى.
قاغىلىقتىن چىقىپ، گۇما، قارىقاش، خوتەنگە باردىم.

ئاندىن كېيىن كوئىنلۈن تاغلىرىنىڭ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ
ئۇ يەردىكى بىر ئالتۇن كېنىنى زىيارەت قىلدىم. خوتەندىن
قايتىپ كېلىشتە ئىككى يول بولۇپ، بىرى خوتەن دەرياسىنى
بويلاپ ئاقسۇغا بارىدىغان يول؛ يەنە بىرى چەرچەن، چارقى
لىق ئارقىلىق قارا شەھەرگە بارىدىغان يول. بۇ ئىككى يول
ئوخشاشلا جاپالىق بولسىمۇ، كېيىنكىسى تېخىمۇ جاپالىق
ئىدى. لېكىن قەدىمقى يىپەك يولىنىڭ قالدۇق ئىزىنى تېپىش
ئۈچۈن، كېيىنكى يولنى تاللاش قارارىغا كەلدىم.

كىرىيەدىن چەرچەنگە كەلدىم، ئاندىن چەرچەندىن چارقى
لىققا كەلدىم، بۇ جەرياندا 10 نەچچە كۈن يول ماڭدىم، ھەممە
يەر قۇملۇق بولۇپ، ئادىمىزات كۆرۈنمەيتتى، يولغا چىقىشتىن
بۇرۇن، بىر نەچچە كۈن يەتكىدەك ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلىدىم.
بۇ ۋاقىت يازنىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرى بولۇپ، كۈندۈزى
قۇملۇقتا چىققان ئىسسىق شامالنىڭ دەستىدىن بېشىم گاڭگىراپ
كالپۇكلىرىم قۇرۇپ يېرىلىپ كەتتى، بۇنداق ئەھۋالدا كېچىسى
يول مېڭىشقا توغرا كەلدى. لېكىن كېچىسى يول ماڭغاندا ئا
دەم ئاسانلا يولدىن ئېزىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاتتىن چۈ
شۈپ قۇم دۆۋىلىرىنىڭ تۈۋىدىكى ئېشەك تېزەكلىرىنى قول بى
لەن سىيپاشتۇرۇپ يولنى پەرقلەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ب
كۈنى يولنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن، كۈندۈزى قۇملۇقتا ماڭدىم. ئىسسىقنى
تەپتىدىن بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. سا
داش ئۈچۈن بىر توپ توغراقنىڭ تۈۋىگە ئۆزەمنى تاشلىدىم
ھوشۇمدىن كېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، چۈشۈمدە تاۋۇز، كوۋا
ماروجنى كۆردۈم. يەنە بىر كۈنى ئىچىدىغان سۈيىمىز تۈگە
كەتتى، يېرىم كۈن مېڭىپ، بىرەر بۇلاقمۇ ئۇچرىتالمىدىم. ئۇ



ساپ كەتكىنىمدىن پۈت-قولۇم ماغدۇرسىزلىنىپ، پۈتۈن بەدى
نىم بوشىشىپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، ئاتتىن يىقىلىپ چۈ
شۈپ يەردە يېتىپ قالدىم. جېنىم تومشۇغۇمغا كېلىپ قالدى.
بەختىمگە يارىشا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر نەچچە ئۇيغۇر
خۇرجۇنىدىن سۇ قاپىقىنى چىقىرىپ ئۇسسۇزلۇقىمنى قاندۇردى،
شۇنىڭ بىلەن مىڭ تەسلىكتە بىر كىچىك ئۆستەڭگە يېتىپ
بېرىۋالدىم. ئۇ يەردە بىر بۇلاق، بىر نەچچە ئېغىز كونا ئۆي
بولۇپ، بىر ئۇيغۇر بوۋاي جاھاندارچىلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ، ئۇ
ماڭا بىر چۆچەكتە سۇ ئەكىلىپ بەردى. يەردە يېتىپ تۇرۇپ
تىنماستىن ئىككى چۆچەك سۇنى ئىچىۋەتتىم، ئارقىدىنلا ئىسسىتمام
ئۆرلەپ، چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمدۈم.

يەنە بىر كۈنى قۇملۇقتا قارا بوراننىڭ ئىچىدە قالدىم،
دەسلەپتە يىراقتىن ئۇپۇق سىزىقىدىن قارا تۈتەكنىڭ كۆتۈرۈلـ
گەنلىكىنى كۆردۈم. ئارقىدىنلا دېڭىز شاۋقۇنىدەك بوران چىـ
قىپ، يەر-جاھاننى توپا-چاڭ قاپلاپ كەتتى، بېشىمنى جۇۋا
بىلەن پۈركەپ بىر ھارۋا چاقىنىڭ تۈۋىدە تۈگۈلۈپ ياتتىم،
بۇ قارا بوران يېرىم كېچىگىچە چىقتى، بوران توختىغاندىن
كېيىن قۇمنىڭ تېگىدىن ئۆمىلەپ چىقتىم، چىشلىرىمنىڭ ئارىـ
لىقىغىمۇ قۇم كىرىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى قۇملۇقتا كېتىۋېتىپ، ياۋا ئاتتەك بىر ھايۋانـ
نى يىراقتىن كۆرۈپ قالدىم، لېكىن يېقىن بېرىپ قارىسام، بىر
تۆگە قۇش ئىكەن، بۇ قۇش بىزنى كۆرۈپ قانات قېقىپ بىـ
زنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ كەتتى، قارىماققا ئاق قاناتلىق
كىچىك ئايروپىلانغا ئوخشاپ قالاتتى.

بىر نەچچە كۈن چارقىلىقتا دەم ئېلىپ، ئاندىن كېيىن

كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ شىمال تەرەپكە ماڭدىم، يولدا ب
غەلىتە ئادەمنى ئۇچراتتىم، ئۇ، بىر نەچچە چى ئۇزۇنلۇقتا سا
غۇش چاچ قويۇۋالغان (ئۇيغۇرلار چېچىنى ئۇزۇن قويۇۋەتمەيدۇ
پۇتىغا چورۇق كىيىۋالغان، تازا ئوي كۆز، ئېگىز قاڭشال
بولۇپ، 50 ياشلاردا كۆرۈنەتتى، قىلغان سۆزىمۇ ئۇيغۇرلارنى
سۆزىگە ئوخشىمايدۇ، سېتىيىنىڭ خاتىرىسىدە بۇ يەردە ب
خىل «لوپ ئادىمى» دەپ ئاتالغان ئادەملەر ياشايدۇ دە
يېزىلغان. يەرلىك ئاھالىلارنىڭ دېيىشىچە، كۆنچى دەرياسىن
بويىدىكى قومۇچلۇقتا بىر خىل ئادەم بولۇپ، ئۇلار يومرا
قومۇچنى ۋە بېلىقنى ئوزۇقلۇق قىلىدىكەن، قوي تېرىسىنى
يۆگۈلۈك توقۇلمىلارنى يېپىنچە قىلىدىكەن، دۇنيادىن ئاساسە
خەۋەرسىز ئىكەن. مەن كۆرگەن بۇ ئادەم ھېلىقى «لو
ئادىمى» مۇ ئەمەسمۇ، ئۆزەممۇ ئۇقمايمەن.

چارقىلىقتىن لوپنۇرغا كېلىپ، «باش ئەگىم» ئارقىل
قارا شەھەرگە قايتىپ كەلدىم.

بۇ چاغدا، «تىيانشاننىڭ جەنۇبىي-شىمالى» ئارقا-ئا
قىدىن «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. چۈللەرنى ك
زىپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، ساياھەت خاتىرەمنىڭ قانداق ئې
كاسلار قوزغىغانلىقىنى توغرىسىدا خەۋەرسىز ئىدىم. قارا شەھە
كەلگەندىن كېيىن، بۇ خاتىرىلىرىمنىڭ كىتاپخانلارنىڭ ك
قىزىقىشىنى قوزغىغانلىقىنى، بۇنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆ
كىلەردىكى بەزى گېزىتلەرگە بېسىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. سە
جەريانىدا ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكىمدىن، قا
شەھەردە بىر مەزگىل دەم ئېلىپ، بۇ بىر باسقۇچلۇق ساياھ
خاتىرەمنى يېزىپ بولۇپ، يېڭى سەپىرىمنى يەنە باشلىدىم.



ئەسلىدە ماشىنا بىلەن قارا شەھەردىن ئۈرۈمچىگە كېتىپ قالسام بولاتتى، لېكىن مەن يېقىن يولنى تاشلاپ، يىراق يولدىن مېڭىشنى ئارزۇ قىلىپ، تىيانشاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشتەك ئۇلۇغ سەپىرىمنى باشلىدىم. ئاتقا مىنىپ خوشۇتتىن تىيانشانغا ئىچكىرىلەپ كىردىم، ياز كۈنلىرى تاغدا قېلىن قار ياغىدىغانلىقىغا قارىماي، تاغ چوققىلىرىغا ياماشتىم، جىلغىلار ئىچىدە ماڭدىم، بەزىدە كېچىسى سۇ ئېقىۋاتقان ساينىڭ بويىدا ياتاتتىم، تاغدىكى بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇردى، ئەتىسى يول ئۈستىدە چىل بۆرىلەر تالىشىۋەتكەن ئېشەك ۋە قويلارنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردۈم.

مەن 5 كۈندە تىيانشاننى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدىم. بۇ چاغدا كۈزنىڭ سوغۇقى باشلانغان ئىدى.

قايتىپ كېلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى مېنى قوبۇل قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپەرىم ھەققىدە سورىدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىنىڭ مۇھىم ئەرباپلىرى يىغىلغان بىر قېتىملىق مەجلىستە، جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىمدىن دوكلات بەردىم.

شۇ يىلى قىشتا، شىنجاڭ گېزىتخانىسى ئەۋەتكەن پەۋقۇلئاددە خادىم سالاھىيىتىم بىلەن، گومىنداڭنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا شىنجاڭدىن قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر بىلەن بىرگە نەنجىڭگە باردىم، مەركىزىي داشۆ جۇغراپىيە پاكولتېتىنىڭ مۇدىرى ساشۇبىلىن مېنى مەركىزىي داشۆدە بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى، چۈشتىن بۇرۇن يېرىم كۈن سۆزلىدىم، ئاڭلىغۇچىلار زېھنىنى قويۇپ ئاڭلىدى، چۈنكى سۆزۈمدىكى

كۆپ قىسىم مەزمۇنلارنى جۇغراپىيە كىتاۋىدىن تاپقىلى
بولمايتتى.

بۇ چاغدا، شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ باشلىغى خۇاڭ جىڭ-
شيـا شاڭخەيدە «ئالەم» ناملىق رەسىملىك ژورنال چىقىراردى،
بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ
تەلىۋىگە بىنائەن «تەكلىماكان چۆلىنى ئايلىنىپ چىقىش» دە-
گەن ماقالىنى يېزىپ بەردىم، ئۇ «ئاخىرقى سۆز» دە مېنى زا-
مانىمىزنىڭ «شۈەنجۇاڭى» دەپ ئاتىدى.

## شەرقىي شىنجاڭغا سەپەر

1947 - يىلى يازدا، مەن مەلۇم سەۋەپلەر بىلەن شىنجاڭ
گېزىتى ئىدارىسىدىن چىقىپ كەتتىم، بۇ، مەن ئۈچۈن يامان ئىش
ئەمەس. بوش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ «تىيانشاننىڭ جەنۇبى
شىمالى» نىڭ ئاخىرقى بىر قىسمى توغرىسىدىكى ساياھىتىمنى
تۈگىتەلەيمەن. بۇ چاغدا بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەرگەن ئىدى
مەن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، فۇكاڭ، جىمسار ئارقىلىق گۇ
چېڭغا باردىم، ئۇنىڭدىن كېيىن جاڭجۈن سېيىدىن ئۆتۈپ بە
تىككە باردىم. مەن گۇچېڭدىن يولغا چىقىدىغان چاغدا، گۇچېڭ
دا تۇرۇشلۇق بىرىگادىنىڭ باشلىغى خەن يۈۋېن بەيتىكنى سا
لاۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - دىۋىزىيىسى 2 - پولكىنىڭ كو
ماندىرى خەن فەنگە مېنى «ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش» توغرىسى
تېلېگىرام ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى. بەيتىكتە پولك كوماند
رى خەن فەننىڭ بەيتىكتىكى ۋەقەدە بولغان پۈتۈن ئۇرۇشنى
ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدىم، ئالدىنقى سە



تىكى ئىستىھكاملارغا بېرىپ، موڭغۇلىيە ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترەت-
لىرىدىنى ۋە جىلغىلىرىدىنى دۇربۇن بىلەن كۆردۇم، ئوسمان
ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنى زىيارەت قىلدىم.

ئارقىدىنلا گۇچېڭغا يېنىپ كېلىپ، يەتتە قۇدۇق ئارقىلىق
قۇمۇلغا باردىم، ئاندىن تىيانشاندىن ئۆتۈپ باركۆلگە بېرىپ،
باركۆل كۆلىنى ۋە شۇ يەردىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى
مەشھۇر خاتىرە تاشنى زىيارەت قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بارد-
كۆلدىن چىقىپ ئاراتۇرۇككە بېرىپ، شىمال تەرەپتىن نوم
كۆلگە كېلىپ، پايانسىز سايدا تۇرۇپ، جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگ-
رىسىنى يىراقتىن كۆردۇم.

ئاراتۇرۇكتىن قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، ئاندىن كېيىن پە-
چان ئارقىلىق تۇرپانغا كەلدىم، ئەينى يىللاردا سىتېيىن بى-
لەن بىرگە قەدىمقى جايلارنى تەكشۈرگەن بىر ئۇيغۇر بوۋاي-
نىڭ كۆرسىتىپ بەرگىنى بويىچە، ئاستانىدىكى تاڭ سۇلالىسى
دەۋرىدە بىنا بولغان ئىدىقۇت شەھرىدىكى بىر قانچە قەدىمقى
قەۋرىنى قازدىم، مومىيا قىلىنغان جەسەتنى شۇ پېتى قەۋرىنىڭ
ئىچىدە قالدۇرۇپ، باشقا قەۋرىلەردىكى كۆمۈلگەن نەرسىلەرنى،
مەسىلەن، گۈللۈك يىپەك، ساپال سايمان، قەۋرە خاتىرىسى قا-
تارلىقلارنى پۈتۈنلەي ساندۇققا قاچىلاپ ئۈرۈمچىگە ياندۇرۇپ
كەلدىم.

بۇ چاغدا مەن شىنجاڭ گېزىتخانىسىدىن چىقىپ كەتكەن-
لىكىم ئۈچۈن، شەرقىي شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش خاتىرىسىنى
«شىنجاڭ گېزىتى» دە داۋاملىق ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتى بول-
ماي نەنجىڭدىكى «جۇڭياڭ رىباۋ» گېزىتىگە ئەۋەتتىم، خاتىرە-
نىڭ ھەجمى جىقراق بولغانلىغى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىر قىسمىلا

ئېلان قىلىندى. «ئىدىقۇت شەھرىدىكى قەدىمقى قەۋرىلەرنى قېزىش جەريانى» دىگەن ماقالام جاڭ زىگى تەھرىرلىگەندىكى «ھازىرقى زامان» ژورنىلىدا ئېلان قىلىندى ھەمدە «شىنجاڭ گېزىتى» گە كۆچۈرۈپ بېسىلدى.

مېنىڭ «تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالى» ئۈستىدە قىلغان ئۇلۇغۋار ساياھىتىم شۇ تەرىقىدە تامامەن ئاخىرلاشتى.

## نەشىر قىلىش ۋە قەپ قېلىش

«تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالى» يېقىنقى زاماندا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلغان ساياھەت خاتىرىسى، شۇنداقلا پوۋست بولۇپ، كەڭ كىتاپخانلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان ئىدى. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدە ساقلانغان گېزىتلەرنىڭ كېسىلمىگىنى قالمىدى. ھەساھەدىكىلەر بىر كىتاپچە قىلىپ نەشىر قىلىنىشىنى ئۈمىت قىلدى، مەن بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ رەتلەپ چىقتىم. لاڭ شيۇمېي ماڭا ياردەملىشىپ بىر قىسمىنى كۆچۈرۈپ بەردى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشۋىقات ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ليۇ مىڭچۈننىڭ قىزغىن ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا، ھۆكۈمەت ماڭا 10 مىليون يۈەن كىتاپ باستۇرۇش خىراجىتى قەرز بېرىپ تۇردى. 1948 - يىلى 5 - ئايدا، «تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالى» نىڭ پۈتۈن مۇندەرىجىسىنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلدىم ھەمدە شۇ يىلى يازدا ئۇنى نەنجىڭدىكى «جۇڭگياڭ رىباۋ» گېزىتىنىڭ تىزىشىغا بەردىم. پۇلىنى تۆلىدىم، توختامنى تۈزدۈم، ماقالىنى پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىپ



بەردىم. ماقالا تىزىلىپ بولدى، لېكىن خۇەيخەي ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ تېچلىق سۆھبىتى باشلاندى، «جۇڭگياڭ رىباۋ» گېزىتخانىسى ئالدىراپ - تېنەپ تەيۋەنگە كۆچۈرۈپ كېتىلدى، بۇ ئىشنى بىجىرىدىغان ئادەملەر يۆتكىلىپ كەتكەنلىكىدىن، ئارگىنال يۈتۈپ كەتتى.

1980 - يىلى شىنجاڭنى قايتا زىيارەت قىلدىم، ئارىلىقتا 30 نەچچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىر مۇنچە يولداشلار بۇ ئەسەرگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەسەرنىڭ نەشىر قىلىنمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى. مەن بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىغا خەت يېزىپ، ئۇلاردا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ بار - يوقلىقىنى سورىۋىدىم، يولداش ۋاڭ مىڭ بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا 1946 - يىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» بار دەپ جاۋاپ بەردى ھەمدە «تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالى» نىڭ بىر قىسىم مۇندەرىجىسىنى يېزىپ ئەۋەتتى. ھەممىسى تولۇق تېپىلمىسىمۇ كۆپ قىسمى تېپىلدى.

شىنجاڭ مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم، ئۇ يەردە ئالتۇندەك ياشلىق باھارىمنى ئۆتكۈزدۈم، مەندە نۇرغۇن ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە قالدۇردى. جۇڭگو تارىخىدا، مەن يەككە - يىگانە ھالدا شىنجاڭنى كېزىپ چىققان تۇنجى ئاخبارات مۇخبىرى. ھازىر ئەسلەيدىغان بولسام، ئىش قىلىپ شۇ يىللاردا ئۆمرۈمنى بىكار ئۆتكۈزمەپتىمەن. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا، تىيانشانغا يىراقتىن نەزەر سالسام، كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ.

1982 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

ياڭزىجاڭ دەرياسى بويىدا.

# بوۋام لى گېنيۇەننىڭ 1938 - يىلى شىنجاڭغا كېلىشتىكى جەريانى توغرىسىدا

لى چىڭجىڭ

بوۋام لى گېنيۇەن 1904 - يىلى ياپونىيىگە بېرىپ، ئىل
گىرى - كېيىن بولۇپ ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىۋى
ئوفىتسېرلار مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن، شۇ جەرياندا بوۋام سۇن
جۇڭشەن، خۇاڭ شىڭ ئەپەندىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاۋ
پائالىيەت ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا تۇڭمېڭخۇينى قۇرغان
كىشىنىڭ بىرى. 1909 - يىلى بوۋام ياپونىيىدىن ۋەتەنگە قا
تىپ يۈننەن ئۆلكىلىك ھەربى مەكتەپنىڭ مۇپەتتىشى، باشلە
بولغان. بۇ جەرياندا ئىنقىلاۋىي تەشۋىقات ۋە ئىنقىلابچ
خادىملارنى تەربىيىلەش ئىشلىرى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللانغا
ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، سەي ئې ئەپەندىنىڭ چاقىرىغ
ئاۋاز قوشۇپ، ھەربى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىن
تايانچ قىلىپ كۈنمىڭدە قوزغىلاڭ كۆتەرگەن، سەي ئې قوزغىلاڭ
چىلار قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى، بوۋام مۇئاۋىن باش قوما
دانى بولغان، يۈننەندە دالىيەن ھەربى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاند
بوۋام مۇشۇ ھەربى ھۆكۈمەتنىڭ باش قوماندانى، قوشۇمچە كېڭەش



باشلىقى بولغان. 1913 - يىلى بوۋام قاتناشقان «2 - قېتىملىق ئىنقىلاپ» مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يۈەنشىكەي بوۋامنى تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. بوۋام شۇ سەۋەپتىن ياپونىيىگە چىقىپ كەتكەن. ياپونىيىدە زاۋداۋتيەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ سىياسىي-ئىقتىسات كەسپىدە ئوقۇغان، خىرۋاڭ شىن، چېن دۇشيۇلار بىلەن بىرلىكتە ياۋروپا ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىش جەمىيىتىنى قۇرغان. كېيىن بوۋام قايتا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ يۈەنشىكەيگە قارشى ۋەتەننى قوغداش ھەربى يۈرۈشىگە قاتناشتى ۋە ھەربى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىش بىرلەشمە ئارمىيە شىتاۋىدا سەنمۇ بولدى. كېيىنچە يەنە گۇاڭدۇڭغا بېرىپ قانۇننى ھىمايە قىلىش ھەركىتىگە قاتنىشىپ، گۇاڭدۇڭ - يۈننەن ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە شاۋگۇەن ھەربى مەكتىۋىنى تەسىس قىلدى. 1922 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە شىمالى مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ بېزائىنگىلىك ۋە سودا مىنىستىرى، مۇۋەققەت زۇڭلى بولدى، كېيىن سياۋكۈننىڭ سايلامدا پارە بېرىپ سايلانغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتتى. «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، بوۋام ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇرەسسە قىلىش، تەسلىم بولۇشقا قارشى تۇردى، 1937 - يىلى 1 - ئايدا خەنكۇدا دۇڭ بىۋۇنىڭ تەكلىۋى بىلەن «شىنخۇا رىباۋ» گېزىتىگە «نومۇسىمىزنى يۇيۇپ كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەيلى» دېگەن بېغىشلىمىنى يازدى. پۈتۈن مەملىكەتنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن «7 زات» ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، بوۋام ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان. شېن جۈنرو ئەپەندىنى تۈرمىدىن

ئازات قىلىش ئۈچۈن سۇجۇدىكى ئاتاقلىق زات جياڭ يىلۇ
كېپىللىك قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۆزى جاڭ نەيچى
كېپىللىك قىلىدۇ. زۇتاۋفېن، شى لياڭ قاتارلىق 5 كىشى
قوتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جاڭ يىپىڭ، پەن جىڭباۋلارنى كېپىل ب
لۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ.

باش قوماندان جۇدې بوۋام يۈننەندە ھەربى مەكتە
باشقۇرۇۋاتقان چاغدا ئوقۇغان. 1922 ـ يىلى باش قوماند
جۇدې گېرمانىيىگە ئوقۇشقا بېرىش ئۈچۈن پاسپورت ئالماقچ
بولغاندا، بوۋام ياردەم قىلغان. جۇدې گېرمانىيىدە جۇڭگو كو
مۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىدۇ ۋە شۇندىن ئېتىبار
ئۇلۇغ كوممۇنىزم جەڭچىسى بولۇپ يېتىشىدۇ.

بوۋام ھايات چېغىدا چاڭ سۇلالىسىنى يىقىتىش، يۈ
شىكەيگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىش، قانۇننى قوغداش، ياپ
غا قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرگە قاتناشقا
سۇن جۇڭشەن، خۇاڭ شىڭ، جاڭ تەيىەن، سەي ئې، فىڭ يۈشيا
شيۇڭكېۋ، چېڭ چيەن قاتارلىقلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغا
ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانل
غىغا نارازى بولۇپ، ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلاشماي سۇجۇ
كېلىپ تەركى دۇنيا بولۇپ ياشىغان. ئازادلىقتىن كېيىن بوۋ
مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، تارىخى ماتېرىيال
تەتقىقات ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەر
ئۆتىگەن. 1965 ـ يىلى كېسەل سەۋەبىدىن بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.

شېڭ شىسەي ـــ بوۋام قۇرغان ھەربى مەكتەپتە ئوقۇغا
ئوقۇغۇچى ئىدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا دۇبەن بولغاندىن ك
يىن، 1937 ـ يىلى بوۋامغا تېلېگىراممى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ شىنجا



كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇ چاغلاردا شېڭ
شىسەي شىنجاڭدا «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتى-
تىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش،
خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، تېچلىقنى قوغداش، شىنجاڭنى
ئىسلاھ قىلىش» تىن ئىبارەت 6 بۈيۈك سىياسەتنى يۈرگۈزگەن
ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلىتىمىزنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا
ياردەم قىلغان ماددى ئەشيالىرى شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرى
ئۆلكىلەرگە توشۇلاتتى. شۇنداق بىر پەيتتە جياڭ جيېشى بوۋام
بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى ئۇستازلىق ۋە ئوقۇغۇچىلىق
مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىشنى نەزەردە تۇتۇپ، بوۋامنى ھەربى ئىشلار
كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىسى دېگەن نام بىلەن، شىنجاڭغا
بېرىپ، شېڭ شىسەي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇش
خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئەۋەتتى. بۇ ھەقتە بوۋام يولداش دۇڭ-
بىۋۇ ئارقىلىق باش قوماندان جۇدېگە تېلېگىراممى ئەۋەتىپ
مەسلىھەت سورىغان. جۇدې بوۋامغا ھەربى ئىشلار كومىتېتىنىڭ
مەسلىھەتچىسى دېگەن ئەمەلنى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى
بىلدۈرۈپ جاۋاپ تېلېگىراممى ئەۋەتكەن.

بوۋام نەنجىڭدىن سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، سۇن جۇڭشەن
ئەپەندىنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىدۇ، يول ئۈستىدە چاڭشادا
توختاپ يۆلۈشەن تاغ ئېتىكىگە قويۇلغان خۇاڭ شىڭ، سەي ئې
ئەپەندىلەرنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىدۇ.

1938 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بوۋام ئايروپىلان
بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. ئايرودرومدا شېڭ شىسەي باشچىلى-
قىدىكى شىنجاڭ ھەربى ـ مەمۇرى ئەمەلدارلىرى ۋە ھەر ساھە
تەشكىلاتلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. شېڭ شى-

ـەي بوۋامنى دۆڭخۇايۇەنگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئالاھىدە كۆتك
بوۋام سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلىتىمىزنىڭ ياپونغا قارشى كۈرە
ئۈچۈن ياردەم قىلغان ماددى ئەشيالارنى شىنجاڭدىن ئىچكى
ئۆلكىلەرگە توشۇش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا قاتا
لىق مەسىلىلەر ئۈستىدە شېڭ شىسەي بىلەن كۆپ قېتىم سۆ
بەت ئۆتكۈزگەن، مەملىكىتىمىز ۋە خەلقارا ۋەزىيەت ئۈست
پىكىر ئالماشتۇرغان. شىنجاڭدىكى ھەربى، مەمۇرى ئەمەلدارلا
ۋە ھەر ساھە زاتلارغا ياپونغا قارشى ئۇرۇش ھەققىد
ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرغان. يەنە شۇ چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىن
ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن ئۇچراشقا
ئۈرۈمچىنىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىنى ساياھەت قىلغان. ئۇ ئۆزىن
يازغان شېئىرلىرىدا ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل غەربىي شىمال زې
نىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

بوۋام ھايات ۋاقتىدا مىس ۋە تاش ئابىدىلەر، ياد
مىلارغا قارىتا نۇرغۇن تەتقىقات ئېلىپ بارغان. شىنجا
تۇرغان يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدىمۇ شىنجاڭ مىس ۋە تا
ئابىدىلىرىنى، يادنامىلىرىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ «شىنجاڭ مى
ۋە تاش ئابىدىلىرى» دىگەن كىتاۋىدا ئۆزىنىڭ بۇ ھەقت
تەتقىقاتىنى تەپسىلى بايان قىلىدۇ. بۇ مىس ۋە تاش ئاب
دە، يادنامىلار ۋەتىنىمىز تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتل
ماتېرىياللاردىن بولۇپ سانىلىدۇ.

ئەسلىدىكى پىلان بويىچە بوۋام تەكلىپكە بىنائە
سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ «1 ـ ماي ئەمگەكچىلەر بايرىمى»
خاتىرىلەش مۇراسىمىغا قاتناشماقچى، ئاندىن باشقا جايلار
ئېكسكۇرسىيە قىلماقچى بولغان. بىراق تۇيۇقسىز يۈرەك كې



لىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە
ئاشماي قالىدۇ. ئۇ دىخۋادا ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت
دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىدۇ. 1938 ـ يىلى 8 ـ ئايدا
سوۋېت كونسۇلخانىسى ئېۋەتكەن دوختۇر شامالىن ۋە شېڭشىسەي
ئېۋەتكەن دوختۇر چۇنىڭ ھەمرالىقىدا داۋالىنىش ئۈچۈن ئايرو
پىلان بىلەن شىئەنگە بارىدۇ. دادامۇ كۈنمىڭدىن شىئەنگە
كېلىپ بوۋامغا ھەمرا بولىدۇ. بوۋام شىئەندە سۈڭجيا
ۋەن سارىيىدا تۇرۇپ داۋالانغان. شۇ چاغدا، باش قوماندان
جۇدې ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپ بولغان سەنشى لىڭشيەندىن
شىئەنگە كەلگىنىدە، لىن بوچۇي، ۋۇيۇنپۇ ئەپەندىلەرنىڭ ھەم
راھلىقىدا سۈڭ جياۋەن سارىيىغا كېلىپ بوۋامنى ئىككى قېتىم
يوقلىغان. بوۋام ئۇلارغا ئۆزىنىڭ شىنجاڭ سەپىرى ھەققىدىكى
ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرگەن. جۇدې ناھايىتى خوشال بولغان.
ئۇلار يەنە بۈنىەن ھەربىي مەكتىۋىدىكى ئىشلارنى ۋە شىئەنخەي
ئىنقىلاۋى مەزگىلىدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ پاراڭلاشقان. جۇدې
بوۋامنىڭ كېسىلىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى چىڭدۇغا بېرىپ
داۋالىنىشقا دەۋەت قىلغان. ئايرىلىش ئالدىدا باش قوماندان
جۇدې ماۋجۇشىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان
ئۇرۇش توغرىسىدا» دىگەن ئەسىرىنى بوۋامغا سوغات قىلغان.
بوۋام ئائىلىسىنىڭ كۈنمىڭدە ئىكەنلىكىنى ۋە داۋالىنىش،
تۇرمۇش جەھەتتە قولايلىق بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ 11 ـ ئاي
ئايرىلىغىدا كۈنمىڭغا قايتىپ كەتكەن.
ن يوقۇرقىلار بولسا بوۋامنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە
قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن
يولنى يىراق كۆرمەي شىنجاڭغا كېلىپ، شېڭشىسەي بىلەن
بولغان بىرلىكسەپنى ئىلگىرى سۈرۈشتە قىلغان بەزى ئىشلى
رىنىڭ خاتىرىسىدىن ئىبارەت.

# «شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى خەلق ئۇيۇشمىسى» ۋە باش قىلار توغرىسىدا

خې يۈجۇ، كاڭ بىڭلىن

1934 ـ يىلى خې يۈجۇ (خې كېڭگۇاڭ)، كاڭ بىڭ
(كاڭ مىنيۇەن)، ۋاڭ لىشى، شۇليەن، لاڭ داۋخېڭ، ۋاڭ خېچې
گوشىليياڭ، چېن دۇڭبەي، سۈي جىمىڭ قاتارلىقلار شىن
دىخۇا (ئۈرۈمچى) گە يېتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شۇ يىل
7 ـ ئايدا خې يۈجۇ شېڭ شىسەيگە سىياسى خاراكتېرلىك
ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. شۇ چ
دا بۇ تەشكىلاتقا «يېڭى شىنجاڭ جەمئىيىتى» دەپ نام بېر
مەكچى بولدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى جاھا
نگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇ
شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى بىردەك باراۋەر قىلىش، بىرل
ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىچكى تىنچلىقىنى قوغدا
سانائەت، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، بۇ ئارقىل
شىنجاڭنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭنىڭ جۇڭگ
نىڭ مەڭگۈ زېمىنى بولۇپ تۇرۇشىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىد
كېيىن شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇ



باش كونسۇلى ئاپروسوپ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭ نامى
نى «شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى خەلق ئۇيۇشمىسى» (قىس
قىچە «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما») غا ئۆزگەرتتى ھەمدە
خې يۈجۇ، گۇڭ جىڭخەن (شۇ چاغدا گۇڭجىڭخەن چېگرا مۇداپىئە
ئوبەن مەھكىمىسىنىڭ كاتىۋى، تىيانشان گېزىتخانىسىنىڭ
باشلىقى بولۇپ، روسچىغا ئۇستا ئىدى) لەرنى تەشكىلى نىزام
تەييارلاشقا بەلگىلىدى. نىزامنىڭ ئومۇمى پىرىنسىپىدا مۇنداق
دەپ كۆرسىتىلگەن: مەركىزىي جەمئىيەت زۇڭلىسى (سۇن جۇڭشەن
ۋەسىيەتنامىسى) نىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن، دۇنيادىكى بىزگە تەڭ
باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىدىغان مىللەتلەر بىلەن
بىرلىشىپ، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىغا قارشى
تۇرۇپ، ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاش
تۇرۇپ، تىنچلىقنى قوغداپ، يېڭى شىنجاڭ، خەلققە بەخت ـ
سائادەت يارىتىدۇ ۋەھاكازالار.

بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئۈستىدە باش ئۇيۇشما كومىتېت، ئاس
تىدا شۆبە ئۇيۇشمىلار تەسىس قىلىندى. باش ئۇيۇشما كومى
تېتقا بىر قانچە ھەيئەت ئەزا قويۇلدى، ئۇيۇشمىنىڭ ئىشلىرىغا
رىياسەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن، كومىتېت بىر كومىتېت باشلىقى،
بىر مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى سايلاپ چىقتى. كومىتېت
ئاستىدا كاتىۋات باشقارمىسى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات
بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، مەدەنىيەت بۆلۈمى، ياشلار بۆلۈمى،
ئاياللار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، 1935 ـ يىلى يەنە ھەربىي
ئىشلار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. باشقارما، بۆلۈم ئىشلىرىنى
باشقۇرۇش ئۈچۈن، ھەر بىر بۆلۈمگە بىردىن بۆلۈم باشلىقى
ۋە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى قويۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا ھەر

قايسى شۆبە ئۇيۇشمىلارنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش
ئۈچۈن، بىر قانچە يېتەكچى تەيىنلەندى.
خې يۇجۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باش
كونسۇلى ئاپرېسوپ بىلەن قايتا ـ قايتا مۇھاكىمە قىلىش
ۋە شېڭ شىسەينىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، خې يۇ
(شىنجاڭ روس تىلى ــ سىياسى ــ قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ باش
لىقى) كومىتېت باشلىقلىقىغا، ئابدۇراخمان (شىنجاڭ مالىيە
نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى) مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىقىغا
لاڭ داۋخېڭ باش كاتىپلىققا (1935 ـ يىلى ئۆزگىرىپ ۋاڭ
شۈچېن باش كاتىپ بولدى، لاڭ داۋخېڭ شۇ چاغدا ئۆلكىلىك
سېغەن مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى ئىدى)، ۋاڭ يەنلىڭ (ۋاڭ خېچاۋ
ۋاڭلىشىلار تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى باش
لىقلىقىغا (ۋاڭ يەنلىڭ شۇ چاغدا قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ باش
ئىنژېنېرى، ۋاڭلىشى دىخۇا شەھىرىنىڭ باشلىقى ئىدى، ۋاڭ
يەنلىڭ ئىلىغا كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭلىشى بۆلۈم باشلىقلىقىغا
تەيىنلەندى)، لىيۇفۇۋۇ (شىنجاڭ روس تىلى سىياسى ـ قانۇن
ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسى ئىقتىسات پروفېسسورى) تەشۋىقات
بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا، شۈلىيەن (شىنجاڭ سودا بانكىسىنىڭ
باشلىقى)، بۇرھان شەھىدى (شىنجاڭ يەرلىك مەھسۇلات
شىركىتىنىڭ دىرېكتورى) مائارىپ بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىك
كىنچى باشلىقلىقىغا، جاڭشىن (شىنجاڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ
نازىرى) مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا، چېن دۇڭبە
(روس تىلى سىياسى ـ قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى)
ياشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا، چيۇيۇفاڭ (شىنجاڭ ئۆلكىلىك
قىزلار سىفەن مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى، شېڭ شىسەينىڭ خوتۇنى



لىغاللار بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى. شېڭ شىسەي، لى رۇڭ
ئۆلكە رەئىسى)، گۇدامىڭ (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى
)، لۇشياۋزۇ (زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئىي قىلىش ھەيئىتى
نىڭ باشلىقى)، گوۋيفېن (دىخۇانىڭ ئېنەمۇزى باشلىقى)،
ن دېلى (ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى)، كاڭ بىڭلىن
چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى قاتناش باشقارمىسىنىڭ
باشلىقى قوشۇمچە چېڭخەي ـ شىنجاڭ ئېلېكتىر ئىشلىرىغا
باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، گوشىليانگ (چېگرا مۇداپىئە
دۇبەن مەھكىمىسى ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، كې
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت باش ئىدارى
سىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆزگەرتىلدى)، جاڭيۇۋ (شىنجاڭ سىياسى
قوغداش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، ۋاڭلىشاڭ (سىياسى قوغداش
ئىدارىسىنىڭ باش كاتىۋى)، سۈيجىمىڭ (ئۆلكىلىك ئوتتۇرا
مەكتەپنىڭ مۇدىرى، كېيىن ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھ
كىمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى)، لى فۇلىن (مالىيە
نەپتىش كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى)، گاۋشىبىڭ (ئۆلكىلىك
قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى)، شى شىچاڭ (چېگرا مۇداپىئە
دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى)، گۇڭجىنخەن، تاھىر
(شىنجاڭ مىللەتلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى)، كېرىمخان (مالى
يە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى)، لەن يەنشۇ (خەلق ئىشلىرى
نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، خۇيزۇ) يۇجىنگو (كېيىن خوتەن
گە مۇئاۋىن مەمۇرى باشلىق بولۇپ تەيىنلەندى، خۇيزۇ) قاتار
لىقلار ئۇيۇشمىغا ھەيئەت ئەزا بولدى.
ـ «جاھانگىرلىككە قارشى شۆبە ئۇيۇشما» غا ئۈچ نەپەر
كەنسى قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كاتىپلىق،

تەشكىلات، تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇ چا
ئۆلكە مەركىزىدىكى نازارەت، تەشكىلات، مەكتەپلەرنىڭ ھەم
سىدە «جاھانگىرلىككە قارشى شۆبە ئۇيۇشما» تەشكىلاتلىرى
ئىدى، ئۇلار باش ئۇيۇشمىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلات
ئۆلكە مەركىزىدىكى شىمىگو ھەربىي قورال - ياراق زاۋۇتى
چاغدا «جاھانگىرلىككە قارشى شۆبە ئۇيۇشما» تەشكىلاتى تەس
قىلغان بىردىن - بىر زاۋۇت بولۇپ، باش ئۇيۇشما كاك بىگلىن
مەزكۇر شۆبىنىڭ تەشكىلات، تەشۋىقات، مائارىپ قاتار
ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن يېتەكچى قىلىپ ئېۋەت
شۇ چاغدا ئۆلكە مەركىزىدىن باشقا شىنجاڭدىكى رايون، نا
يىلەر ئىچىدە تۇرپاندىلا «جاھانگىرلىككە قارشى شۆبە ئۇيۇش
بار ئىدى، باش ئۇيۇشما كاك بىگلىننى تۇرپانغا بېرىپ مەز
شۆبىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن 934
يىلدىن 1935 - يىلغىچە ئىككى قېتىم ئېۋەتكەن ئىدى.

«جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» ئۇيۇشما ئەزالىرى
ئاممىغا تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئۇيۇ
مىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى «جاھانگىرلىككە قارشى ئاۋانگار
ناملىق قەرەلسىز ژورنالنى نەشر قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا ي
«جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ك
سى» نى ئېچىپ، ھەر قايسى شۆبە ئۇيۇشمىلارنىڭ ئاكتىپ
رىنى تەربىيىلىدى، شېڭ شىسەي، خې يۈجۇ، كاك بىگلىنلار دە
ئۆتتى، شېڭ شىسەي «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسلىق ۋە
پىسى» دېگەن تېمىدا دەرس بەردى. بۇ لېكسىيە كېيىن خ
يۈجۇ، ليۇفۇۋۇلار تەرىپىدىن تەھرىرلىنىپ، تىيانشان گېزىتخان
تەرىپىدىن رىسالە قىلىپ بېسىپ تارقىتىلدى، پۈتۈن كىت



قىسمىغا بۆلۈنگەن: (1) جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش؛
(2) سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش؛ (3) مىللەتلەرنى
باراۋەر قىلىش؛ (4) ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى تەرتىپكە سېلىش
(خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش)، (5) شىنجاڭنى
ئىسلاھ قىلىش، كېيىن بۇنىڭغا يەنە «تىنچلىق» دېگەن بىر
ماددا قوشۇلۇپ، كېيىنكى ئاتالمىش «6 چوڭ سىياسەت» كە
ئايلاندۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى
قىلىندى. خې يۈجۇ «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» نىڭ تەش
كىلات، تەشۋىقات، مائارىپ قىسمى ھەققىدە دەرس ئۆتتى.
كاك بىگلىن ئىقتىسادشۇناسلىق ھەققىدە دەرس ئۆتتى، ئۇنىڭ
مەزمۇنى ماتېرىيالىزم، دىئالېكتىكا دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.
خې يۈجۇ كېيىن يەنە «6 چوڭ سىياسەتنىڭ باغلىنىشلىقى»
دېگەن دەرسنى ئۆتتى.

«جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» قۇرۇلغاندىن كېيىن،
ئۇ بارلىق سىياسىي ھەركەتلەرگە رەھبەرلىك قىلدى. بۇ ئۇيۇش
ما 1934 - يىلى «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنىڭ 3 يىللىقىنى
خاتىرىلەش كۈنىدە، دىگشياڭۋاڭ بۇتخانىسىدا ئاممىۋى يىغىن
ئېچىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا ئالاھىدە ئېۋەتكەن خادىمى
ئىچىيالارنىڭ «تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئاۋال
ئىچكى قىسىمنى تىنچلاندۇرۇش كېرەك» دېگەن ئەكسىيەتچىل
تەشۋىقاتىغا تاقابىل تۇردى ھەمدە لەنجۇدىن توشۇپ كېلىنگەن
ئون تۈركۈمدىكى ئەكسىيەتچىل ژورنال ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىلى
رىنى مۇسادىرە قىلغان ئىدى.

1935 - يىلى 4 - ئايدا، «جاھانگىرلىككە قارشى
ئۇيۇشما» شىنجاڭ مىللەتلەر ئۇيۇشمىسى بىلەن بىرلىكتە «ئاپ

ردىل ئىنقىلاۋى» پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. يېڭە شىنجا... بويىچە 2 ــ قېتىملىق خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىردى.

1935 ــ يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە، «جاھا... گىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەشۋىقات ئە... رىتىنى تەشكىللەپ، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ئەتىيازلىق تېرى... غۇ پائالىيىتى ئېلىپ باردى. شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى (1935 يىلى 1 ــ ئايدا رۇس تىلى ــ سىياسى ــ قانۇن ئىنىستىتۇت... شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلگەن ئىدى) ۋە دېخوا ئوتتۇ... مەكتىپىدىكى قىسمەن ئوقۇغۇچىلار «جاھانگىرلىككە قارش... ئۇيۇشما» نىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بەس ــ بەستە ب... پائالىيەتكە قاتنىشىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇ... لىدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا شۇ قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن... دېخانچىلىقتا بىرىنچى قېتىم مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن پۇخ... ئاساس سېلىنغان ئىدى.

«جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ... باش كونسۇلى ئاپروسوپ بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇراتتى... خې يۈجۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلخانىسىغا ھە... ھەپتىدە بىر قېتىم بېرىپ ئاپروسوپ بىلەن ئۇچرىشى... خىزمەتلەرنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلاتتى. 1935 ــ يىلى ۋا... شۇچېن باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن... خې يۈجۇ سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ۋاڭ شۇچېن بىلەن بىل... بارىدىغان بولدى.

1935 ــ يىلى يەنە يېڭىدىن بىر تۈركۈم ھەيئەت ئەزا... لىرى كۆپەيتىلدى. ئۇلار: ۋاڭ شۇچېن، ۋەن شىيەنتىنىڭ... ۋۇدېيىڭ (جاڭ زىيمىن)، ليۇشەنچېن، جىن يىجۇن، ۋاڭ يىجى...



...خۇدۇكلىڭ، ياڭ خېلىڭ، سۇڭ يىڭگۇ، سۇڭ بېيشاڭ، سۇن ...ۇچاۋ، سۇڭ مىڭدى، سۇۋېنلىن، جۇچۇنخۇي، سۇڭ شياۋپۇ، ...جاۋ سىنشىڭ قاتارلىقلار. ۋاڭ شۇچېن لاڭ داۋخىڭنىڭ ئورنىغا باش كاتىپ بولدى. يەنە ھەربى ئىشلار بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىدىن سۇڭ بېيشاڭ (سىياسى تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) باشلىق بولدى.

1935 ــ يىلى 12 ــ ئايدا، «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ نىزامىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، كومىتېت باشلىقى تۈزۈمى ئۇيۇشما باشلىقى تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، باش ئۇيۇشمىغا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى باشلىق قويۇلدى، كومىتېت گەنسىلەر ئۇيۇشمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. شېڭ شىسەي ئۇيۇشما باشلىقى بولدى، لى رۇڭ مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقى بولدى، ۋاڭ شۇچېن يەنىلا باش كاتىپ بولۇپ، خې يۈجۇ تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا، ۋەن شەنتىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. بۇرۇن ھەيئەت ئەزا بولغانلار گەنسىيگە ئۆزگەرتىلدى.

«جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» 1934 ــ يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 8 يىل داۋام قىلدى، 1942 ــ يىلىنىڭ ئاخىرد... شېڭ شىسەي ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى.

... «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» نىڭ ئورنى دەسلەپتە ...ومەنچېڭدىكى مېھمان كۈتۈش باشقارمىسى (جىن شۇرېننىڭ ...سارىيى) دا ئىدى، 1935 ــ يىلى ليۇگۇڭ ئىبادەتخانىسىغا يۆتكەلدى (ئۇ يەر شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئەسلى ئورنىنىڭ ...ىربىدە)، ليۇگۇڭ ئىبادەتخانىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى

دەۋرىدىكى خۇنەن ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ليۇجىڭتاڭنىڭ ئىبا
دەتخانىسى ئىدى، ليۇجىڭتاڭ شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندىن كېيىن
بىرىنچى قېتىم شۇنىڭغا بولغان بولۇپ، ئۆلكە باشلىقى بىلە
باراۋەر ئىدى، ئۇ خۇنەنلىك بولۇپ، شەنشى - گەنسۇنىڭ باش
ۋالىسى زوزۇڭتاڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن)، كېيىن يە
لياڭخۇخۇي سارىيىغا يۆتكەلدى.

## «6 چوڭ سىياسەت» توغرىسىدا

1934 - يىلى «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» قۇرۇلۇ
ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر باش كۆز ئاخشىمىسى، شېڭ شىسە
دۇبەن مەھكىمىسى 3 - زالىنىڭ شەرقىدىكى مېھمانخانىدا ب
قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، بۇنىڭدا شىنجاڭ ھۆكۈم
يولغا قويۇۋاتقان فاڭجېن مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ، شى
جاڭنىڭ سىياسىي پروگراممىسى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدە
ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلدى.

يىغىندا قاتناشقۇچىلار «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما
نىڭ تايانچىلىرىدىن خې يۈجۇ، ۋاڭ لىشى، ۋاڭ يەنلىڭ، كا
بىڭلىن، لاڭ داۋخېڭ، شۈليەن، گوشلىياڭ، سۈي جىمىڭ، جاڭ يې
ۋاڭ لىشاڭلار ئىدى. شۇ چاغدا، خې يۈجۇ جاھانگىرلىك
قارشى تۇرۇش، تېچلىق، ئىسلاھ قىلىنىشتىن ئىبارەت 3 چ
پىرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بۇلار ئۈستىدە قىسقى
ئىزاھات بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: بۇ 3 پىرىنسىپ بىر
بىرىگە چېتىشلىق، ئاۋال جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ئاسا
لىقى ياپون جاھانگىرلىكىگە ۋە شىنجاڭغا چېگرىداش بولغا



ئىنگلىيە جاھانگىرلىكىگە (شۇ چاغدا شىنجاڭغا چېگرىداش
بولغان ھىندىستان ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى مۇستەملىكە جاي
ئىدى) قارشى تۇرۇش كېرەك، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
ئۈچۈن دۇنيادىكى بىزگە باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلى
...ىغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىش لازىم. شۇڭا، سوۋېت
ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللىي سىياسەتنى توغرا ئىجرا
...لىش، تېچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، تېچ مۇھىتقا ئىگە
بولغاندىلا، ئاندىن يېڭى شىنجاڭ قۇرغىلى بولىدۇ. خې يۈجۇ
ئوتتۇرىغا قويغان 3 پىرىنسىپقا يىغىنغا قاتناشقۇچىلار
قوشۇلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شېڭ شىسەي «جاھان-
...ىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا
...رس ئۆتۈش ئۈچۈن، مۇشۇ 3 پىرىنسىپ ئاساسىدا كېڭەيتىپ
...ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى» نى يېزىپ
...ىقىپ، بۇنى 5 جەھەتتىن بايان قىلدى. بۇ 5 تۈرلۈك
ۋەزىپە: جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى
بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەرنى بىردەك باراۋەر قىلىش،
...ارد-خورلۇق، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، يېڭى
شىنجاڭ قۇرۇش دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ رىسالە خې يۈجۇ،
...يۇ فۇۋۇلار تەرىپىدىن تەھرىرلىنىپ، تىيانشان گېزىتخانىسى
تەرىپىدىن رەسمىي كىتاپ قىلىنىپ نەشر قىلىنىپ، ئوتتۇرا - باش-
لانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى قىلىندى. 1935 - يىلى
4 - ئايغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان 2 - قېتىملىق
خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدىن بۇرۇن، شېڭ شىسەي يەنە
بۇنىڭغا «تېچلىق» دېگەن بىر ماددىنى قوشتى. بۇنىڭ بىلەن

بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان «6 چوڭ سىياسەت» سىستېم بارلىققا كېلىپ، شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان 2 ـ قېتىم خەلق ۋەكىللەر يىغىنىدا رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇل كېيىن «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» كادىرلىرى تەربىيىلەش كۇرسىدا، خې يوجۇ مۇشۇ رىسالىگە ئاساس «6 چوڭ سىياسەتنىڭ باغلىنىشلىقى» دىگەن دەرسنى ئۆتۈ «6 چوڭ سىياسەت» نىڭ ئىچكى باغلىنىشى، «6 چوڭ سىياسە نىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى، بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن تەقەززالىق بولارنىڭ قايسى بىرى كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى با قىلغان ئىدى.

1935 ـ يىلى يازدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر مەدەنى ئاقارتى ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇش ئارپىسىدا ئېچىلغان بىر قېتىملىق «جاها گىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» يىغىنىدا خې يوجۇ بىلەن ۋاڭ شۇچې «شەكلى مىللى، مەزمۇنى 6 چوڭ سىياسەتنى ئاساس قىلى مائارىپ ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم» دىگە شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت، مائار جەھەتتە توغرا فاڭجېن بارلىققا كەلدى. ئۇ شىنجاڭدىكى ھ مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىر سۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

## «ئاپرېل ئىنقىلاۋى» ناخشىسى توغرىسىدا

«جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» قۇرۇلغاندىن كېيى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە «ئاپرېل ئىنقىلاۋى نىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھ



مىللەت خەلقىنى ۋەتەننى سۆيۈشكە، شىنجاڭنى سۆيۈشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىناق ئىتتىپاقلىشىپ، تىنچلىق مۇھىتتا باراۋەر، ئەركىن ۋە ئورتاق ھالدا يېڭى شىنجاڭ قۇرۇپ، جاھانگىرلارنى يوقىتىپ، ئاساسلىغى شۇ چاغدا جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتىپ، جۇڭگونى ئازات قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن، خې يوجۇ بىلەن كاڭ يىڭلىن بىرلىكتە 1934 ـ يىلى كۈزدە، دۇنياغا مەشھۇر بولغان قىزىل بايراق ناخشىسىنىڭ نوتىسىغا تېكىست يېزىپ، «ئاپرېل ئىنقىلاۋى» دىگەن ناخشىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ناخشا 3 كۇبلېت بولۇپ، مەزمۇنى ئاساسلىغى «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش»، «تىنچلىق» ۋە «قۇرۇلۇش» تىن ئىبارەت ئىدى. ئەينى چاغدا پۈتۈن شىنجاڭدا ئوقۇلىدىغان بۇ ناخشىنىڭ بىرىنچى كۇبلېتى مۇنداق ئىدى:

شانلىق «ئاپرېل ئىنقىلاۋى»،
ئېلىپ كەلدىڭ مەڭگۈ تىنچلىق يېڭى شىنجاڭنى.
بارچە مىللەت بولدى باراۋەر، ئالدى ئەركىنلىك،
بوسۇپ ئۆتۈپ زۇلمەتنى ـ چاڭنى،
نۇرلۇق يولغا ئەيلىدۇق سەپەر.
ئىتتىپاق بولۇپ، كۈچكە تولۇپ، يېپ ـ يېڭى شىنجاڭ
قۇرۇپ،

ھەممە مىللەت قۇچايلى زەپەر.
يوقۇتايلى جاھانگىرلىكنى،
ھىمايە قىلىپ ھۆكۈمەتنى،
كەلتۈرەيلى جۇڭگونىڭ ھۆر ئازاتلىغىنى.

## 维吾尔 دېگەن خەتنى قوللىنىش ھەققىدە ئېچىلغان يىغىن

1934 - يىلى شىنجاڭدا 4 مىليون نوپۇس بار بولۇپ، ئۇيغۇرلار 60 پىرسەنتىنى ئىگەللەيتتى، شىنجاڭغا نىسبەتەن ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگەللىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار «缠头» (چەنتۇ) دەپ ئاتىلاتتى، بۇ تولىمۇ بىھۆرمەتلىك بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «缠回»(چەنخۇي) دېگەن ئاتالغۇدىن بارلىققا كەلگەن ئىدى. «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي (1934 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى)، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەت — ئۇيغۇرلارغا مۇۋاپىق بىر خەنزۇچە تەرجىمە ئات قويۇپ، ھۆرمەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىر يىغىن ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا: بۇرھان شەھىدى، جاڭ يىڭۋۇ، خې يۈجۇ، شۈلىيەن، كاڭ بىگىلىن، ۋاڭ لىشى، ۋاڭ يەنلىڭ، چېن دۈگبەي،گو شىلياڭ ،لاڭ داۋخېڭ، سۈي جىمىڭلار قاتناشقان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ھەر مىللەتنىڭ داڭلىق ئەرباپلىرىدىنمۇ قاتناشقان ئىدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر داڭلىق ئەرباپلىرىدىن قاتناشقانلار ئاز ئەمەس ئىدى (ئەپسۇسكى ئۇزۇن يىللار ئۆتكەنلىكى تۈپەيلىدىن بۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتۇق). يىغىندا كۆپچىلىك مۇنداق مۇھاكىمە قىلدى: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى نامى «uyghur» ئىدى، تاڭ، سۇڭ سۇلالىسىدىن بۇيان، تارىخىي كىتاپلاردا «回纥» (خۇيخې)، «回鹘» (خۇيخۇ)، «畏吾尔» (ۋېيۋۇئېر) دەپ تەرجىمە قىلىنىپ كەلگەن ئىدى، چىڭ سۇلالىسىدىن باشلاپ «缠回» دەپ ئاتىلىپ، بۈگۈنگە قەدەر مۇشۇنداق قوللىنىپ كېلىندى، بۇ تولىمۇ بىھۆرمەتلىك،



بۇنىڭغا مۇۋاپىق ئات (تەرجىمە ئات) قويۇش كېرەك. يىغىندا بەزىلەر «uyghur» نىڭ تاۋۇش تەرجىمىسى بويىچە خەنزۇچە «威武儿» دەپ ئاتاش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، شۇ چاغدا يىغىنغا قاتناشقان شۈلىيەن: «威武尔» دېگەنمۇ يامان ئەمەس، ئۇ بۇ مىللەتنىڭ قۇدرەتلىك، جەسۇر ۋە ئاللانىڭ ئەركىسى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن «维吾尔» دەپ تەرجىمە قىلغانغا يەتمەيدۇ، ئۇ قوغداش 维护 (维) بىز (吾) ھەر قايسى مىللەتلەر (尔)، بىز چوڭ ئائىلە، شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەر بىردەك باراۋەر، ئىناق، بىردەك ئىتتىپاقلاشقان، شىنجاڭنى بىرلىكتە گۈللەندۈرىدۇ، قوغدايدۇ، جاھانگىرلارنى يوقىتىدۇ، جۇڭگونى ئازات قىلىدۇ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىن مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق: «‹维吾尔› دېگەن ئۈچ خەت ھەم شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇش، ئىناق ئۆتۈش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، شىنجاڭنى بىرلىكتە گۈللەندۈرۈش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىش، جاھانگىرلارنى يوقىتىش، جۇڭگونى ئازات قىلىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدىكەن، ھەم چوڭ مىللەتلەردە بولىدىغان شوۋىنىزىم ۋە تار يەرلىك مىللەتچىلىك تۈسىنى ئالمىغان ئىكەن، مۇشۇ بىر قەدەر مۇۋاپىق ئىكەن» دەپ قارالدى. شۇڭلاشقا، ئاخىر كۆپچىلىك «uyghur»نى خەنزۇچىغا «维吾尔» دەپ تەرجىمە قىلىشنى بىردەك ماقۇللىدى. بۇ نام بۈگۈنگە قەدەر قوللىنىپ كېلىنمەكتە.

1982 - يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

# ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم كىرىشى ۋە جىمسارنى قوغداش ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

جاڭ يەنپىڭ

«گاسىلىڭ» دەپ ئاتالغان ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا ئىلگىرى ئاخىر ئىككى قېتىم كېلىپ، 1931 - يىلىدىن 1934 - يىلغىچ بولغان شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈش رولىنى ئوينىدى. تۆۋەندە ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتى كىرگەن ۋاقتىدا پەيدا قىلغان ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. گەرچە مەن بۇ ئۇرۇشنى بىۋاستە ئۆز بېشىم دىن كەچۈرگەن بولسامىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا ئۇزۇن ۋاقىتلار بول غاچقا، بايانلىرىمدا خاتالىق ۋە قېپ قالغان ئورۇنلىرى بولۇش مۇمكىن. ئەھۋالنى بىلىدىغان يولداشلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىن سورايمەن.

1933 - يىل، تاۋمىڭيۈ قاتارلىقلار «12 - ئاپرېل» س ياسى ئۆزگىرىشىنى قوزغاپ، جىن شۇرېننى قوغلاپ كەتكۈزۈۋەت ئەينى ۋاقىتتا شېڭ شىسەي ھەربىي ھوقۇقنى ئىگەللەپ، ۋاقىت



لىق دۈبەن بولدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيىتى ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى، ماجۇڭيىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن ئەسكىرى كۈچىنى باشلاپ، ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىردى. قۇمۇلدىكىلەر ئەسكەرلىرىنى مۇداپىئە ئورۇنلىرىدىن قايتۇرۇپ كەتكەچكە، ئۇ شىنجاڭغا توسالغۇسىز باستۇرۇپ كىرىپ، بىۋاستە گۇچۇڭغا باردى. قەمەرىيە 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تاڭ سەھەردە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، شەھەرنى قوغداۋاتقان ئەسكەرلەرنى تارمار قىلدى. لى رۇخەي، جاڭ جىڭشەن (يەنە بىر ئىسمى جۇيەن) قاتارلىق ئىككى قوماندان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ تەسلىم بولدى. قوماندان لى رۇڭخۋا كوچا جېڭىدە ئۆلدى. ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، ماجۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ماجۇڭجيېڭمۇ ئوق تېگىپ ئۆلدى. ماجۇڭيىڭ شەھەرگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، دەرھال ئۆز قىسمىنىڭ پۇقرالار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىگە بېرىشىنى توسۇپ، 8 مىڭدىن ئارتۇق ھەر خىل قورال - ياراق ۋە زور تۈركۈمدىكى ئوق - دورىلارنى ئوڭۇشلۇق ھالدا قولغا چۈشۈردى. ماجۇڭيىڭ، تەسلىم بولغان قوشۇن ئىچىدىن قاۋۇللىرىنى ئەسكەرلىككە تاللىۋېلىپ، ئاجىزلىرىنى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇپ، باشقىدىن قوشۇن تەشكىللەپ ئۆز كۈچىنى تېخىمۇ زورايتتى.

ماجۇڭيىڭ جىمسارغا يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ، ئاۋال ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى، ئەينى ۋاقىتتا، جىمساردا تۇرۇۋاتقان ئەسكەر 2 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى، ئۇلارنىڭ قوماندانى دۇڭ چېڭخۇ، چىن چىڭيۈ ئىككىيلەن بولۇپ، باۋ لياڭچېن، لى شۇفۇ، گاۋشىجيې يىگىتلىرىنى باشقۇراتتى. ليۇ-

يىڭلىن ھاكىم دۇڭ، چېن ئىككى قوماندان بىلەن مەسلىھەتلى-
شىپ، دۈشمەننىڭ سان جەھەتتە كۆپ، ئۆزىمىزنىڭ ئاجىز
ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇقرالارغا بالا-
يى - قازا كەلتۈرۈپ قويۇشتىن قورقۇپ، قوشۇننى باشقىدىن
تەشكىللىمەكچى بولدى. ماجۇڭيىڭ ئاۋال تۇەنجاڭ مارۇلۇڭنى
جىمسارغا بېرىپ قورال - ياراق ۋە ئوق دورىلارنى ئۆتكۈزۈۋې-
لىشقا ھەمدە ئەسكەرلەرنىڭ قورقۇنچاق - ئاجىزلىرىنى قايتۇرۇ-
ۋېتىپ قىسمىنى باشقىدىن تەشكىللەشكە ئەۋەتتى. ئارقىدىن
شەخسەن ئۆزى باردى. لىيۇيىڭلىن شەھەر خەلقىنى سەپەرۋەر
قىلىپ ماجۇڭيىڭنى قارشى ئېلىش زور يىغىنىنى ئاچتى.
ماجۇڭيىڭ قارشى ئېلىش يىغىنىدا سۆز قىلىپ (ئاساسى مەزمۇ-
نى): «مېنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىم ھوقۇقنى قولغا ئېلىپ، پۇقرا-
لارنى پاراكەندىچىلىككە سېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى بالا-
يى - قازادىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈندۇر. سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار،
سارىسىمغا چۈشۈشنىڭ ھاجىتى يوق......» دەيدۇ. ئۆلكە تە-
رىپىدىن ئادەم كېلىپ ماجۇڭيىڭ قوشۇنى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ
بېرىۋاتقان پەيتتە، يەنى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ماجۇڭيىڭ
پىيادە، ئاتلىق بولۇپ 5 مىڭدىن ئارتۇق يېنىك قوراللانغان
ئەسكەرنى باشلاپ سەنتەيگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، زىنچۇەنزىگە
يۈرۈش قىلدى. شېڭ شىسەي بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن
پىيادە، ئاتلىق، توپچى قىسىم بولۇپ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى
باشلاپ، شەرقتە فۇكاڭدىن جەڭگە ئاتلاندى، ئىككى تەرەپ زىنچۇەن-
زىدە قاتتىق جەڭ قىلدى. شىددەتلىك جەڭ چۈشكىچە داۋاملاش-
قاندىن كېيىن، ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، كېچىلەپ ياققان قاتتىق
يامغۇرغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى جەڭگىۋارلىقىنى



يوقىتىپ، تېرە - پېرەڭ بولۇپ كەتتى. ئۆلكە ئارمى-
يىسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا قوغلاپ يۈرۈپ زەربە
بەردى. ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى مۇجىيادى جىلغىسى
ئارقىلىق قېچىپ كېلىپ، تۇرپان، پىچاننى ئىگەللىۋالدى. لى،
دۇڭ، چېن قاتارلىق قوماندانلار تەسلىم بولۇپ، بۇ ئىككى
شەھەرنى قولدىن بېرىپ قويغانلىق جىنايىتىدىن قورقۇپ ما-
جۇڭيىڭغا ئەگىشىپ قېچىپ كەتتى.
شېڭ شىسەي گۇچۇڭغا كىرگەندىن كېيىن، دۈشمەنگە
تەسلىم بولۇپ شەھەرنى قولدىن بېرىپ قويغان قوماندان جاڭ-
جېڭشيەن (جۇيەن) نى قەتلى قىلىپ، ھەربى قانۇننى ئىجرا
قىلدى. شېڭنىڭ ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى مورى دەرياسىغا يېتىپ
بارغاندىن كېيىن، شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلمىدى. ئۇ، ئۆلكە
مەركىزىدىكى تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋتيەن، چېڭ جۇڭ قاتارلىقلارغا
ئىشەنچ باغلىيالماي ئاز ساندىكى ئەسكەرلىرىنى گۇچۇڭنى
قوغداشقا قالدۇردى. قاچقۇن - تەسلىم بولغان ئەسكەرلەردىن
بىر قوشۇن تەشكىللىدى، قالغان قىسىملىرىنى ئارقا - ئارقىدىن
ئۆلكىگە قايتۇردى. ئۆزى (شېڭ) 500 دىن ئارتۇق يېنىك
قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، ئالدىن يولغا چىقتى،
ئۇلار جىمساردىن ئۆتكەندە، لىيۇيىڭلىننى ھاكىملىقتا، يۇدېشىڭنى
يىغۇېلىش دادۈيىنىڭ دۈيجاڭلىقىغا تەيىنلەپ ئۆز قوشۇنىنى
زورايتتى، يۇ دېشىڭ دەرھال پىتراپ يۈرگەن ئەسكەرلەردىن
100 دىن ئارتۇق كىشىنى توپلاپ، يوشۇرۇپ قويغان قورال -
ياراق، ئوق - دورىلار ۋە كونا قۇراللار بىلەن قۇراللىنىپ ئاماد-
لىقنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدۇ، شۇنداقلا شەھەرنىڭ
مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشىپ شەھەرنىڭ 4

دەرۋازىسىغا پىلتىلىق زەمبىرەك ئورۇنلاشتۇردۇ. 4 دەرۋازىنىڭ 4 بۇلۇڭىغا يۇقىرى ئەسكەرلەرنى كېچە - كۈندۈز پوستقا قويۇپ، كۈتۈلمىگەن بىرەر ھادىسىنىڭ تۇغۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەييارلىقىنى قىلدۇ.

ماجۇڭيىڭ ئۆزلىگىدىن تۇرپان، پىچاندىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، يەنىلا جىمىسارنى قولدىن بېرىپ قويغىنىغا تەن بەرمەيدۇ. چۈنكى:

1. جىمىسارنىڭ ئاشلىق ئامبىرىدا بىر مىليون جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئېھتىياجلىق ئىدى.

2. جىمىسارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولۇپ، بۇ ئارقىلىق گۇچۇڭ بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈۋېتىشكە بولاتتى.

ماجۇڭيىڭ ئاۋال ۋاڭچۈەنلۇنى جىمىسارنى قالايمىقان قىلىپ ئاشلىقنى ئولجا ئېلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ جىمىسار شەھىرىگە (بازىرىغا) يېقىنلاشقاندىن كېيىن، لۈكچەك ۋە باندىتلارنى توپلاپ بارغانلا يېرىدە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ ۋە يولۇچىلارنى بۇلاپ، شۇ جايدىكى خەلقنىڭ قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان قوشۇن يۇقىرى ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭ ھۇجۇمىنى بىرقانچە قېتىم چېكىندۈردى.

1933 - يىلى قەمەرىيە 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ماجۇڭيىڭ يەنە، تەسلىم بولغان ھەربىي ئەمەلدار چېن چىڭيۇنى ۋاڭ چۈەنلۇنىڭ 300 دىن ئارتۇق ئەسكىرىگە ماسلىشىپ جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى ۋە ئۇنى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل قىلدى.



چېن چىڭيۇ جىمىسارغا بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن نەنمېن (جەنۇبىي دەرۋازا) نىڭ سىرتىدىكى تاش يولدا نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلماقچى بولدى. لىيۇ ھاكىم، يۇ دادۇيجاڭلار مەسلىھەتلىشىپ، مۇئاۋىن رايون باشلىقى لىيې شىڭيۇ ۋە تىجارەتچىلەر ۋەكىلىنى چېندىن ئەپۇ سوراشقا چىقىرىدۇ. لېكىن چېن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ قاتمال ھالەت پەيدا قىلىپ قويدى. بۇ چاغدا ۋاڭ چۈەنلۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا مىلىڭ ئۆيدىكى قەدىمىي يادىكارلىقلارغا ئوت قويۇۋەتكەن ئىدى. شەھەرنى ساقلاۋاتقان ھەربىي ۋە يۇقىرى ئەسكەرلەر، ما ئەسكەرلىرىنىڭ دۇڭگۈەندىكى مىچىت پەشتىقىدىن پايدىلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا ئوت قويىۋېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق قىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇشقا پائال تەييارلىق قىلىشتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن چېن، ۋاڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئەسكەرلەرنى باشلاپ كېلىپ، دۇڭمېن (شەرقىي دەرۋازا) غا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە سېپىل دەرۋازىسىغا كىرسىن چېچىپ ئوت قويدى، ما ئەسكەرلىرى بولسا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇزۇن شوتا بىلەن سېپىلغا يامىشىپ چىقىپ چوقان - سۈرەن سېلىپ پۈتۈن جاھاننى بېشىغا كەيدى. شەھەرنى قوغداۋاتقان ئەسكەر ۋە خەلق بۇرۇنلا ما ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ سۇيىقەستىنى پەملىگەن بولۇپ، سېپىل دەرۋازىسىدىن ئېچىپ قويغان بىر تۆشۈكتىن سۇ چېچىپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى. ما ئەسكەرلىرى ئۇزۇن شوتىنىڭ قاق بېلىگە چىققاندا، پىلتىلىق زەمبىرەك كارامەت كۆرسىتىپ، قاتتىق ئوت ئاچتى، مۇداپىئەگە قاتناشقان يۇقىرى ئەسكەرلەرمۇ ئۇلارغا قاتتىق ئوق ياغدۇردى. نەتىجىدە مانىڭ سېپىلغا يامىشىپ چىق-

قان بارلىق ئەسكەرى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ شەھەرگە قىلغان ھۇجۇمى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، تاڭ سۈزۈلمەيلا تىنجىۋەتتى.

بۇ قېتىملىق قوغداشتا، ليۇيىڭلىن باشتىن - ئاخىر سېپىلنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ھەربىي ۋە خەلققە مەدەت بېرىپ، ئىنتايىن زور خىزمەت كۆرسەتتى. كېيىن، ليۇ يىڭلىن يەنە شەھەرنى قوغداشنىڭ تولۇق تەييارلىقىنى ئىشلىدى. ما ئەسكەرلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر بۆلۈم دېخانلارنى مال - مۈلۈك، ئات - ئۇلاق ۋە ئۇرۇق - تۇققانلىرى بىلەن شەھەرگە كۆچۈرۈپ ئەكەلدى ھەمدە شىڭ دۇبەنگە تېلېفون بېرىپ يۇدېشىڭنى يېڭىجاڭلىققا كۆتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى. شىڭ يەنە سىلىڭ ۋېي جىنگونىڭ قارمىقىدىكى جەن شىچىڭ تۈەنىدىكى ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى يۈزدىن ئارتۇق قورال بىلەن دۇڭگۇەنگە جايلىشىپ جىمسارنى قوغداشقا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. سېپىل لەخمىسىگە سۇ قۇيۇۋېتىپ، ما قىسىملىرىنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئەسكەرلىككە تۇتۇپ ئەكەلگەن دېخان بالىلىرىنى ھەر كۈنى شەھەرنىڭ سىرتىغا مال بېقىشقا ئېۋەتىپ، شەخسلەرنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ۋە ما ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلىپ تۇردى، شەھەر ئىچىدە كېچىلىك چارلاشنى كۈچەيتتى.

چىن چىڭيۈنىڭ جىمسارنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىش پىلانىنىڭ ئىشقا ئاشماسلىقى، ما جۇڭيىڭنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇ: چىن ئۆتكەندە گەنسۇدا يۇڭچاڭ، مىنچىننى ئېلىپ



نام چىقارغان ئىدى. ئەمدى بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئالقانچىلىك جىمسارنى ئالالماسلىقى ئۇنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرمەمدۇ دەپ قاراپ، قەمەرىيە 9 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شەخسەن ئۆزى تاللانغان ئون نەچچە لىيەن ئاتلىق ئەسكىرى (تەخمىنەن ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم) نى باشلاپ، سۆڭشۇگۇ داۋىنى ئارقىلىق جىمسارغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇ بىر ئەتتىگەندىلا جىمسارنى ئىشغال قىلىپ، ئاشلىقىنى قولغا چۈشۈرۈپ، قاتناشنى ئۈزۈپ، ئاندىن ئۆلكە شەھىرى (ئۈرۈمچى)گە قورشاپ ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى.

26 - كۈنى ماجۇڭيىڭ شەھەرگە يېقىنلىشىپ، شەھەرنىڭ غەربىي شىمالى تەرىپىدە يوشۇرۇنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قار يېغىۋاتقان بولۇپ شەھەرنى ساقلاۋاتقان ھەربىي ۋە خەلقلەر مۇھاپىزەتنى بوشاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. ما ئەسكەرلىرى بىمالال ئىش ئېلىپ بارىدۇ، ئىككى ئۈزۈن شوتا ھازىرلاپ سېپىلغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىدۇ ۋە تاڭ ئاتقاندا شەھەرنى ساقلاۋاتقان ھەربىي ۋە خەلق سېپىلدىن چۈشكەندە، بىر كوچەپلا شەھەرنى قولغا ئالماقچى بولىدۇ. ما، ئەسكەرلىرىگە ئوق چىقارماسلىقنى تاپىلايدۇ.

27 - كۈنى تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدا ما قىسىملىرى شوتا بىلەن سېپىلغا چىقىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ قالغان مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ئارقا - ئارقىدىن بىر قانچە پاي ئوق چىقىرىدۇ، بۇ ما ئەسكەرلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلىپ قويىدى. بۇ چاغدا سېپىل ئۈستىدە نەيزە بىلەن قوراللانغان پۇقرالارلا بار ئىدى. مانىڭ قىسىملىرى ئىككى شوتا بىلەن چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، ئەھۋال ئىنتايىن خەۋپلىك

ئىدى. سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى پۇقرالار ما ئەسكەرلىرىگە تاش ئاتاتتى. بەختكە يارىشا سېپىلنىڭ ئورىگىگە سۇ لىق توشقۇزۇلغانلىقتىن، ما قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىنى ئاستىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن شەھەر قوغدىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ سېپىلغا چىقىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى. بۇ چاغدا يۇ يىڭجاڭ بېيمەن (شىمالى دەرۋازا) دىن سېپىلغا چىقىپ، قايتۇرما زەربە بېرىشكە باشلىغاندىن كېيىن ما قىسىملىرى ئورەكتىن قېچىپ چىقىشقا باشلىدى. شەھەرگە ھۇجۇم قىلغۇچىلار سېپىلنىڭ ئاستىدا بولۇپ، سېپىل ئۈستىدە ئوت كۈچى دەھشەتلىك بولغاچقا، ما ئەسكەرلىرىنىڭ چېكىنىشى قىيىن بولدى. مۇشۇ سەۋەپتىن، پەقەت شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىلا ئۇلارنىڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلۈپ تۈگىدى.

مەن بۇ چاغدا سېپىلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى پۇقرا ئەسكەرلەرنىڭ مۇداپىئە قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدىم. سىگنالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال مۇئاۋىن رايون باشلىقى لىيشېڭيۇ، پەيجاڭ ياڭ ۋەنجېننى پۇقرا ئەسكەرلەرنى سېپىلغا چىقىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشقا بۇيرۇدۇم. مەن ماۋزېرنى تۇتقان ھالدا بىرىنچى بولۇپ سېپىلغا چىقتىم. بۇ چاغدا يۇنىڭ قىسىملىرى تېخى سېپىلغا چىقمىغان بولۇپ، مانىڭ ئون نەچچە ئەسكىرى بېيمەنغا قاراپ كېلىۋاتاتتى، مەن ئىككى دانە گىراناتنى ئېتىپ ئۇلاردىن بىر قانچىسىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ما قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمىنى توختىتىپ تۇرۇش مەقسىتىدە يەنە پوتەي تۆشۈكلىرى ئارىلىقىدا يۈگرەپ يۈرۈپ ئوق چىقاردىم. يۇنىڭ ئەسكەرلىرى سېپىلغا چىققاندىن كېيىنلا خاتىرجەم بولدۇم.

بۇ ۋاقىتتا ما قىسىملىرى سېپىلنىڭ غەربىي شىمالى-



دىن بىر تۆشۈك ئېچىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن شەھەرنى قوغداۋاتقان ھەربىي-خەلق تىرە-يۈك نەرسىلەرنى كالىلەك قىلىپ تۆشۈكنى توسۇۋالغان ئىدى. جەن تۈەنىنىڭ دۇڭگۇەندە تۇرۇشلۇق قىسىملىرى شەرقىي سېپىلنى قوغدايدۇ. ما ئەسكەرلىرى غەربىي شىمال سېپىلغا ھۇجۇم قىلغاندا، چىقىم ناھايىتى كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، دۇڭگۇەننى ئىگەللەش ئۈچۈن ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شەھەرنىڭ شەرقىي سېپىلىغا شىددەتلىك ھۇجۇم باشلاپ، شەھەر سېپىلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر قانچە كۇنگۈرەنى بۇزۇپ تاشلىدى. بىز يەنىلا يۈك كالىلەكلىرى بىلەن بۇ يەرلەرنى ئېتىۋالدۇق. بۇ ئەسنادا ماجۇڭيىڭ شەھەر ئىچىدىكىلەرنى يەنە تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ خەت كىرگۈزدى. ئەگەر ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتمىسەڭلار، شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئىنسى-جىننى قويماي قىرىپ تاشلايمىز، دەپ پوپوزا قىلىپتۇ. لىۋ ھاكىم، يۇ يېڭجاڭ مۇزاكىرىلىشىپ، ئەگەر شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ تەسلىم بولساقمۇ، ئۇلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان چاغدىكى ئېغىر چىقىمنى تۆلىتىۋېلىش ئۈچۈن بىزنى تىرىك قويمايدۇ، بۇندىن باشقا يەنە ئالدىنقى كۈنلەردىكى ھۇجۇم ۋە باشقا مۇداپىئە تەجرىبىلىرىمىزگە ئاساسەن جىمسار شەھرىنى ساقلاپ قېلىش تامامەن مۇمكىن، دىگەن پىكىرگە كېلىشتى ۋە «شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش بىلەن قەتئىي قوغدىنىش» تاكتىكىسىنى «شەھەر ئىچىدە قامىلىپ تۇرۇپ، مۇستەھكەم قوغداش» تاكتىكىسىغا ئۆزگەرتتى، بۇ چاغدا ھەربىي-خەلق بىر نىيەتتە شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشنى كۈچەيتىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ بىر ئەتىگەندىلا جىمسارنى قولغا ئېلىش خام خىيالىنى يوققا چىقاردى.

ماجۇڭيىڭنىڭ شەھەرگە قىلغان ھۇجۇمى ۋە ئالداپ تەسلىم قىلىش سۈيىقەستى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، شۇئان فۇچىڭ، جاۋسۇدىن ئىبارەت ئىككى كەنتكە ئورۇنلىشىپ، دىخانلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، شەھەرنى بىر تەرەپتىن مۇھاسىرە قىلىپ، بىر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

چۈشتىن ئىلگىرىكى جەڭدە، پۇقرالارنىڭ جەڭ قىلىش تەجرىبىسى يوق بولغانلىقتىن، ھە دىسىلا كۆڭگۈرەدىن ماراپ، ئۆزىنى يوشۇرۇشنى بىلمەي، نەتىجىدە چىقىم كۆپرەك بولدى. چۈشتىن كېيىن، شەرقىي شىمال تەرەپتە ھۇجۇم تېخىمۇ جىددىيلەشتى. جەڭدە شەھەرنى قوغداۋاتقان ھەربىي ۋە خەلقتىن يۈزدىن ئارتۇق كىشى ئۆلدى. ئورۇنسىز قۇربان بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پۇقرالارغا ئالدى بىلەن ئۆزىنى قوغداش، ئاندىن قارشى تەرەپكە ئوق چىقىرىشتەك ئاساسىي ساۋاتلارنى تەشۋىق قىلدۇق ھەم يەر ئاستى ۋە مىناغا قارشى تەدبىر - چارىلەرنى ئىشلىدۇق.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن، ئون نەچچە نەپەر پۇقرا ئەسكەر لىيۇ ھاكىمنىڭ ماقۇللىغىنى ئېلىپ سېپىلدىن يەرگە چۈشۈپ جەسەتلەرنىڭ قورال ۋە ئوقلىرىنى يىغىپ كەلدى. ئولجا ئېلىنغان ئوتتۇز نەچچە دانە مىلتىق، ئەللىك نەچچە خالتا ئوق سېپىلدىن چۈشكەنلەرگە بېرىلگەندىن تاشقىرى قالغانلىرى شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈلۈپ پۇقرا ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىندى. ما قىسىملىرى توك سىملىرىنى ئۈزۈۋەتكەنلىكتىن، يېرىم كېچىدە فۇكاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۆلكە (مەركىزى) دىن ياردەم سوراپ تېلېگىرامما ئۇردى. ما ئەسكەرلىرىنىڭ



كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆڭگۈرىلەرگە پانۇس ئېسىلدى. پانۇسلارغا ئوق تېگىپ ئۆچۈپ قالغاندىن كېيىن، كىرسىنگە چىلانغان يېغى خىشقا ئوت تۇتاشتۇرۇلدۇق ۋە بىر سائەتتە بىر يۆتكەپ، كېچىچە يورۇتۇپ چىقتۇق.

بۇ دەل «ياۋ قورشىدى شەھەرنى، كېچە دەھشەت - سۈرەتتە، يانار پانۇس ئورنىدا كىرسىنلانغان كېسەكلەر، ئوردا شىمال قوۋۇقى يالقۇنجار ئوت ئەۋجىدە، ئەكس ئۇردىن چۆچۈدى ما قوشۇنى شۇ قەدەر» دىگەن مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان ئىدى.

ما قىسىملىرى بۇ كۈنى كەچتە ھۇجۇم قوزغىمىدى. ئىككىنچى كۈنىمۇ ئانچە قاتتىق ھۇجۇم قىلمىدى. ئۇلار دەسلەپ دۆڭمېيىندا يەر ئاستى يول كولاپ، دۆڭمېيىننى پارتلاتماقچى بولدى. يەنە شەرقىي سېپىلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن يەر ئاستى يول كولاپ، كېچىلىك ھۇجۇمغا ئادەم كىرگۈزمەكچى بولدى. بىزمۇ دۆڭمېيىندىكى تۆشۈك ئىچىدىن ۋە شەرقىي سېپىلنىڭ ئاستىدىن بىر يەر ئاستى يول كولاپ ئۇلارنىڭ يەر ئاستى يولىنى توسىۋالدۇق ھەمدە توسالغان جايغا چېلەكنى كۆمتۈرۈپ يولنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ كولىنىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ تۇردۇق. ئاساسىي نۇقتىنىڭ شەرقىي سېپىلنىڭ دەرۋازىسى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بايقىۋېلىپ، دۆڭمېيىن ئىچىدىن ئاي شەكىللىك بىر ئاكوپ كولىدۇق، يەنە دەرۋازا تۆشۈكىنىڭ ئاغزىغا توپا قاچىلانغان تاغارلار بىلەن قوغدىنىش توسىقى ياسىدۇق. ما قىسىملىرىنىڭ شەرقىي سېپىلنىڭ شىمالىي تەرىپىدە كولىغان يەر ئاستى يولى سېزىۋېلىنمىغاچقا، ئۇلار ئوڭۇشلۇق ھالدا شەھەر ئىچىگە كولاپ كىرىۋەرگەن ئىكەن. 4 - كۈنى چۈشتىن كېيىن،

يەر ئاستى تۇسما يول كولىغان بىر پۇقرا ئەسكەر تەيياڭگۇڭ بۇتخانىسىنىڭ تېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، شۇ جايدىكى بوشلۇققا تەرەت قىلىدۇ، بۇ بوشلۇق دەل ما قىسىملىرى كولاپ كىرگەن يولنىڭ ئاغزى ئىدى. پۇقرا بۇنى بايقىغاندىن كېيىن دەرھال سېپىلنىڭ ئۈستىدە شەھەرنى قوغداۋاتقان ئەسكەرلەرگە مەلۇم قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوق چىقىرىپ، مانىڭ ئەسكەرلىرىنى قاچۇرۇۋېتىدۇ. كېيىن يەنە باشقا تەدبىر قوللىنىپ يولنىڭ ئاغزىنى چوڭايتىپ، ئۇنىڭغا بىر ھارۋا پاخال، ئىككى تاغار لازا ۋە تاماكا ياغىچى تىقىپ ئوت ياقىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە كىگىزنى يېپىپ، شامالدۇرغۇچ بىلەن يەل بېرىپ، يەر ئاستى يولىدىكى ما ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى سىرتقا چىقىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى ما قىسىملىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلغاندا شەرقىي سېپىلنىڭ شەرقىي **شىمال** بۇرجىكىدىكى سەھنىگە بىر قانچە زەربىدارلىرىنى يوشۇرۇپ قويغان بولۇپ، شىمالىي سېپىلدىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ باش كۆتىرىش ئىمكانىيىتى بولماي قالىدۇ. چىقىم كۆپ بولدى. ئۈچىنچى كۈنى مەن ۋۇلياڭ بۇتخانىسى ئۈستىگە پىستۇرما قويۇپ، پۇقرا مەرگەن ۋاڭ جۇنخې، دايىر (**موڭغۇل**) ئىككىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇۋىدىم، ئۇلار پۇرسەت كۈتۈپ قارشى تەرەپنىڭ زەربىدارلىرىدىن بىر قانچىسىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ، شىمالىي سېپىلدىكى ئارمىيە ۋە خەلقنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

ئۈچىنچى كۈنى ئىككى تەرەپ ھۇجۇم - مۇداپىئە تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا، ئۆلكە تەرەپ تېلېگىراممىسىنى ئالغاندىن كېيىن ئەۋەتكەن بىر قوش قاناتلىق ئايرو-



پىلان بىزگە ھەر خىل ئوق - **دورىلارنى** تاشلاپ بەردى. لېكىن ليۇ تېچىكقا ئوق تېگىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ كەتتى (ئۇ، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شېڭ شىسەي ياردەمگە يەنە ئەسكەر ئەۋەتكەن ئىدى. ماجۇڭيىڭ بۇ ئاخباراتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ھۇجۇمنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى. بۇ چاغدا شەھەردىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياشلار ھەممىسى ھەركەتكە كېلىپ، دۇڭمېنغا سۇ، كىگىز، قاتارلىق كېرەكلىك نەرسىلەرنى توشۇغىلى تۇردى. بىز بېيىپىدا بارلىق كۈچىمىز بىلەن يەر ئاستى يولنى تونۇشتىن باشقا، يەنە مۇداپىئە كۆرۈش ئاكوپلىرى ۋە قۇم قاچىلانغان تاغارلاردىن توسمىلارنى ياساپ ئىككى قاتار ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇ كۈنى كەچتە، ليۇ ھاكىم شەھەرنى قوغداۋاتقان ئارمىيە ۋە خەلققە: ئەگەر مىنا پارتلىغان تەقدىردىمۇ ئۆز ئورنۇڭلارنى قاتتىق ساقلىشىڭلار لازىم، دەپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى.

قەمەرىيە 10 - ئاي بايرىمىنىڭ 1 - كۈنى (يەنى تۆتىنچى كۈنى) تاڭ سەھەردە، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز شەھەرنىڭ دۇڭمېندىكى تۆشۈكى ئىچىدە يەر ئاستى يولنى تۇساۋاتقاندا، تۇيۇقسىزدىن مىنا پارتلاپ كېتىپ، قوۋۇقنى ئۆرۈۋېتىدۇ. جاۋلىيەنجاڭنىمۇ ئىرغىتىپ بىر قانچە مېتىر يەرگە تاشلىۋېتىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، قارشى تەرەپ پىلىموت، مىلتىق بىلەن دۇڭمېنغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى، قۇم قاچىلانغان تاغارلاردىن ياسالغان توسمىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يوشۇرۇنغان ئەسكەرلەر ئارقا - ئارقىدىن قايتۇرما زەربە بېرىپ، ما ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قانچە قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى.

شەھەرنى قوغداۋاتقان بارلىق ئارمىيە ۋە خەلق ئۆز ئورۇنلىرىدا چىڭ تۇردى. كۆك چېكچېك بىلەن ھاكىمنىڭ خىزمەتچىسى دۇ ×× پۈتۈن شەھەرگە ئۇرۇش ئەھۋالىدىن ئومۇمى ئۇقتۇرۇش قىلىنغاندىن كېيىن ئاممىنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ تېچلاندى. شەرقىي سېپىل پارتلىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، دەرھال شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىن بىر تۆشۈك ئاچتۇق ۋە ئون نەچچىلىگەن ئۆسمۈرنى سېپىلغا توپا ئېلىپ چىقىپ، شۇ تۆشۈكتىن توپا تۆكۈپ كېچىچە قوۋۇقنى تولدۇرۇۋېتىشكە ئورۇنلاشتۇردۇق.

ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلغان شىددەتلىك ئۇرۇش ئارقىلىق، قارشى تەرەپنىڭ كۆپ ئادىمى چىقىم بولدى، نۇرغۇنلىرى قېچىپ كەتتى. ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ 700 دىن ئارتۇق ئەسكىرى چىقىم بولدى. بۇ ئارىدا ئۆلكە مەركىزىدىن ياردەمگە ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر زىنچۈەنزىگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ما جۇڭيىڭ ئىشەنچ باغلىمىغان ئاز ساندىكى ئەسكەرلىرىنى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىشقا قالدۇرۇپ، قالغان مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ سەنتەيگە بېرىپ جەڭ قىلىدۇ. توققۇزىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، سەنتەيدىمۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئومۇمى يۈزلۈك تارمار بولۇپ چېكىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، جىمسار مۇھاسىرىدىن قۇتۇلىدۇ، پۈتۈن شەھەردىكى ئەسكەر ۋە خەلق ئۆزلىرىنىڭ قايتىدىن دۇنياغا كەلگەنلىكىگە بارىكاللا ئېيتىشتى.

بۇ قېتىملىق شەھەرنى قوغداش جېڭىدە بىز ئاز ئادەم بىلەن كۈچلۈك ئەسكەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇق. ماجۇڭيىڭ شەخسەن ئۆزى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا قوماندانلىق قىلغاندا، شەھەرنى قوغداۋاتقان ئەسكەر ۋە خەلق باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، قارشى تەرەپنىڭ كۆپلىگەن ئادەملىرىنى



ئېتىپ ئۆلتۈردى، ھەتتا ماجۇڭيىڭ ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەندىمۇ، پىسەن قىلمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ماجۇڭيىڭ ئۆزى تەڭسىزلىكتە قالدى.

پۈتۈن شەھەردىكى ئەسكەر ۋە خەلق جېنىدىدا ھايات ـ ماماتتا بىرگە بولۇشتەك ئىرادە بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ قانغا بويۇلىشىدىن ساقلاپ قالدى. بۇندىن باشقا، لىيۇ ھاكىمنىڭ رەھبەرلىك قىلىشتا تەدبىرلىك بولۇشى، تەشكىلى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ جايىدا بولۇشىمۇ غەلىبە قىلىشتىكى بىر ئامىل ھېساپلىنىدۇ. كېيىن، لىيۇ يىڭلىن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەمەلى ئۆسۈپ يۆتكىلىپ كېتىش ۋاقتىدا قوغدىغۇچى قوشۇننىڭ يىڭجاڭى يۈدىشىڭ ئۇنىڭدىن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇكاپات تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، يىغۋېلىش دادۈيىنىڭ دۈيجاڭلىقىدىن دادۈيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ شەھەرنى قوغداشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ قۇربان بولغانلارنىڭ جەسىدىگە دەسسەپ يۇقۇرىغا ياماشقان ئىدى. ئۇ يەنە شەھەر ۋە يېزىلاردا ھەدىسە ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تولۇقلىدى. ئاخىرى دىگەندەك قارا شەھەر گارنىزونىنىڭ سىلىڭى بولدى، لېكىن ئەڭ ئاخىرى بېرىپ يەنىلا شېڭ شىسەي ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئىش باشقۇرۇش ئورنى پۈتۈن شەھەردىكى ئامما بىلەن بىرلىشىپ شەھەرنى قوغداش جەريانىدا قۇربان بولغانلارنىڭ جەسەتلىرىنى جامائەت قەۋرىستانلىقىغا قويدى (دۆڭمىنىنىڭ سىرتىدا)، ئېگى ـ چاقلىرى بارلار ئۆزلىرى ئېلىپ كېتىپ يەرلىككە قويدى.

چې ئىگىزلىكتە خاتىرە تاش تىكلەپ، ئۇلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى ئاشۇ تاشقا ئويۇپ يازدى. گەرچە بۇ خاتىرە تاشلار ھازىر يوقۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىز بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرەلەيمىز. خاتىرە تاشنىڭ ئورنى ھازىرقى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگىراف ئىدارىسىنىڭ يېنىدا.

بۇ قېتىملىق ئۇرۇش ئاپىتىدە دېخانلار ئېغىر ئازاپ - ئوقۇبەتكە ئۇچرىدى. 1934 - يىلى دېخانلار تېرىقچىلىق قىلىشقا نائىلاج بولۇش بىلەن چوڭ ئاچارچىلىق پەيدا بولدى. بۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى ھەقىقەتەنمۇ يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

قوشۇمچە: شەھەرنى قوغداش كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلەر ئىسىملىكى:

لىبې جىڭۋېن، چى بوفاڭ، لى شىڭسەي، لى تيەنرۇڭ، ئەندۇجېن، ساۋ ئېرشى، ياۋ شىشۇن، ۋاڭ شوچەن، ۋاڭ كۈەن، ۋاڭ گۈيۇاڭ، لىبې شىڭبۇ، ياڭ ۋەنجېن، ۋاڭ شوتىڭ، ۋاڭ ئېنچى، لى گۇاڭدى، لى گۇاڭجۇڭ، سۇڭ كەيشەن، جاڭ گۇاڭجېي، ۋاڭ خۇگرۇ، لىيۇدې، مادېخەي، ياڭ دىيەنكۈي، جاۋ جۈن، ۋاڭ چۈەن، كۇڭ چىڭۋۇ، جاڭ يەنپىڭ، جاڭ يىنشەن، ۋاڭ دۇنفۇ، جاۋنىشۈي لەردىن ئىبارەت ئىدى.



# مەن قاتناشقان بىر نەچچە قېتىملىق جەڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى

جىن گۇجېڭ

## كىرىش سۆز

1933 - يىلدىن 1935 - يىلغىچە مەن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قورۇقلۇق قىسىم ۋاقىتلىق ئارىلاشما لۈيىنىڭ 1 - ئاتلىق تۇەنىدە ئىشلەيتتىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، داۋانچىڭ ئۇرۇشى، زىنچۇەنزى، نەنسەن - شۇيشىگو ئۇرۇشى، ئۇلاۋسۇ - سەندۇخوزا ئۇرۇشى، ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇرۇشى، 2 - قېتىملىق داۋانچىڭ ئۇرۇشى قاتارلىق مۇھىم ئۇرۇشلارغا بىۋاستە قاتناشتىم. ئۇرۇشلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن.

## جىن شۇرېننىڭ تەختتىن چۈشۈشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ تەختكە چىقىشى

1928 - يىلدىن 1933 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، ھەربىي ۋە سىياسى جەھەتلەردىكى ئەمەلدارلارگە ئاساسەن جىن شۇرېننىڭ يۇرتداشلىرى

(گەنسۇ خېجۇلىقلار)، تۇڭقانلىرى ۋە دوستلىرى تەيىنلىگەن ئىدى. كىشىنى غەزەپلەندۈرۈدىغىنى شۇكى، جىن شۇرېننىڭ 4 - ئىنىسى جىن شۇجۇ قەشقەرنىڭ گارنىزون قوماندانى، قوشۇمچە دىۋىزىيە باشلىقى ئىدى، 5 - ئىنىسى جىن شۇشىن ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، سۈي جاۋجى قۇرۇقلۇق قىسىم تۈەنجاڭى، جاڭ پېيۈەن ئىلى بوزيەر ئېچىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە دىۋىزىيە باشلىقى ئىدى. بۇ خىيانەتچى، زومىگەرلەر ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە خىيانەت قىلىشنىلا بىلىپ ھەربىي باشلىق ۋە خىراجەتنى قىسىپ، خەلقنى بوزەك قىلاتتى، ئازسانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا ئۆچلىشىپ، قىرغىنچىلىق قىلىشىنىڭ ئۇرۇغىنى چاچقان ئىدى. ئەينى چاغلاردا شىنجاڭدا 1931 - يىلى قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ ئارقىدىنلا يۇلۋاس گەنسۇدىن ماجۇڭيىڭنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىن شۇرېن ھەدىسىلا ھەربىي جەھەتتىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتنىشى توسۇلۇپ قېلىپ، تەرتىپ بۇزۇلۇپ، كىشىلەر دەككە - دۈككە ئىچىدە قالدى. جىن - شۇرېن جىجىسوزىدا (دىخۇادىن قىرىق كىلومېتىر يىراقلىقتا) 4 ليەن پىيادە ئەسكەر روتىسى تۇرغۇزغان بولۇپ، بۇنىڭغا زۇۋېيشىن تۈەنجاڭ (لەقىمى ساراڭ) قوماندانلىق قىلاتتى. قەمەرىيە 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كېچىدە ماجۇڭيىڭنىڭ **قول** ئاستىدىكى ماچۈەنلۇ قىسىملىرى نەنسەندىكى توپۇلاڭچى پۇقرالار بىلەن بىرلىشىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دىگىدەك قىرىپ تاشلايدۇ. ئارقىدىنلا ئۆلكە مەركىزى قورشاۋ



ئىچىدە قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دىخۇا ئەتراپى ۋە چاڭشەنزە ئەتراپىدىمۇ توپىلاڭ يۈز بېرىپ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق بولۇپ، ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك ھالەتكە يەتكەن ئىدى. جىن شۇرېن دەرھال شەرق، غەرب تەرەپلەردە تازىلاش ئېلىپ بېرىۋاتقان قوشۇننى دىخۇا مۇھاسىرىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن يۆتكەپ كەلدى. بۇ جەرياندا جىن شۇرېننىڭ سەنمۇ باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى چېن جۇڭ، ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى لى شياۋتيەن ۋە تاۋمىڭيۈ قاتارلىقلار، ھەر قايسى قىسىملارنىڭ قوماندانلىرى ۋە گۇيخۇا جۇنىنىڭ (شىنجاڭغا قېچىپ كىرگەن ئاق ئورۇسلار دۆلەتسىز تەۋەلىگىگە ئۆتكەندىن كېيىن گۇيخۇازۇ (مىللىتى) دەپ ئاتالغان، كېيىن ئۇلاردىن ئىككى تۈەن ئاتلىق ئەسكەر ئېلىنغان) قوماندانى باپىنگوت بىلەن ئاستىرتتىن ئالاقىلىشىپ، 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى 5 يىل بولغان جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان مەخپىي مۇناسىۋەتكە شېڭ شىسەي ئاۋال قاتناشمىغان ئىدى (شۇ ئىشتىن كېيىن لى شياۋتيەن ئۇنى ئايروپىلان بىلەن ئۇلانبايدىكى باش قوماندانلىق شتاۋىدىن ئەكەلگەن). ئۇنداقتا شېڭ شىسەي قانداق بولۇپ تەختكە چىقىپ قالدى؟ بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت سەۋەپچى بولغان ئىدى. بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، ئۇلار ئالدى بىلەن جېڭ رۇنچېڭ (شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ لۈيجاڭى)، چېڭ پېنشيۇ (جىن شۇرېننىڭ ھەربىي قوماندانى) لارنى كۆرسەتكەندە ئۇلار ئۇنىمىدى؛ ئىككىنچىدىن، 1932 - يىلى كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە 50 مىڭدىن كۆپ شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى پىدائىلار قوشۇنى سوۋېت چېگرىسى

ئارقىلىق شىنجاڭغا چىقىپ كېلىپ، ئىلى، دىخۇا ۋە غەربىي يوللاردا تۇردى، شېڭ شىسەي شەرقىي شىماللىق بولۇپ، بۇ قىسىملار بىلەن يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى بولغاچقا، ئۇلارنى ئاسان كونترول قىلالايتتى. ئۈچىنچىدىن، شېڭ شىسەي ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئالدىنقى سەپنىڭ باش قوماندانى بولۇپ، يەرلىك قىسىملارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋاللار ئاستىدا ئۇ شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە مەھكىمىسىنىڭ ۋاقىتلىق دۇبەنى، لىيۇۋېنلۇڭ (خۇنەنلىك، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى) ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تەيىنلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ۋەيرانە بولغان ۋەزىيىتىنى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن دەرھال ھەربىي قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىپ چېگرا مۇداپىئە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئارىلاشما لۇيىي تەسىس قىلىپ، ئۆزى قوشۇمچە لۈيجاڭ بولدى. بۇ لۈينىڭ قارمىقىدا 4 ئاتلىق ئەسكەر تۇەنى ۋە بىر مۇھاپىزەتچىلەر تۇەنى بولۇپ، ئاتلىق ئەسكەر تۇەنلىرىگە لۇخۇيشيەن، جاڭ يۇتاڭ، مادىشەن، لياڭ چىۋېنلار تۇەنجاڭ بولدى. مۇھاپىزەتچىلەر تۇەنىگە لۇيۇلىن تۇەنجاڭ بولدى. ئاندىن باشقا يەنە شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنى تەرتىپكە سېلىپ 4 پىيادە ئەسكەرلەر لۈيى قىلىپ، ئۇلارغا قورال - ياراق تارقىتىپ بەردى. شۇ يىلى 5 - ئاي ئىچىدە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئالغان بولۇپ، داۋانچىڭغا ئەسكەر ماڭغۇزۇپ دىخۇاغا ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. شۇڭلاشقا شېڭ شىسەي نەنلياڭ سەندۈيدا پىيادە، ئاتلىق، توپچى قىسىملاردىن بولۇپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ، قەسەم قىلدۇرۇپ داۋانچىڭغا ماڭغۇزدى، بۇ شېڭ شىسەي تەخت-



كە چىققاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇش بولۇپ، مەن شۇنىڭدىن باشلاپ، ھەر قايسى ئۇرۇشلارغا قاتناشتىم.

## مەن قاتناشقان ئۇرۇشلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى

### 1. بىرىنچى قېتىملىق داۋانچىڭ ئۇرۇشى

1933 - يىلى 5 - ئاي ئىچىدە ما جۇڭيىڭ، قىسىملىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تۇرپاندىن داۋانچىڭغا كەلدى. شۇ چاغدا نەنسەن بىلەن جىجىسۇزا ئەتراپىدا ئىسيان كۆتەرگەن خەلق پات - پات بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ تۇراتتى. شېڭ شىسەي پىيادىلەر، ئاتلىقلار، توپچىلار ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەر قىسمى بولۇپ 20 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى يىغىپ داۋانچىڭغا يۈرۈش قىلدى. بىزنىڭ بىرىنچى ئاتلىق تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى لۇخۇيشيەن (خېبېنلىك، فىڭ يۈيشياڭنىڭ قول ئاستىدا پەيجاڭ، لىيەنجاڭ بولغان. باتۇر ۋە پاراسەتلىك كىشى)، يول ئاچقۇچى چەۋەنداز قىلىپ بەلگىلىنىپ جىجىسۇزا تەرەپكە ماڭدۇرۇلدى، لۇخۇيشيەن بىرىنچى لىيەننىڭ لىيەنجاڭى جاڭ جىنۋۇنى ئالدى تەرەپكە قويۇپ ياڭ چاڭزىگودىن ئىلگىرىلەشكە بەلگىلىدى. ئىككىنچى لىيەننىڭ لىيەنجاڭى لىيۇ جەنچىڭ ئوڭ قانات، 3 - لىيەننىڭ لىيەنجاڭى سول قانات قىلىپ بەلگىلىنىپ، ئوڭ - سولدىكى تاغ يوللىرى ئارقىلىق ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدۇرۇلدى. چۈشتىن كېيىن جىجىسۇزىغا يېتىپ كەلدى، ھېچقانداق دۈشمەن ئەھۋالى سېزىلمىدى. ھەر قايسى مۇھىم جايلارغا پوست قويۇلدى. جىن شۇرېن ۋاقتىدا (شۇ يىلى باھاردا)

ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ۋە نەنسەندىكى توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ھەر قايسى جىلغىلار ۋە ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەن 100 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ جەسەتلىرىنى كۆمدۇق. ئەتىسى سەيپۇغا يۈرۈش قىلدۇق. 3 - كۈنى داۋانچىڭغا 10 نەچچە لى كېلىدىغان جايلارنى ئاختۇرغىنىمىزدا، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى 4 - 5 قېتىم ئۇچراتتۇق، لېكىن ئۇلار قارشىلىق كۆرسەتمەيلا قېچىپ كەتتى. بىزنىڭ تۈەن چۈشتىن كېيىن داۋانچىڭ بازىرىنى ئىشغال قىلدى. ئاڭلىشىمىزچە، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى شۇ كۈنى سەھەردە پۈتۈنلەي چېكىندۈرۈپ ئەپقېچىپ كەتكەن ۋە تاغ ئېغىزىنى قامال قىلىپ، ئاكوپ كولاپ تەييارلىق قىلغان ئىكەن. ئۇ چاغلاردا ئارقا جىلغىدا تېخى تاشيول يوق ئىدى، ھارۋىلار داۋانچىڭ تاغ ئارىسىدىكى ئېگىز - پەس سايلاردىن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ خۇددى «بىر ئەسكەر قىلسا قامال، مىڭ ئەسكەرنىڭ ئۆتمىگى تەس بولار» دېگەندەك ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاي شىمالىي شىنجاڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان بىردىن - بىر چوڭ يول بولۇپ، ھەربىي جەھەتتە چوقۇم تالاش - تارتىش قىلىنىدىغان ئورۇن ئىدى.

ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ تۈەن ھەممە جايلارغا پوست قويغان ئىدى، شېڭ شىسەينىڭ قوماندانلىق شىتابىمۇ داۋانچىڭنىڭ ۋەيرانە شەھىرى ئىچىگە جايلاشقان ئىدى. ئاخشىمى شېڭ شىسەي ھەر قايسى لۈي، تۈەن باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، بىزنىڭ ئاتلىق 1 - تۈەننى سول قانات، مادېشەننىڭ ئاتلىق 3 - تۈەننى ئوڭ قانات، لىيۇ جېنباڭ (جىلىن ئۆزىنى قوغداش ئارمىيىسىگە قاراشلىق بولۇپ، ئايىغى چاققان لىيۇ دەپ ئاتىلاتتى) نىڭ



پىيادىلەر تۈەنى ئوتتۇرىدىن يۈرۈش قىلىشنى بەلگىلەپ، سەھەردە ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئىگەللىگەن تاغ چوققىسىنى تارتىۋېلىش قارار قىلىندى. لۇخۇيشيەن شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ جاڭ جىزۇ، لىيۇ جەنچىڭلارنىڭ 1 -، 2 - لىيەنلىرىنى سولدىن ھۇجۇم قىلىپ ھەر قايسى تاغ چوققىلىرىنى ئىگەللەشكە؛ سۇ جۇڭيۈي، لىيۇ يۇلارنىڭ 3 -، 4 - لىيەنلىرىنى زاپاس قىسىم بولۇپ تۇرۇشقا بەلگىلىدى. 2 - كۈنى سەھەردە جەڭ باشلىنىپ، ئوق ۋە زەمبىرەك ئاۋازى تاغ باغرىنى زىل - زىلىگە كەلتۈردى. ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى تاغ ئۈستىدە بولغاچقا، ئېگىزدىن تۆۋەنگە قارىتىپ ئوقنى يامغۇردەك ياغدۇردى، بۇ جەڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە داۋاملاشتى. بىزنىڭ قىسىملىرىمىز باتۇرلۇق بىلەن ئۆملەپ ئالغا ئىلگىرىلەپ كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، پەقەت بىر قانچە كىچىك تاغ چوققىلىرىنىلا ئىگەللىيەلىدى. جىددىي جەڭ ئىككىنچى كۈنى چۈشكىچە داۋاملاشقان بولسىمۇ، بىر نەچچە جايدىكى ئېگىز تاغ چوققىلىرىنى تارتىۋېلىش يەنىلا مۇمكىن بولمىدى. تۇساتتىن تۈەنجاڭ لۇ خۇيشەن شېڭ شىسەينىڭ چېكىنىش توغرىسىدىكى بۇيرۇغىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. بۇ چاغدا ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن قىلىنىۋاتقان ئۇرۇش ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقان بولۇپ، بۇ چېكىنىش بۇيرۇغى بىزنى ھەقىقەتەن ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ھەممىمىز تاغدىن چېكىنىپ چۈشۈۋاتقاندا ئۇچار پۇت لىيۇنىڭ بىر لۈيى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ قوماندانلىق شىتاۋى ئاللىقاچان داۋانچىڭ بازىرىنىڭ ئۇ تەرىپىگە چېكىنىپ بولغان ئىكەن (داۋانچىڭ بازىرى داۋانچىڭ تاغ ئېغىزىدىن 3 - 4 چاقىرىم كېلەتتى). دەل شۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنىڭ 100

گەيېقىن ئاتلىق ئەسكىرى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ جىلغا ئىچىدىن ئۈچ-قاناتتەك چىقتى-دە، چېكىنىۋاتقان قىسىملارنى قوغلاپ زەربە بەرگىلى تۇردى. ئۇدۇلدىن چېكىنىۋاتقان قىسمىمىز ھۇجۇمغا ئۇچراپ، سەپ قالايمىقانلىشىپ ئەسكەرلەر ھەر تەرەپكە قاچتى. ۋەزىيەت ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، ئومۇمىي يۈزلۈك مەغلۇپ بولۇش ئېھتىمالى بار ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا تاغدىن چېكىنىپ چۈشۈۋاتقان ئوڭ ۋە سول قانات تۈەنىمىز ھۇجۇمغا ئۆتكەن ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە شىددەتلىك ئوق ياغدۇردى. بۇنىڭدىن قارشى تەرەپ يوشۇرۇن زەربىگە ئۇچرىدۇقمىكىن دەپ ئويلاپ دەرھال جىلغا ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. بىز تۈەننى رەتكە سېلىپ داۋاملىق چېكىنىپ ماڭدۇق. داۋانچىڭ بازىرىدىن ئۆتۈپ 10 چاقىرىم يىراقلىققا بارغاندا، شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىق شتاۋىدىكى خادىملار شۇ جايدا كۈزىتىپ تۇرغان ئىكەن. بىز يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي لۇخۇيشيەن تۈەنجاڭغا: «سىلەر چېكىنگەن قىسىملارنى قوغداڭلار، ئاندىن سەيۋوپۇغا جايلىشىپ چېچىلغان ئەسكەرلەرنى يىغىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن جىمجىساۋزىغا بېرىپ مۇداپىئەدە تۇرۇڭلار، شۇ جايدا دىخۇاغا قايتىش بۇيرۇغىنى كۈتۈڭلار» دېدى. يوليورۇقنى بېرىپ بولۇپ، شېڭ شىسەي قىسىملىرىنى باشلاپ دىخۇاغا قايتتى. بىزنىڭ تۈەن بۇيرۇققا بىنائەن ئۈچىنچى كۈنى جىمجىساۋزىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ ۋاقىتتا چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەر داۋاملىق يېتىپ كەلگىلى تۇردى. يېرىم ئاي مۇداپىئە كۆرگەندىن كېيىن دىخۇاغا قايتىش بۇيرۇغىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق.

بۇ قېتىمقى داۋانچىڭ ئۇرۇشىدا بىزنىڭ تۈەندىن 10 كىشى يارىدار بولدى، 4 كىشى ئۆلدى. 2-لىيەننىڭ لىيەن-



جاڭى لىۋجەنچىڭ (گەنسۇ ۋۇۋېيلىق) نىڭ قوسىقىغا ئوق تېگىپ ئۈچەيلىرى تاشقىرىغا چىقىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ ئۈچەيلىرىنى قوسىقىغا تىقىۋېتىپ باغلىۋېلىپ قىسىمنى باشلاپ داۋاملىق جەڭ قىلدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۈچەيىنى كۆتىرىپ يۈرۈپ جەڭ قىلغان قەھرىمان دەپ مەدھىيىلەنگەن ئىدى.

بىز دىخۇاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدۇق. قوشۇنىمىز داۋانچىڭغا يېتىپ كەلگەندە ماجۇڭيىڭ شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ جىن رۇنچېڭ، گوي يىنكۈي، يىڭجەنبىڭ، يۈڭ ياۋجۇن قاتارلىق لۈيجاڭلىرىغا بىر پارچە مەخپىي خەت ئەۋەتكەن. بىراق خەت توشۇغۇچى ئادەم قىسمىمىز تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قېلىپ شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇلغان. شېڭ شىسەي خەتنى كۆرگەندىن كېيىن شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ لۈيجاڭى جىن قاتارلىقلار ماجۇڭيىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىچكى ئۆزگىرىش پەيدا قىلماقچى ئوخشايدۇ، دېگەن گۇمانغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوشۇننى توساتتىن چېكىندۈرۈپ، نەتىجىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. كېيىن شېڭ شىسەينىڭ كاندۋاي باشلىقى جاۋجيەنفېڭنىڭ (شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدە تۈەنجاڭ بولغان) ئېيتىشىچە خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن: «سىلەر ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقازغۇچى قەھرىمانلار. سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ شەرەپلىك ناملىڭلارنى ساقلاپ، ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىپ داۋاملىق ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىڭلار كېرەك، يەرلىكنىڭ ئۇرۇشىغا قاتناشماسلىقىڭلار كېرەك ........» شېڭ شىسەي دىخۇاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ بۇ باشلىقلىرىغا زىياپەت بېرىش نامى بىلەن جىن رۇنچېڭ، يىڭ-

جەنبەك، گۇي يىڭكۇي قاتارلىق 3 لۈيجاڭنى ۋە سەنمۇجاڭ سۇ گو قاتارلىق 10 نەچچە كىشىنى نەزەربەنت قىلىدى، كېيىن ئۆلتۈردى. پەقەتلا يىلك جەنبەك قويۇپ بېرىلدى. ئەمەلىيەتتە جىن روۇنچېڭ قاتارلىقلار ماجۇڭيىڭ بىلەن ھېچقانداق تىل بىرىكتۈرمىگەن ئىدى. شېڭ شىسەي ئىزچىل ھالدا گۇمانخور ۋە ياۋۇز ئىدى. شۇڭا ما جۇڭيىڭنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھىلىسىگە ئالدىنىپ، بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. جىن روۇنچېڭ قاتارلىق ياپونغا قارشى ھەربى قوشۇن يېتەكچىلىرى بولسا نەزەربەنت قىلىنىپ تۈرمىدە ناھەق ئۆلۈپ كەتتى.

## 2. زىنچۇەنزە ئۇرۇشى

1933 ـ يىلى 5 ـ ئاي ئىچىدە شېڭ شىسەي ۋە ماجۇڭيىڭلارنىڭ داۋانچېڭدىكى جېڭى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ تۇرپان، پىچان، توخسۇن 3 ناھىيىدە ئەسكەرنى كۆچىنى تولۇقلاپ، ھەربى مەشقنى كۈچەيتتى. 6 ـ ئاي ئىچىدە خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىپ مورى، گۇچۇڭنى ئىشغال قىلدى. ئەينى چاغدا گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ لۈيجاڭى جاڭ جۇئەن (خېجۇلۇق، يىڭجاڭ، تۇەنجاڭ بولغان) ئەسكەرلىرىنى باشلاپ دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ زور بىر تۈركۈم ئەسكەر، قورال ـ ياراق ۋە ھەربى تەمىناتقا ئېرىشىپ، ھەربى كۈچى زورايدى. ئارقىدىنلا غەرپ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ جىمىسار ناھىيىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە بىر نەچچە قىسىمغا بۆلۈنۈپ ئىلگىرىلەپ سەنتەينى ئىشغال قىلدى (سەنتەي جىمىساردىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتا)، ئارقىدىن يەنە



زىنچۇەنزىگە ھۇجۇم قىلدى (بۇ جاي فۇكاڭغا 90 چاقىرىم كېلىدۇ)، فۇكاڭ ناھىيىسى جىددى ئەھۋالدا قالدى. شېڭ شىسەي ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن پىيادە، ئاتلىق ۋە توپچى قىسىملاردىن بولۇپ 20 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئۆزى باشلاپ شەرق تەرەپتىن فۇكاڭغا يېتىپ كېلىدۇ. ليۇ جىنباڭنىڭ پىيادىلەر لۈينى ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىشقا بەلگىلەپ، بىزنىڭ 1 ـ ئاتلىق تۇەننى لۇخۇيشەننىڭ قوماندانلىقىدا سول قانات، 3 ـ ئاتلىق تۇەننى مادېشەننىڭ قوماندانلىقىدا ئوڭ قانات قىلىپ بەلگىلەيدۇ. گۇيخۇاجۈننىڭ ئىككى ئاتلىق تۇەنىنى فۇكاڭنىڭ شەرقى جەنۇبىي تاغ باغرىدىن باخۇگوغا كىرىپ خۇاڭسەن تېغىنى ئىگەللەپ دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىشقا بەلگىلىدى. قالغانلار زاپاس قىسىم بولۇپ قالدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە قىسىمىز زىنچۇەنزىدىكى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا ئومۇمى يۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. شۇ كۈنى ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق بولۇپ، قىسىمىز زىنچۇەنزىگە 10 چاقىرىم كېلىدىغان توپا دۆڭگە كەلگەندە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ جىددى جەڭ باشلىنىپ كەتتى. بىزنىڭ تۇەن دۈشمەننىڭ سول تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتمۇاتقاندا شېڭ شىسەينىڭ: «دۈشمەن تەرەپتىكى خوجىنىياز ھاجى بىز بىلەن ياراشتى. قىسىمنى باشلاپ سول تەرىپىمىزدىن ئەرداۋبا (كونا مىچۇەن ناھىيىسى) گە كېلىپ ئۆزگەرتىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، سىلەرنىڭ تۇەن تېز سۈرئەتتە ئايلىنىپ ئۆتۈپ زىنچۇەنزىنى ئىشغال قىلىڭلار» دىگەن بۇيرۇغىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق، لۇ خۇيشەن تۇەنجاڭ دەرھال قارارغا كېلىپ، 20 نەچچە كىشىنى باشلاپ، يېنىك پىلىموتتىن 4 نى ئېلىپ، زىنچۇەنزىنىڭ ئارقا تەرىپـ

گە ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىق شتاۋىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. باشقا لېيەنلەر مۇئاۋىن تۇەنجاڭ دەي يۈنلىن (گەنسۇ تيەنشۈيلىك) نىڭ قوماندانلىقىدا جىددى يۈرۈش قىلدى ھەمدە بۇ ئەھۋالدىن شىڭ شىسەي خەۋەرلەندۈرۈلدى. بۇ چاغدا ھاۋا تۇساتتىن ئۆزگىرىپ، چۈش ۋاقتى سائەت 3 لەردە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زىنچۈەنزىگە ئارقا تەرەپتىن كىلىپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىق شتاۋىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدۇق. ھۇجۇم باشلانغاندىن كېيىن بىزنىڭ ھەر قايسى تۇەن ۋە لېيەنلەر تېزدىن يېتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ قوماندانلىق شتاۋى بىلەن زىنچۈەنزە تېزلا قولغا ئېلىندى. يېنىك پىلىموتتىن 4 تى ۋە نۇرغۇنلىغان قورال ـ ياراقلار غەنىمەت ئېلىندى. بۇ خوشخەۋەر شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا شىڭ شىسەيگە يەتكۈزۈلدى. بۇ چاغدا ئۈدۈلدىن ھۇجۇم قىلىشقا بەلگىلەنگەن ليۇ چاڭقانىڭ پىيادە لۈيىنىڭ بىر قىسمى ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلگەن بولۇپ، ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىدىن 20 نەچچىدەك كىشى شىڭ شىسەي تۇرىۋاتقان كونا ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. بۇ چاغدا ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، يامغۇر سۇدەك قۇيۇلىۋاتاتتى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى ئاق رەختتىن كالتا ئىشتان ۋە كالتا يەڭلىك كۆينەك كەيگەن ئىدى، بەختكە يارىشا بۇ ئەھۋالنى شىڭ شىسەينىڭ فۇ گۇەنجاڭى جاۋجيەنفىڭ كۆرۈپ قېلىپ قول ئاپتوماتى بىلەن ئوققا تۇتۇپ، خېلى كۆپلىرىنى ئېتىپ يىقىتتى، قالغانلىرى قېچىپ كەتتى. شىڭ شىسەي بىزنىڭ تۇەننىڭ غەلىبە خەۋرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئارمىيە-



نى ئومۇمى يۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق قىلدى، بىزنىڭ چوڭ قىسمىمىز غەلىبىسىرى ئالغا بېسىپ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ چاغدا يامغۇر سەلدەك قۇيۇلۇپ، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى لاي ـ پاتقاق ئىچىدە قالدى، ئۇلارنىڭ كىيىمى يېلىڭ بولغاچقا سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي، تەرەپ ـ تەرەپكە پېتىراپ قېچىشتى، نۇرغۇن ئەسكىرى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى.

بىزنىڭ تۇەن زىنچۈەنزىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، 3 ـ، 4 ـ لېيەننى ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى قوغلاپ يوقۇتۇش ئۈچۈن سەنتەي تەرەپكە ئېۋەتتۇق. 1 ـ، 2 ـ لېيەن زىنچۈەنزىدە قېلىپ چوڭ قوشۇننى كۈتتى. كەچقۇرۇن قىسمىمىزنىڭ ھەممىسى يىغىلدى. قوغلاپ يوقۇتۇشقا ئېۋەتىلگەن 3 ـ، 4 ـ لېيەن دۈشمەننى دۇڭشۈۋزا ئەتراپىغىچە قوغلاپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە قايتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى زىنچۈەنزە ئۇرۇشى مانا شۇنداق ئاخىرلاشتى.

بۇ قېتىمقى زىنچۈەنزە ئۇرۇشىدا قىسمىمىز ما جۇڭيىڭنىڭ گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق جايلاردا قولغا چۈشۈرگەن زور بىر تۈركۈم قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا، ھەربى لازىمەتلىكلىرىنى ئولجىغا ئالدى. 2 مىڭ 400 ـ 500 دەك ئادەمى ئەسىر چۈشتى. 2 ـ كۈنى سەنتەيگە ئاختۇرۇش يۈرۈشى قىلغاندا، يول بويى نۇرغۇنلىغان ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە توڭلاپ ئۆلگەن ما جۇڭيىڭ ئادەملىرىنىڭ جەسەتلىرىنى ئۇچراتتۇق. سەنتەيگە بارغاندا ماجۇڭيىڭ زىنچۈەنزىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ چۈەنزىجى تاغ يولى ئارقىلىق تۇرپانغا كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق.

ئارمىيىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى غەلىبىسى شىڭ شىسەينىڭ

ئاۋال ئادەم ئەۋەتىپ خوجىنىياز ھاجىنى ئۆزىگە مايىل قىلدۇرغانلىقى، ئاندىن لۇ خۇيشيەن تۈەنجاڭنىڭ ما جۇڭيىڭنىڭ قوماندانلىق شىتاۋىغا تۇيۇقسىز زەربە بەرگەنلىكىدىن بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ھاۋا تۇساتتىن ئۆزگىرىشى بىلەن قاتتىق يامغۇر يېغىپ، سوغۇق بولۇپ كېتىپ دۈشمەن ئەسكەرلىرى يېپىلىك كىيىم بىلەن قالدى. بىزنىڭ قوشۇنىمىز قاتتىق يامغۇر ۋە سوغۇقتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى مەغلۇپ بولۇپ پىتراپ قېچىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ تۈەن گۇچۇڭ، جىمسار، مورى 3 ناھىيىگە يۈرۈش قىلىش جەريانىدا ما جۇڭيىڭ ئارمىيىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرىماي، يۇقۇرقى 3 ناھىيىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا قايتۇرۇپ ئېلىپ، جەمىيەت ئامانلىقىنى ۋە قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شېڭ شىسەي گۇچۇڭغا بارغاندىن كېيىن ئىلگىرى گۇچۇڭدا تۇرغان ۋە كېيىن قوشۇنلىرى بىلەن ما جۇڭيىڭغا تەسلىم بولغان جاڭ جۇيەن لۈيجاڭنى سازايى قىلىپ ئاتتى، ئاندىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى.

بىزنىڭ تۈەن موريدىن گۇچۇڭغا قايتىپ كېلىپ، بىر ھەپتە ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە ياندى. بۇ چاغدا تۇساتتىن شېڭ شىسەينىڭ چېن جۇڭ، لى شياۋتيەن، تاۋمىڭيۈ قاتارلىق 3 كىشىنى دۇڭخۇايۈەندە ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر كەلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چېن قاتارلىقلار شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇپ تاشلاش توغرىسىدا مەخپى پىلان قىلغان، بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن. ئەينى ئەھۋال زادى قانداق، بۇ نامەلۇم، بىراق شېڭ شىسەي گۇمانخور، قارا نىيەت ئادەم ئىدى. چېن قاتارلىقلارنىڭ ئۆل-



تۈرۈلۈشى تارىختىكى «توشقان تۈگىدى دەپ، ئىتنى ئۆلتۈرۈپ يەپتۇ» دىگەن تىراگېدىيىنىڭ قايتا ئوينىلىشى بولسا كېرەك.

### 3. ئۈرۈمچى نەنسەندىكى شۈيشىگۇ ئۇرۇشى

ماجۇڭيىڭ زىنچۈەنزە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ، تۇرپانغا قېچىپ كەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا شېڭ شىسەي ليۇ بىڭ (مەھكىمە سەنمۇجاڭى)، لەن پېنشۇ (تەمرات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى)، يۈ جىنگو قاتارلىق كىشىلەرنى ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇشنى توختىتىش توغرىسىدا كېڭىشىش ئۈچۈن تۇرپانغا ئەۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىنچە بىر نەچچە ئاي توختىلىدۇ. شۇ يىلى 10 - ئايغا كەلگەندە ما جۇڭيىڭنىڭ ماشىمىڭ (خېجۇلۇق) قىسمى دەسلەپتە تۇرپان، پىچان، توخسۇن قاتارلىق جايلارنى پاراكەندە قىلىپ قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. كېيىن يەنە قارا شەھەرگە باردى. ئارقىدىن يەنە ئادەم ئەۋەتىپ شېڭ شىسەي دىخۇانىڭ نەنسەن تېغىدا تۇرغۇزغان ۋاقىتلىق 6 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى مادېشياڭ (خېجۇلۇق، بۇرۇن ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن، باشتا نەنسەنگە قالايمىقانچىلىق سېلىپ، ما چۈەنلۇ بىلەن بىرلىشىپ كېچىدە جىجىساۋزىدا تۇرۇشلۇق قىسىمغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۆلكە مەركىزىنى مۇھاسىرە قىلغان، كېيىن چېكىنىپ نەنسەندە تۇرغان ئارقىدىن يەنە ما چۈەنلۇنى ئۆلتۈرۈپ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شېڭ شىسەيگە تەسلىم بولغان. شېڭ ئۇنى دىۋىزىيە باشلىقى قىلغان) نى ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ ماشىمىڭ قايتىدىن نەنسەننى ئىگەللەپ، ياۋمۇشەن قا-

تارلىق جايلارغا توختىماي ئەسكەر ئېۋەتىپ ئوق ئېتىپ پاراكەندە قىلىدۇ. شىيەن شىسەي ياك ياۋجۇنى باش قوماندان قىلىپ 3 يولغا بۆلۈپ نەنسەن شۇيشىگۇ جىلغىسىغا ئەسكەر كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ليۇجىنباڭنىڭ پىيادە لۈيى ئۇدۇلدىن ساڭپاڭكو، تەيپىڭچۇ ئارقىلىق شۇيشىگۇغا ماڭماقچى بولدى. گۈيخۇاجۇننىڭ ئىككى ئاتلىق تۈەنى شىسەن تېغى ئارقىلىق شۇيشىگۇغا كېلىدىغان بولدى، بىزنىڭ تۈەن ئۇلانبايدىن نەنسەن شۇيشىگۇغا قاراپ يول ئالدى. بىز شۇيشىگۇ جىلغىسىدا ئۇچراشماقچى بولدۇق. بىزنىڭ تۈەن ۋۇشىلى خارابىسىگە كەلگەندە ماشىمىڭنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرىنىڭ نەنسەن ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى، شۇيشىگۇدا ئانچە كۆپ ئەمەسلىكىنى بىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن لۇ خۇيشيەن تۈەنجاڭ يېنىكلىك بىلەن قارار چىقىرىپ، ئۆزى 10 نەچچە ئاتلىقنى باشلاپ شۇيشىگۇغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى، 1 ـ لىيەننىڭ لىيەنجاڭى جاڭ جىرۇ بىلەن مىنى دۈشمەنگە ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىشقا؛ 2 ـ ، 3 ـ لىيەنلەرنى ئوڭدىن ۋە سولدىن تەڭ ھۇجۇم قىلىشقا، 4 ـ لىيەننى زاپاس قوشۇن قىلىپ مۇئاۋىن تۈەنجاڭ دەيىۋلىننىڭ قوماندانلىقىدا ئىلگىرىلەشكە بۇيرىدى، لۇ خۇيشيەن ۋەزىيەتنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئۆزى ئاتلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى. شۇيشىگۇغا كەلگەندە شىسەن تېغىدا يېڭىلىپ 100 گە يېقىن ئەسكەرلىرى بىلەن چېكىنىپ كېلىۋاتقان ماشىمىڭ ئاتلىقلىرىغا دۇچ كەپ قالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قورشاۋىدا قالىدۇ. بۇ چاغدا تازىلاشقا ماڭغان لىيەنلەر ئالدى تەرەپتە ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە ئۇچقاندەك بېرىپ جەڭگە قاتنىشىپ ماشىمىڭ قىسىملىرىنى تارمار قىلىدۇ. بىراق، لۇ تۈەنجاڭ بىلەن



5 نەپەر جەڭچى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. تۈەنىمىزنىڭ ھەر قايسى لىيەنلىرى دەرھال ماشىمىڭ قوشۇنىنى قوغلاپ ئۇنىڭ كۆپ ئادىمىنى يوقاتتى، ماشىمىڭ ئارقا تاغ بويلاپ قېچىپ قارا شەھەرگە بېرىۋالدى. دىخۇا نەنسەن شۇيشىگۇ ئۇرۇشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ماشىمىڭغا قارشى يۈرۈش قىلغان ليۇ جىنباڭ لۈيجاڭمۇ تەيپىڭچۇدا قازا تاپتى.

بۇ قېتىمقى نەنسەن شۇيشىگۇ ئۇرۇشىدا گەرچە غەلىبە قازانغان بولساقمۇ، بىز تەرەپتىن ئىككى نەپەر قوماندان قازا تاپتى، 10 نەچچە ئەسكەر يارىدار بولدى ۋە ئۆلدى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن شىڭ شىسەي 1 ـ لىيەننىڭ لىيەنجاڭى جاڭ جىزۇنى 1 ـ ئاتلىق تۈەنگە تۈەنجاڭ قىلدى. سۇشىجېننى (شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىن، كېيىن تۈەنجاڭ بولغان) مۇئاۋىن تۈەنجاڭ قىلدى. بىزنىڭ تۈەن شۇيشىگۇدا بىر ھەپتە مۇداپىئەدە تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلانبايىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۇلاچىن تېغىغا بېرىپ جايلاشتۇق. كېيىن يەنە قايتىپ كېتىپ ھەربىي تەلىم ئالدۇق. 12 ـ ئايلاردا يەنە بۇيرۇق بويىچە ماناسقا كېلىپ ئۇلاۋسۇدىكى سەندۇخوزىدا ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەننىڭ ئۆلكە مەركىزىگە قارشى ھۇجۇمغا ئېۋەتكەن ياك جېڭجۇڭ شىجاڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق.

## 4 . ئۇلاۋسۇ سەندۇخوزا ئۇرۇشى

ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە 8 ـ دىۋىزىيىنىڭ شىجاڭى جاڭ پېيۈەن (چىڭخەي گۈيدېلىق، لىيەنجاڭ، دۇبەن مەھكىمىسى ھەربىي ئىشلار

باشقارمىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان)، جىن شۇرېننىڭ يېقىنى بولۇپ، جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىلى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. جاڭ پېيۈەن شەھۋانىلىقتا چېكىدىن ئاشقان ئۆكتەم ئادەم ئىدى. ئەلىدا ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتىپ، ئۆزى قوشۇمچە دىۋىزىيە باشلىقى بولىۋالغان. ئۇزۇن ۋاقىت شىنجاڭنىڭ يۇقۇرى ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش قارا نىيىتىدە بولۇپ كەلگەن. 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، شېڭ شىسەي شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولدى، بۇنىڭدىن جاڭ پېيۈەن قاتتىق نارازى بولدى ۋە شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش غەرىزىدە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇرۇن جىن شۇرېننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن بىر قىسىم كىشىلەر مەسىلەن: ياڭ جىڭجۇڭ (خېجۇلۇق، باندىتلارنى تازىلاش قىسىملىرىغا قوماندان بولغان، قەبىھ - مۇتەھەم ئادەم. جىن شۇرېن يىقىلغاندا گۇيخۇاجۇن قىسىملىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشقان، سەندۇخوزىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بېرىپ ماجۇڭيىڭ قىسمىدا مۇئاۋىن دىۋىزىيە باشلىقى بولغان) ۋە بىر قىسىم مەمۇرى خادىملار ئىلىغا بېرىپ جاڭ پېيۈەننى ھامى قىلدى ۋە ئۇنى جىن شۇرېن ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا كۈشكۈرتتى. شۇ يىلى 7 - ، 8 - ئايلار- دا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى خۇاڭ مۇسۇڭ ۋە خارجى ئىشلار مىنىستىرى قوشۇمچە ئەدلىيە مىنىستىرى لوۋېنگەننى شىنجاڭدىن ھال سوراش ئەلچىسى قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، مەركەزگە ۋاكالىتەن لىيۈۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ رەسمى خىزمەت قوبۇل قىلىش قەسەمىيات مۇراسىمىنى نازارەت



قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن لوۋېنگەن غۇلجىغا بېرىپ جاڭ- پېيۈەننىڭ يېڭى 8 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى بولغانلىقىغا كېپىللىك قىلىدۇ. لوۋېنگەن بۇ ئارىلىقتا يەنە جاڭ پېيۈەن بىلەن ماجۇڭيىڭنى ياخشىلاشتۇرۇپ، ياخشىلىق - يامانلىقتا بىللە بولىدىغان قېرىنداشلاردىن بولۇپ، شېڭ شىسەينى يىقىتىشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنى توساپ زىمىننى قوغداشقا رىغبەتلەندۈردۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جاڭ پېيۈەن ھەركەت قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ كاندۋاي باشلىقى شۇ خۇەنجاڭنى (خېجۇلۇق) ئۈرۈمچىگە ھەركەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ گۇيخۇاجۇن قوشۇن- لىرىنىڭ جاڭ پېيۈەنگە قوشۇلۇشى توغرىسىدا ئالاقە قىلىۋاتقان- دا، شېڭ شىسەي سېزىپ قېلىپ ئۇنى قولغا ئالدى. شېڭ شىسەي يەنە بۇرۇن ئىلىدا تۇرغان، كېيىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن دىۋىزىيە باشلىقى شىن جەنچىڭ (شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى 25 - لۇيىنىڭ لۇيجاڭى ۋاڭ شيۇجۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن شىنجاڭغا كىرگەن، ئۇنىڭ شەرقىي شىمال ئارمىيىسى ئىچىدە خېلى ئابرويى بار، ئىلىدا تۇرغاندا جاڭ پېيۈەن بىلەن يېقىن ئۆتكەن) بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىۋى شى شىچاڭنى ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋاتقان زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىلىغا ئەۋەتتى ۋە جاڭ پېيۈەننى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى- نىڭ ياردەمچى ۋالىسى قىلىپ تەيىنلىدى. بىراق جاڭ پېيۈەن- گە قوشۇلغان ياڭ جىڭجۇڭ بۇيرۇققا بىنائەن شىن جەنچىڭنى ئۈرۈمچىگە قايتىش يولىدا ئۆلتۈرۋەتتى، شى شىچاڭ بىرەيلەنلا ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەلدى. شۇ يىلى 12 - ئاي ئىچىدە جاڭ-

پېيىۋەن بىلەن ماجۇڭيىڭ بىرلىشىپ شەرق ۋە غەرپ تەرەپتىن ئەسكەر چىقىرىپ ئۆلكە مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىپ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولدى. ياڭ جېڭجۇڭ جاڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بىر دىۋىزىيە ئەسكەرنى ئېلىپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ جىڭ، شىخۇلارنى ئىشغال قىلدى ۋە ماناسقا قاراپ يۈرۈش قىلدى. شېڭ شىسەي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇجاڭى ليۇبىڭ (شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىن) نى قايتارما زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى. بىزنىڭ 1 ـ ئاتلىق تۇەنىمىز ئالدىنقى قىسىم بولۇپ ماناسقا كېلىپ، ماناسنىڭ قىرىق چاقىرىم نېرىسىدىكى ئۇلاۋسۇدا تۇردۇق ۋە رازۋېتكا قىلغان مەلۇماتتىن ياڭ جېڭجۇڭنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى كۇيتۇڭغا (ئۇلاۋسۇنىڭ 80 چاقىرىم نېرىسىدا) يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۇق.

ماناس بىلەن ئۇلاۋسۇ ئارىلىقىدا كەنتلەر ئاندا ـ ساندىلا ئۇچرايتتى. تېرىلغۇ يەرلەر ئاز بولۇپ، ئاساسەن قۇمۇشلۇق ۋە چاتقاللىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بارلىق كەنتلەردىكى چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ چۆرى، خوتۇن ـ بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆي ئىچىدە، قورا ۋە تام بويلىرىدا جەسەتلەر تاشلىنىپ ياتاتتى. بەزىلەرنىڭ قوساقلىرى يېرىلغان، بەزىلەرنىڭ كۆزلىرى ئويۇلغان بولۇپ، كىشى قاراشقا پېتىنالمايتتى. بۇنىڭدىن بىزنىڭ تۇەندىكى جەڭچىلەر قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ھوشيارلىقى ئۆستى. ھەممەيلەن: «بىز ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ» دېيىشتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى جاڭ جىزۇ تۇەنجاڭ بىلەن مۇئاۋىن تۇەنجاڭ سۇشىجې ۋە مەن مۇشۇ ئىش توغرىسىدا



مەسلىھەتلىشىپ، ھەر قايسى ليەن، پەي كوماندىرلىرىنى يىغىپ كۆپچىلىككە يولبويى ئۇچرىغان ئۆلتۈرۈلگەن پۇقرالارنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردۇق ۋە مۇشۇنداق پەيتتە ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى، ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىلماسلىقنى تەكىتلىدۇق، شۇنداقلا ھەر قايسى ليەن، پەي كوماندىرلىرىغا ھەر قايسى بەنلەردىكى قېرىنداشلارنىڭ بۇ قېتىم ياڭ جېڭجۇڭ قىسىملىرى بىلەن ئۇچراشقاندا يۇقۇرقى سۆزلەرنى ئۈنلۈك ئاۋازدا جاكالىشىنى جېكىلىدۇق. چۈنكى ياڭ جېڭجۇڭ قوشۇنىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇ ۋە شىۋە مىللەتلىرىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاۋاز قوشۇشى چوقۇم ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا يەنە «مىلتىقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىڭلار، ئۆز ئادەملەر ئۆز ئارا ئېتىشمايلى، قوشۇنىمىز يېتىشىپ كەلگەندە بىزگە قوشۇلۇپ ياڭ جېڭجۇڭغا زەربە بېرىڭلار، بىللە بولۇشنى خالىمىغانلارنىڭ كېتىش ئەركىنلىكى بار» دەپ توۋلاشنى جېكىلىدۇق، ئىككىنچى كۈنى سەھەردە بىزنىڭ تۇەن سەندىخوزىغا (ھازىرقى ساۋەن ناھىيىسى) يېتىپ كەلگەندە ياڭ جېڭجۇڭنىڭ ئالدىنقى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق، بىزنىڭ تۇەن ئىستىھكاملارغا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن ھەر قايسى بەنلەرنىڭ جەڭچىلىرى: «ئۆز ئادەملەر ئېتىشمايلى....» دەپ ئۈنلۈك ۋاقىراشقا باشلىدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن قارشى تەرەپ مىلتىقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. بىزنىڭ ھەر قايسى ليەنلىرىمىز ئات چاپتۇرۇپ، ئاتاكىغا ئۆتتى، قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تەسلىم بولۇپ، بىزگە ئەگىشىپ ماڭدى، بىزگە ئەگىشىشنى خالىمىغانلار قورالنى تاپشۇرغاندىن كېيىن چۆل ـ باياۋانغا قاراپ كېتىشتى، بۇ چاغدا ياڭ جېڭجۇڭـ

نىڭ كېيىنكى قىسىملىرى قوشۇنىمىزنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچراپ مەغلۇپ بولۇپ پىتىراپ كېتىشتى. بىز ئۇلارنى كۆيتۈڭغىچە قوغلاپ بېرىپ دۈشمەننىڭ 200 دىن ئارتۇق ئۈستى يېپىق ئاپتوموبىل، رادىئو پرىيومنىك، ھەربىي لازىمەتلىكلەر، ئوق - دورا قاتارلىقلارنى غەنىمەت ئالدۇق. بىزنىڭ تۇەن 60 نەپەردىن كۆپ ئەسكەرنى تولۇقلىدى. باشقا ئەترەتلەرمۇ 400 دىن كۆپ دۈشمەن ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدى. 3 - كۈنى بىزنىڭ تۇەن يەنىسخەيگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا ياڭ جېڭجۇڭ قىسىملىرى بۇزۇلۇپ - چېچىلىپ كەتكەچكە ئۆزى 50 - 40 چە قالدۇق ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شىخو ئارقىلىق غۇلجىغا قاراپ قاچقان (كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بېرىپ ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدا مۇئاۋىن دىۋىزىيە باشلىقى بولدى). بىز ئۇدا 3 كۈن يۈرۈش قىلىپ چىگىشۇر (جىڭ ناھىيىسىنىڭ 80 چاقىرىم يېرىدە) غا كەلگىچە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى سەندۇخوزا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى.

بىزنىڭ تۇەن چىگىشۇرغا جايلىشىپ 3 - كۈنى قوماندان ليۇبىڭ ئۆزىگە قاراشلىق قىسىملارنى باشلاپ شىخودىن يېتىپ كەلدى ۋە بوزىيەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ پېيىۈەننىڭ مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان مازا دىگەن يەردە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى بىزگە ئۇقتۇردى. بىزنىڭ تۇەننى قايتىپ بېرىپ شىخودا تۇرۇشنى، چىگىشۇردا بىر لىيەن ئەسكەر قالدۇرۇشنى بۇيرۇدى. 2 - كۈنى سەھەردە قوماندان ليۇبىڭ قىسىملىرىنى باشلاپ بوزىيەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىق ۋە گارنىزون قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرماق



بولۇپ ئىلىغا كەتتى.

جاڭ پېيىۈەننىڭ مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىغا كەلسەك، ئەسلى ئۇ ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ شەرق - غەرپ تەرەپتىن شېڭ شىسەينى ئوتتۇرىغا ئېلىپ زەربە بەرسەك، غەلىبە قىلىشىمىزدا شەك يوق دەپ ئويلىغان، بىراق ئۇ شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى ۋەزىيىتىنى پەملىيەلمىدى:

① خەنزۇ ئەسكەرلەر ھەر قايسى ناھىيىدىكى خەنزۇ پۇقرالارنىڭ قىرغىن قىلىنىشىدەك پاجىئەلىك ئەھۋالنى كۆردى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىلىشنى خالىمىدى، ئەكسىنچە ھەممەيلەن ئاكتىپلىق بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئۆز ئارا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى.

② جاڭ پېيىۈەن دىۋىزىيە باشلىقى شىن جەنچىڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش بىلەن شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىكى كوماندىر- جەڭچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھىسداشلىقىنى يوقۇتۇپ نازارىلىق ۋە غەزەپ - نەپرىتىنى كۈچەيتتى.

③ ياڭ جېڭجۇڭ شىخونى ئىگەللىگەندىن كېيىن داۋاملىق يۈرۈش قىلماي ۋاقىتنى بىر ھەپتىدەك كېچىكتۈرۈپ، تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ يولۋاسلارنىڭ ئېلىشىشىنى تاماشا قىلغاندەك، ئارىدىن پايدا ئېلىش كويىدا بولدى.

④ ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغىنى شۇكى، ماجۇڭيىڭ ئۆلكە مەركىزىگە ھۇجۇم قىلغان پەيتتە شېڭ شىسەي سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەسكەر كىرگۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى قورغاس چېگرىسىدىن ئۆتۈپ جاڭ پېيىۈەننىڭ ئۇۋىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم

قىلدى ۋە كۈرە شەھرىگە قىستاپ كەلدى. ئايروپىلانلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ بومباردىمان قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى ئاڭلاپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شىنجاڭغا كىنەز بولۇشتەك شېرىن چۈشى كۆپۈككە ئايلاندى. نەتىجىدە ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن باشقا چىقىش يولى تاپالمىدى.

## 5. سانجى تۇدۇڭخابا ئۇرۇشى ۋە دىخۇانى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇرۇشى

1933 ـ يىلى قىش پەسلى، بىزنىڭ تۇەن ئۇلاۋسۇـ سەندۇخوزا ئۇرۇشىدىن كېيىن شىخونى مۇداپىئە قىلىپ تۇردۇق. 1934 ـ يىلى 1 ـ ئايلاردا شېڭ شىسەينىڭ «ماجۇڭيىڭ دىخۇاغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، سىلەر ئالتايىسكى (سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى) لارغا جىددى ماسلىشىپ دىخۇانى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇڭلار ....» دېگەن جىددى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. جاڭ جىزۇ تۇەنجاڭ دەرھال قىسمىنى تەرتىپكە سېلىپ سانجىغا ئاتلاندى. بىز سانجىغا كەلگەندە ئالتايىسكىلار چۆچەك مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاۋدېشۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ماشىنا بىلەن سانجىغا كېلىپ بوپتۇ، بىز سانجىغا كەلمەستىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن سانجىدا تۇرۇشلۇق جاڭ يۇتاڭنىڭ 2 ـ تۇەندىكى بىر لىيەن ئەسكىرى ئاسىيلىق قىلىپ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قوشۇلغان. ماجۇڭيىڭ ئورۇمچىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئۆزىنىڭ خىل ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى



چىلانتورۇق ئەترىدىنى ۋە بىر لىيەن پىيادە ئەسكەرنى ماخۇسەننىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇدۇڭخابانى ئىگەللەشكە ئەۋەتتى ھەمدە ئىستىھكاملارنى ياساپ غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ شەرقتىن كېلىپ دىخۇانى قۇتۇلدۇرۇش يولىنى توساپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سانجى ئەتراپىدىكى يېزا پۇقرالىرىنى مەجبۇرى ئەسكەرلىككە ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 2 ـ ئاتلىق تۇەندە يۇ شىزۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر لىيەن ئەسكەرمۇ ئاسىيلىق قىلىپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا سانجىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بۇ، كىشىلەرنى ئەنسىزلىككە سېلىپ، ۋەزىيەتنى جىددىيلەشتۈرۋەتتى. بىزنىڭ تۇەن ۋە ئالتايىسكىلار سانجىغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا جاۋدېشۇ باش قوماندانلىق نامى بىلەن ھەر قايسى قىسىملارنى سانجى شەھرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا ئورۇنلاشتۇردى، 5 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە پۈتۈن قوشۇن ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ قېتىمقى تۇدۇڭخاباغا قىلىنغان ھۇجۇمدا ئالتايىسكىلار ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلدى. بىزنىڭ تۇەن ئوڭدىن، جاڭ يۇتاڭنىڭ 2 ـ ئاتلىق تۇەنى سولدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ھۇجۇم باشلانغاندىن كېيىن قارشى تەرەپ مۇھىم جايلارنى ئىگەللەپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، بىزنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتكەن قىسىملىرىمىزدا يارىدار بولغانلار ۋە ئۆلگەنلەرمۇ كۆپ بولدى. جىددى جەڭ چۈشكىچە داۋاملاشقاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى توساتتىن ئالتايىسكىلار تەرەپكە بۆسۈپ كىرىپ، ئالتايىسكىلارنىڭ 40 نەپەردىن ئارتۇق ئېغىر يارىدارلىرى ئولتۇرغان 4 ماشىنىسىنى ئادىمى بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئۇدۇل تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئالتايىسكىلار يېڭىلىپ ئارقىغا چېكىنگەندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى

قوغلاپ شەھەرنىڭ ئەتراپىغىچە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىككى قاناتتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن قىسىملىرىمىزمۇ نائىلاج چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىم بىزنىڭ تۈەندىن 8 ـ 9 چە كىشى ياردار بولدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى جاۋدېشۇ بىزنىڭ ئىگەر ـ يۈگەنلىك ئاتتىن 100 نى چىقىرىپ ئىتالىيىسكىلارنىڭ بىر لىيەن ئاتلىق ئەسكەر جابدۇشىغا بېرىشنى بۇيرىدى. ئىككىنچى كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە سىرتقا چىقماي 10 دانە زەمبىرەك بىلەن تۇدۇڭخاباغدىكى ئىستىھكاملارنى توپقا تۇتتۇق، ئايرۇپىلانلار ئالاھىدە رول ئوينىدى، ھەر قېتىمدا 3 دانە ئايرۇپىلان نۆۋەتلىشىپ (جەمئىي 12 دانە ئايرۇپىلان بولۇپ، ماناس ناھىيىسىدىكى ئايرودورومغا قوناتتى ۋە شۇ يەردىن ئۇچاتتى) بومباردىمان قىلدى. 7 ـ كۈنىدىن كېيىن گۇچۇڭ ۋە فۇكاڭدىكى 3 ـ، 4 ـ ئاتلىق تۈەن لياڭ چىۋىن، مادىشەنلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەندوبادىن سانجىغا كەلدى. جاۋدېشۇ بىزنىڭ تۈەننى ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئىتالىيىسكىلارنىڭ پىيادە قىسمىنى ئارقىدىن كېلىشكە، جاڭ يۈتاڭ قوشۇنى بىلەن يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىتالىيىسكى ئاتلىق لىيەننى ئوڭدىن تۇدۇڭخابانىڭ يۇقۇرى ئېقىمى ۋە شىمەنگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇمچىنى مۇھاسىرىدىن بوشۇتۇشنى؛ مادىشەن ئاتلىق تۈەننى سولدىن تۇدۇڭخابانىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا ھۇجۇم قىلىپ سىشىخو بىلەن ئۇرۇمچىنى مۇھاسىرىدىن بوشۇتۇشقا، لياڭ چىۋىن ئاتلىق تۈەننى سول تەرەپتىن ئەگىپ گۇمۇدىغا بېرىپ ئاندىن ليۇداۋان ئارقىلىق ئۇرۇمچىنى مۇھاسىرىدىن بوشىتىشنى بۇيرۇق قىلدى؛

8 ـ كۈنى (قەمەرىيە 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى) سەھەردە ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم باشلاندى. بىزنىڭ ئۇدا بىر نەچچە كۈن



توپقا تۇتۇشىمىز نەتىجىسىدە تۇدۇڭخاباغدىكى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرى ياردار بولغان ۋە ئۆلگەن بولۇپ، ئىستىھكاملىرى بىت ـ چىت قىلىنغان ئىدى. ھازىر بىزنىڭ زەمبىرەك ۋە ئايرۇپىلانلىرىمىزنىڭ ماسلىشىپ قاتتىق ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە بىر سائەتكە بارماي دۈشمەن پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. بىزنىڭ تۈەن غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ، دادىيوپۇدىن خېسەنتۇغىچە قوغلاپ باردى. يول ئۈستىدە گەرچە ئۇششاق قارشىلىقلار بولغان بولسىمۇ، ئارمىيىمىز تەرەپتىن تارمار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن دىخۇا (توپ ـ توغرا بىر ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىنغان ئىدى) مۇھاسىرىسى بوشىتىلدى. بىزنىڭ تۈەن كونا شەرقىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى سىناق مەيدانىدا تۇردى. بۇ چاغدا دىخۇانى تومان باسقان بولۇپ، ئۇدۇلدىكى ئادەمنى كۆرگىلى بولمايتتى. تومان خۇددى يەردىن بوقسۇپ چىقىۋاتقاندەك ناھايىتى قېلىن ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ئۈرۈمچىدە تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ تومان قەمەرىيە 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاندىن تارقاپ تۈگىدى. تۇدۇڭخاباغا ھۇجۇم قىلىش ۋە دىخۇانى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۇرۇشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

2 ـ كۈنى قەمەرىيە 1 ـ ئايغا بىر بولۇپ، بىزنىڭ تۈەن يەنە دۈشمەننى قوغلاپ يوقىتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، جىمجىساۋزىغا كېلىپ تۇردۇق. بۇ چاغدا تومان تېخى تارقىمىغان بولۇپ، (دىخۇا بىلەن جىمجىساۋزىنىڭ ئارىلىقى 40 چاقىرىم كېلەتتى) ئۇدۇلدىكى ئادەمنى كۆرگىلى بولمايتتى، بىز 3 يولغا بۆلۈنۈپ تىنتىپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. توماندا دۈشمەننى پەرق ئېتىش قىيىن، ياڭچاڭزىگو ئەتراپىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ

بولغاچقا، يوشۇرۇن زەربىگە ئۇچراپ قالمايلى، دەپ ئېھتىيات بىلەن يۈرۈش قىلدۇق. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن كۆزلىگەن جايغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىجىساۋزىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىمۇ خېلىلا مۇرەككەپ ئىدى. چوڭ ـ كىچىك توپا دۆڭلەر كۆپ بولۇپ بۇ جايدا قوغدىنىش قىيىن ئىدى. جىن شۇرېننىڭ ۋاقتىدا 4 ليەن پىيادە ئەسكەر مۇشۇ جايدا تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچراپ پۈتۈنلەي يوقىتىلغان ئىدى، شۇڭا ئالدىنقىلاردىن ئىبرەت ئالماي سەللا بىخەستىلىك قىلىنسا ھالاك بولۇش تۇرغانلا گەپ ئىدى. بىز ئاشۇ تۇمانلىق 15 كۈن ئىچىدە تا 16 ـ كۈنى تۇمان تارقىلىپ، شىڭ شىسەي داۋانچىڭغا ھۇجۇم قىلىدىغان قىسىملارنى ئېۋەتكەنگە قەدەر ھەر قايسى ليەنلەرنىڭ كۆزەتچىلىك ۋە چارلاش ئىشلىرىنى كۈچەيتتۇق. شۇنىڭ بىلەن 2 ـ قېتىملىق داۋانچىڭ ئۇرۇشى يەنە باشلاندى.

شۇ چاغدا بىز «ئەگەر قېلىن تۇمان سەۋدۇي بولمىغان بولسا، ئۇرۇمچىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرغانىنىڭ 2 ـ كۈنىلا (قەمەرىيە 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) ئارمىيىمىزنىڭ ئاتلىق، توپچى، ئاپتوموبىل، ئاۋئىئاتسىيە قىسىملىرى ئومۇمىي يۈزلۈك قوغلاپ ھۇجۇم قىلغان بولسا، ماجۇڭيىڭ چوقۇم جىجىساۋزا ۋە سەيۇۋپۇ ئەتراپىدىكى چۆلدە يوقىتىلغان بولاتتى» دېيىشكەن ئىدۇق. ئەپسۇسكى ھاۋا توساتتىن ئۆزگىرىپ قالغاچقا، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قۇتۇلۇشقا پۇرسەت تېپىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ كېتىشتى. ماجۇڭيىڭ بىلەن جاڭ پېييۈەننىڭ ئۆز ئارا بىرلىشىپ شەرق ۋە غەرپتىن ئەسكەر چىقىرىپ، شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش خام خىيالى پۈتۈنلەي بەربات بولدى. نەتىجىدە بىرسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، يەنە بىرى



بولسا مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئاساس يارىتىلدى.

## 6. ئىككىنچى قېتىملىق داۋانچىڭ ئۇرۇشى

1934 ـ يىلى باھاردا بىزنىڭ تۆەن جىجىساۋزىدا مۇداپىئەدە تۇردى. قەمەرىيە 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شېڭ شىسەي داۋانچىڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئاتلىق، توپچى، پىيادە، ھەربىي لازىمەتلىكلەر قىسمى بولۇپ، 3 ـ 4 مىڭدەك ئادەمنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بىر يەرگە يىغدى. 2 ـ كۈنى بىز يەنىلا ئالدىنقى قىسىم بولۇپ سەيۇۋپۇ ئارقىلىق داۋانچىڭغا يۈرۈپ كەتتۇق. 2 كۈنگىچە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدۇق. پۇقرالار: «ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا چېكىنىپ تاققا چىقىپ كەتتى» دېدى. 3 ـ كۈنى بىز بۇيرۇققا بىنائەن سولدىن، مادىيەن تۆەنى ئوڭدىن ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان بولۇپ، ئوتتۇرىدىن ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى ئالتايىسكى قىسىملىرى بىلەن توپچى قىسىملارغا تاپشۇرۇلدى. ھۇجۇم باشلانغاندىن كېيىن بىزنىڭ 12 دانە ئايرۇپىلان ھەر قېتىمدا 3 ئايرۇپىلان بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئالمىشىپ ئوققا تۇتۇپ بومباردىمان قىلدى. ئوق، زەمبىرەك ئاۋازى تاغ ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇ چاغدا مەن ئىككى جەڭچى بىلەن ئايرۇپىلان ئوققا تۇتىدىغان نىشاننى ياغاچ يايما ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىشكە مەسئۇل بولدۇم، ئايرۇپىلان بىزنىڭ يېنىمىزدىكى ياغاچ يايما ئۈستىدىن پەس ئۇچۇپ ئۆتكەندە (مەن دەرھال ياغاچ يايما كۆرسەتكۈچـ نىڭ ئەتراپىدا يېتىۋالاتتىم)، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان شامال

كۆچى شىغىللارنى ئۇچۇرتۇپ، ئادەمنىمۇ ئۆرۈۋەتكىدەك قىلاتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئايرۇپىلان قارشى تەرەپنىڭ ئورۇش سېپىنى ئوققا تۇتۇپ بومباردىمان قىلاتتى. جىددى جەڭ ئىككىنچى كۈنى چۈشكىچە داۋاملاشتى، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. كۆپ قىسىم ئېگىزلىك ۋە ئاساسلىق جايلار بىزنىڭ ئوق، سىۋادىن ۋە ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلغان جەڭچىلىرىمىز تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىپ، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى چېكىنىشكە باشلىدى. ئارمىيىمىز داۋانچىڭنى ئېلىپ، تاغ ئېغىزىغا كىرىپ، جىلغىلاردىن ئۆتۈپ بەيياڭخېغا يېتىپ كەلدى، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بولسا، توخسۇن تەرەپكە قاچتى.

شۇ چاغدا قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسىملار ئىككى يولغا بۆلۈندى. بىرىنچى يول توخسۇن تەرەپكە قالدۇق قىسىملارنى قوغلاپ كەتتى، يەنە بىر يول تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى. بىز بۇيرۇققا بىنائەن، تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدۇق. تۇرپانغا 40 چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە بارغىچە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماي، بىراقلا تۇرپانغا كىرىپ، ئارقىدىنلا پىچاننىمۇ قايتۇرۇپ ئالدۇق. يەنە بىر يولدىكى ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى قوغلاپ ماڭغان قىسىم توخسۇننى قايتۇرۇپ ئېلىپ ماجۇڭيىڭنى جەنۇبىي شىنجاڭغىچە قوغلاپ كەتتى. ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن سوۋېتكە چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ بىر نەچچە يىل ئىگەللەپ ياتقان 3 ناھىيە شۇنداقلا قاراشەھەردىن قەشقەرگىچە بولغان ھەر قايسى ناھىيە ۋە رايونلار پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ ئېلىنىپ، قاتناش ۋە ئامانلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئاخىرىدا بىزنىڭ



تۈەن بۇيرۇققا بىنائەن تۇرپانغا جايلاشتى. شۇنداق قىلىپ ئىككىنچى قېتىملىق داۋانچىڭنى ئېلىش ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى.

## 7. جىمساردا مۇداپىئەلىنىپ، گۇچۇڭ ۋە دىخۇانىڭ قاتنىشىنى قوغداش

1934 ـ يىلى كۈزدە دىخۇا بىلەن گۇچۇڭ ئارىلىقىدىكى خېيگۇ، خۇاڭشەنزە، دۇڭشۇۋۇزا ئەتراپىدا دائىم دىگەندەك پۇقرالارغا چېقىلىپ، چارۋىچىلارنى ۋە سودا كارۋانلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ قاچىدىغان بۇلاڭچىلار پەيدا بولۇپ قالدى. بىز فۇكاڭدا مۇداپىئەلىنىشكە ئېۋەتىلدۇق. شتاۋىمىز سەنتەيدە تۇرغۇزۇلدى. 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ لىيەنلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا فۇكاڭ، زىنچۈەنزى، جىمسار قاتارلىق جايلاردا تۇرغۇزۇلۇپ، يولوچىلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويۇشقا ۋە قاتناش ئامانلىقىنى ساقلاپ، قاراقچىلارنى تۇتۇشقا مەسئۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن يەرلىك پۇقرالارنىڭ ئامانلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىشى مۇھاپىزەت قىلىندى، بىر نەچچە قېتىم قاراقچىلارنى شىمالى قۇملۇققىچە قوغلاپ بېرىپ قاراقچىلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن بىر نەچچە يۈز تۇياق قوي ۋە كالىلار قايتۇرۇپ كېلىندى. 1935 ـ يىلى يازدا بىزنىڭ تۈەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، مەن دۇبەن مەھكىمىسى كانۋايلار باشقارمىسىغا خىزمەتكە يۆتكەلدىم، ئۇزۇن ئۆتمەي مەن يەنە ئامانلىقنى قوغداش باش ئىدارىسى ئامانلىقنى قوغداش چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدۇم، كېيىنچە ئامانلىقنى قوغداش شۆبە ئىدارىسىدا بۆلۈم باشلىقى بولۇپ، ماناس، چەرچەن ناھىيىلىرىنىڭ ج خ ئىدارە باشلىقى،

قارا شەھەر، ئىلى ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارە باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم، جاڭ جىزۇ تۆەنجاڭ قورال زاۋۇتىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىغا يۆتكەلدى (كېيىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى).

## 8. ئامانلىقنى قوغداش چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان چاغلىرىمدا ئاسىيلىق قىلغان ئەسكەرلەرنى قولغا ئېلىشقا ئىككى قېتىم ئەسكەر باشلاپ چىققانلىقىمنىڭ جەريانى

1936 ـ يىلى 8 ـ ئايلاردا گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق ما دىشەننىڭ ئاتلىق تۆەنى ئىچىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئاسىيلىق قىلدى (بۇلار ماجۇڭيىڭنىڭ گەنسۇدىن تۇتۇپ كەلگەن ئەسكەرلىرىدىن ئەسىرگە ئېلىنغانلار بولۇپ، ئۇلار ئەسلى يۇرتىغا قايتىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ يول خىراجىتى يوق بولغاچقا ھەم رۇخسەت قىلىنمىغاچقا، بەزىلەرنىڭ ھەركەت قىلىشى بىلەن ئۇلار مال ـ مۈلۈك بۇلاپ قوراللىق ھالدا يۇرتلىرىغا قېچىپ كەتمەكچى بولغان). شۇ چاغدا شېڭ شىسەي ئامانلىقنى قوغداش باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يىۋۇنى مېنىڭ باشچىلىقىمدىكى ئامانلىقنى ساقلاش چوڭ ئەترىتىدىن 100 ئەسكەر ۋە دۇبەن مەھكىمە تەلىم ـ تەربىيە 2 ـ يىڭدىن ياۋچيڭنىڭ باشچىلىقىدىكى 400 نەپەر پىيادىلەر قىسمىنى باشلاپ گۇچۇڭغا بېرىپ خاتىرجەملەندۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە ئەۋەتتى. بىز يولغا چىقىپ گۇچۇڭغا كەلگەندە ئاسىيلارنىڭ باشلىقى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، ۋەقە تىنجىتىلغان ئىدى. ئەگەشكۈچىلەرنىڭ



بىر قىسمى قوراللىرىنى تاشلاپ تاققا قېچىپ كېتىشكەن ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن جاڭ يىۋۇ جۇيجاڭ بىزنى باشلاپ گۇچۇڭ تاغلىرىنى 3 كۈن ئاختۇرۇپ، ئاسىيلاردىن 6 كىشىنى قولغا ئالدى، سوراق قىلىپ ئۇلاردىن باشقا كىشى يوقلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، گۇچۇڭغا قايتىپ كەلدۇق. جاڭ يىۋۇ گۇچۇڭدا بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن قىسىملىرىنى باشلاپ ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ كەتتى. 9 ـ ئايدا يەنە قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار ئىچىدە ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. شېڭ شىسەي ئامانلىقنى قوغداش باش ئىدارىسى ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ساۋ تيەنجۇ (كېيىن ج خ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇپ، ئىلى ۋەقەسىدە ئۆلگەن) بىلەن مېنى ئامانلىقنى قوغداش چوڭ ئەترىتىنىڭ يۈز نەپەر ئەسكىرىنى باشلاپ قارا شەھەردىكى توپىلاڭچىلارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. بىز قارا شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە ۋەقە ئاساسى جەھەتتىن تىنجىتىلغان بولۇپ، توپىلاڭغا باشچىلىق قىلغان بىر نەچچە كىشى ئۆلتۈرۈلگەندىن سىرت، ئەگەشكۈچىلەردىن 500 كىشى قولغا ئېلىنىپ ئامانلىقنى قوغداش ئىدارىسىغا قامىلىپتۇ. ساۋتيەنجۇ مەسئۇل بولۇپ سوراق قىلغاندىن كېيىن، بىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، 4 نەپىرىنى قاماققا ئېلىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئەنزە بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، ساۋ مېنى قارا شەھەر رايونلۇق ئامانلىقنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى قىلىپ بەلگىلەپ، ئۆزى ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئۆلكە مەركىزىگە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەربىي ساھەدىن ئايرىلىپ، ئامانلىقنى ساقلاش ۋە ج خ خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە باشلىدىم.

يۇقۇرقىلار مەن بىۋاستە قاتناشقان ھەر قايسى جەڭلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، بۇ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكىلى 40 نەچچە يىل بولغاچقا، پەقەت بىزنىڭ ئاتلىق 1- تۈمەن قاتناشقان جەڭلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بايان قىلىش بىلەن چەكلەندىم. قېرىنداش قىسىملارنىڭ ماسلىشىشى ۋە پۈتۈن ئارمىيىنىڭ جەڭ پىلانى، ئورۇنلاشتۇرۇشى قاتارلىقلارنى تولۇق بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بىلگىنىمچە يېزىپ پايدىلىنىشقا سۇندۇم.



# شىنجاڭ تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى

شېڭ خۇڭدې

شىنجاڭدا تېلېگراف ئىدارىسى 1909- يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئەينى چاغدىكى تېلېگراف ئىدارىلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ناچار، خادىملىرى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەسپىي باشقۇرۇش بىلىمى كەم بولغانلىقتىن، تۈرلەرنىڭ ياموُلى بولۇپ قالغان ئىدى. 1922- يىلى سۇڭ فۇشۇي، ۋاڭ دۇنەن، ۋاڭ كېچىڭلار بېيجىڭ پوچتا- تېلېگراف مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ، تېلېگراف- پوچتا نازارەتچىسى فىڭ جىڭشۇي (خېنەنلىك بولۇپ ياڭ زېڭشىنىڭ ئارمىيە نازارەتچىسىنىڭ قېيىنى ئىنىسى) گە شىنجاڭ تېلېگراف كۇرسى ئېچىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، رادىست تەربىيىلەش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. مەن 1923- يىلى بۇ كۇرسقا ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىرىپ، 1926- يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تۇرپان تېلېگراف ئىدارىسى ۋە يەتتە قۇدۇق تېلېگراف بۆلۈمى قاتارلىق جايلاردا ئالتە يىلغا يېقىن رادىست بولۇپ ئىشلىدىم. شۇ چاغدىكى ئىشلاردىن ئېسىمدە قالغانلىرىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ تېلېگراف ئىشلىرى جەھەتتىكى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## 1. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تېلېگىراف ئىدارىلىرىنىڭ تەشكىلى ئەھۋالى

شىنجاڭدا ئەسلى تېلېگىراف ئىشلىرى باش ئىدارىسى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ تېلېگىراف ئىشلىرىغا نازارەت قىلىش ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، شىنجاڭ ـ چىڭخەي تېلېگىراف ئىشلىرى ئىدارىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. نامدا شىنجاڭ ـ چىڭخەي ئىككى ئۆلكىنىڭ تېلېگىراف ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ دېيىلگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تەۋە ئەمەس ئىدى. باش ئىدارىدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئىدارە، بۆلۈمنىڭ تېلېگىراف خىزمىتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن تېلېگىراف ئىشلىرى نازارەتچىسى، قوشۇمچە باش ئىدارە باشلىقلىقىغا بىر ئادەم قويۇلغان، تېلېگىراف ئىشلىرى كەسپىنى مەخسۇس باشقۇرۇش ئۈچۈن تېلېگىراف ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرۇشقا بىر ئادەم قويۇلغان؛ تېلېگىراف لىنىيىلىرىنى قۇرۇش، رېمونت خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش ئۈچۈن، لىنىيە قۇرۇلۇشىنى ئاساسلىق باشقۇرۇشقا بىر ئادەم قويۇلغان. بۇلاردىن باشقا كاتىۋات، ئاساسلىق پىلان تۈزۈشتىن ئىبارەت ئىككى بۆلۈم قۇرۇلۇپ، ھەر بىرسىگە بىردىن بۆلۈم باشلىقى تەيىنلەنگەن، شۇنداقلا كادىرلار ئىشلىرى، بۇغالتېرىيە، ئىستاتىستىكا قاتارلىق ئىشلارغا 10 نەچچە ئادەم قويۇلغان. باش ئىدارىدا 20 نەچچە كەسپىي خادىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر باش تېلېگىراف بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئىككى كەسپىي بەنجاڭ بەلگىلىنىپ، ئىككى ئىسمېنىلىق تۈزۈم يولغا قويۇلغان ئىدى. ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ـ



نىڭ 3 ـ ئىشخانىسىدا بىر مەخپىي تېلېگىراف بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، بىر كەسپىي باشلىق قويۇلغان ئىدى، مۇھىم مەخپىي تېلېگىرام بېرىش ۋە قوبۇل قىلىشتا نۆۋەتلىشىپ ئىشلەيدىغان 2 رادىست ئورۇنلاشتۇرۇلغان. باش ئىدارىدا يىگىرمە نەچچە سەييارە خادىم بولۇپ، بۇلار تېلېگىراف لىنىيىسى قۇرۇش، رېمونت قىلىشقا مەسئۇل قىلىنغان ئىدى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە باش ئىدارىغا قاراشلىق 30 نەچچە ناھىيىلىك تېلېگىراف ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، تېلېگىراف ئىشلىرىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ 3 دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇلاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئاقسۇدىن ئىبارەت ۋالىي تۇرۇشلۇق جايدىكى ئىدارىلار ھەم تۇرپان، قۇمۇل، شىخو قاتارلىق مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىدىكى ئىدارىلار 1 ـ دەرىجىلىك ئىدارە بولدى؛ باشقىلىرى، مەسىلەن، گۇچۇڭ، ماناس، كۇچار، قاراشەھەر، خوتەن، جىڭ قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئىدارىلار 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك ئىدارە بولدى. توقسۇن، پىچان، يەتتە قۇدۇق، شىڭشىڭشا، قورغاس، مورى، ئىركەشتام قاتارلىق جايلاردا تېلېگىراف بۆلۈمى قۇرۇلدى، تېلېگىراف بۆلۈملىرىگە پەقەت بىردىن رادىست، ئىككىدىن تەكشۈرگۈچى خادىم قويۇلدى.

شىنجاڭ تېلېگىراف كۇرسى تېلېگىراف ئىشلىرى باش ئىدارىسىغا قارايتتى، كۇرسانتلىققا 70 ـ 80 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئا، ب دەپ ئىككى سىنىپقا ئايرىلدى، ئوقۇش مۇددىتى 4 يىل قىلىندى، ئوقۇشتا ئەلاچى بولغانلار تاماق، ياتاق بىلەن تەمىن ئېتىلدى. كۇرسانتلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يېرىم يىل ياكى بىر يىل سىناپ ئىشلىتىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن رادىست قىلىپ

رەسىملەشتۈرۈلدى. شى تېڭيۈي (گەنسۇ ئۆلكىسى گەنگۇ ناھىيىسىدىن كەلگەن كونا زىيالىي)، سۇڭ فۇشۇي، ۋاڭ دۇنەن ۋە ۋاڭ كېچىڭ قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى، سۇڭ فۇشۇي ۋە ۋاڭ دۇنەن، ۋاڭ كېچىڭلار بېيجىڭ پوچتا - تېلېگراف مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار ئىدى. بۇ ئۆگىنىش كۇرسى شىڭ شىسەي مەزگىلىگە كەلگەندە باشقىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى.

## 2. كادىرلار ئىشلىرى ۋە كەسپىي ئىشلار

شىنجاڭ تېلېگراف ئىشلىرى باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەيىنلەيتتى، ئۇلارنىڭ تولىسى كونا تۆرىلەر بولۇپ، تېلېگراف كەسپىدىن زادى خەۋىرى يوق ئىدى. فىڭ جىڭشۇي بۇنىڭ بىر مىسالى ئىدى. ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، كەسپىي ئىشلار باشلىقلىرىغا كەلسەك، كۆپ ساندىكىسى كونا رادىستلاردىن بولۇپ، بۇلارنىڭ مائاشى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى، ئادەتتىكى رادىستلارنىڭ ئايلىق مائاشى ئەزدىھار سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كونا تەڭگە ھېساۋىدا 30 سەرچە تەڭگە ئىدى. لېكىن ئانچە - مۇنچە تاپاۋىتىمۇ بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ بېرىلىدىغان، قوبۇل قىلىنىدىغان تېلېگراممىنىڭ تەرجىمە ھەققى ئىدى. ئادەتتىكى سودىگەرلەر ۋە ئاممىدىن ھەر بىر خەت ئۈچۈن 1 پۇڭدىن تەرجىمە ھەققى ئېلىناتتى، شۇنداقلا بېرىلىدىغان تېلېگراممىنىڭ تەرجىمە ھەققىنى ئىدارە باشلىقىغىلا بېرىش، كەلگەن تېلېگراممىنىڭ تەرجىمە ھەققىنى كەسپىي ئىشلار باشلىقى بىلەن رادىستقا



بېرىش، بۇنى ھەر ئايدا ھېساپ قىلىپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن تەقسىم قىلىش بەلگىلەنگەن ئىدى. قەشقەر، تارباغاتاي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئىدارىلارنىڭ تېلېگرام تەرجىمە ھەققىدىن تاپقان تاپاۋىتى بەزى چاغلاردا ئۆزىنىڭ مائاشىدىن ئېشىپ كېتەتتى.

ھەر قايسى ئىدارىلار ئىشلىتىدىغان تېلېگراف ئاپپاراتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كونا، ئەبجەغى چىقىپ كەتكەن بولۇپ، زادىلا يېڭىلانمىدى. جايلاردىكى تېلېگراف لىنىيىلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى رېمونت قىلىنمىغانلىقى، تېلېگراف ئىستولبىلىرى ئۆرۈلۈپ، سىملىرى ئۈزۈلۈپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە 10 كۈن، يېرىم ئاي تېلېگراف ئىشلىرى توختاپ قالاتتى. شۇڭا بەزى كىشىلەر ئۇنى «تۆگە تېلېگرام» دەپ ئاتىشاتتى. 1922 - يىلىدىن كېيىن بولسا كېرەك مەركىزىي قاتناش مىنىستىرلىكى لۇي باۋرۇنى (كېيىن فەن ياۋنەننىڭ ياڭ زېڭشىننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئەنزىسىگە چېتىلىپ قېلىپ، جىن شۇرېن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن) ئەۋەتتى. گوگۇڭبىيەن، ۋاڭ زىشيۇ قاتارلىق 10 نەچچە كىشى ئۈرۈمچى دۇڭمىڭ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا بىر سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇپ، ئىگىزلىكى بىر قانچە 10 جاڭ كېلىدىغان تۆمۈر مۇناردىن 3 نى ئورناتتى. بۇ ئىستانسا پۈتتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاپپاراتتىن دائىم كاشىلا چىقىپ، تېلېگرام بېرىش ئىشى ئۈزۈلۈپ قالدى. لۇي باۋرۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشقا مەسئۇل بولۇشقا ئادەم چىقمىدى، شىڭ شىسەي مەزگىلىگە كەلگەندە بۇ ئىستانسا چۇۋۇپ تاشلاندى.

جىن شۇرېن شىنجاڭدا ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان مەزگىلدە

ھەممە يەردە يېغىلىق بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى تېلېگراف ئىدارىلىرى، تېلېگراف بۆلۈملىرى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىلدى، تېلېگراف لىنىيىلىرىمۇ بۇزۇپ تاشلاندى، كۆپ قىسىم تېلېگراف خادىملىرى ئۆلتۈرۈلدى. جىن شۇرېننىڭ تەختى گۇم بولغاندىن كېيىن شېڭ شىسەي ھوقۇق تۇتۇپ قاتناش باشقارمىسى قۇرۇپ، سىملىق تېلېگراف ئىشلىرىمىزنى تەرتىپكە سالدى، شۇنىڭدىن كېيىن تېلېگراف ئىشلىرى تەدرىجى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

## 3. يەتتە قۇدۇق تېلېگراف بۆلۈمىدە ئىشلەش جەريانىدا كۆرگەن بەزى ئەھۋاللار

يەتتە قۇدۇق — 100 چاقىرىملىق شامال ئۆتەڭلىرىنىڭ بىرى، قۇملۇقنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، يىل بويى بوران چىقىپ، قۇم - توپا ئۇچۇپ تۇرىدىغان جاي ئىدى. گەرچە بۇ جاي چۆل بولسىمۇ، قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى، يولدىن ئۆتىدىغان يولۇچىلار، سودىگەرلەر ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلىدىكى يەتتە قۇدۇقتا باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىش پىلانى يەتتە قۇدۇقتا شۆبە تېلېگراف بۆلۈمى قۇرۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، تېلېگراف بۆلۈمى، پوچتا بېكىتى ۋە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق بىر بەن ئەسكەر كۆپەيتىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەن 1930 - يىلى ئەتىيازدا تۇرپان تېلېگراف ئىدارىسىدىن بۇ تېلېگراف بۆلۈمىگە رادىستلىققا يۆتكىلىپ كەلدىم. تېلېگراف بۆلۈمىدە پەقەت مەن ۋە ئىككى تەكشۈرگۈچى خادىم بولۇپ، كەسپىي ئىشلار ئانچە ئالدىراش ئەمەس ئىدى.



تۇرپاندىكى چېغىمدا يەتتە قۇدۇق، شىڭشىڭشيا، داشىگۇدىن ئىبارەت 3 جاي ياڭ زېڭشىننىڭ مەخپىي ھالدا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان جايى دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. ياڭ زېڭشىن دائىم گۇناكارلارنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇش نامى بىلەن يۇقۇرىدا دېيىلگەن 3 جايدا مەخپىي ئېتىپ ئۆلتۈرەتتى. 1916 - يىلى 1 - ئايدا ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ يۈننەنلىك يۇرتدىشى بولغان يېڭجاڭ شادىڭ، لى يىڭنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، چېتىشلىق بولغان يۈننەنلىك نازىر، دوتەيلەرمۇ مەسىلەن، ليۇيىڭفۇ قاتارلىقلار مۇشۇ يەردە جېنىدىن ئايرىلغان. ياڭ زېڭشىن گېلاۋخۇي تەشكىلاتىغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى، شۇڭا ئۇ بىر قېتىمدىلا ئۈرۈمچىدىكى خۇنەن دۇمباق ئويۇنى تىياتىرخانىسىدىكى 10 نەچچە كىشىنى (گېلاۋخۇي تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىنى) يەتتە قۇدۇقتا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. يەتتە قۇدۇق تېلېگراف بۆلۈمىدىكى چېغىمدا شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان بىر خىل سېسىق پۇراق دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بىر كۈنى جەسەت كۆمۈش ئازگىلى كولايدىغان بىر پەي ئەسكەرنىڭ كەينىدىن بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ قۇم دۆۋىسى ئاستىدىن 20 نەچچە جەسەتنى كولاپ ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قاراپ تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى. بۇ مېنىڭ يەتتە قۇدۇق تېلېگراف بۆلۈمىدە ئىشلىگەن ۋاقتىمدا ئۇچراتقان بىر قىسىم ئەھۋاللار ئىدى.

# چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى بۇددا دىنى

جىن گوجىن

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن تارتىپ شىڭ شىسەي دەۋرىگىچە بولغان ئۈرۈمچىدىكى بۇتخانىلار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا بىر نەچچە قېتىم يېغىلىق بولۇپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلار پەيدىن-پەي ئازىيىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. ھەر قايسى ناھىيىلەردە چوڭ-چوڭ ئىبادەتخانىلار ۋە ئاۋالوكتېشۋارا بۇتخانىسى ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلاردا ئەقىدىلىك رەسمى راھىپلاردىن بىرەرسىمۇ يوق ئىدى. بۇتخانىغا قارايدىغانلار شاڭ كۆيدۈرگۈچى بۇتسۋالار ئىدى. يەنە كېلىپ بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ، نوم ئوقۇپ ئىستىقامەت قىلاتتى (بۇلار ئۇپاسىكا ۋە ئۇپاسىكايالار دەپمۇ ئاتىلاتتى). نوم ئوقۇيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى بوۋاي، موماي ۋە تۇل خوتۇنلار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پانى ئالەمدىكى ئىشلاردىن بىزار بولۇپ، بۇتقا چوقۇ-



نۇپ، تۇۋا-ئىستىغپار قىلىپ ئاخىرقى ئۆمرى ئۈچۈن بەخت تىلەيتتى؛ بەزىلىرى پانى ئالەمدىكى قىيىن تۇرمۇشتىن داتلىنىپ، كۆز ئالدىدىكى كۈلپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بۇتتىن مەدەت تىلەيتتى ۋە بۇتنىڭ بەخت-سائادەت كەلتۈرۈپ بالايى-ئاپەتنى يوقىتىشىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيتتى. ئۇلار ئۆيلىرىدە ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇنلىرى شاڭ كۆيدۈرۈپ سەجدە قىلاتتى، ئاۋالوكتېشۋاراغا ئاتاپ قىرائەت قىلىپ، ۋاجرا نوملىرىنى ئوقۇيتتى...... گۆشسىز غىزالىنىپ، مەۋجۇداتلارنىڭ جېنىغا زامىن بولماي يامانلىق قىلماي، نامراتلارغا سەدىقە بېرىپ، بالايى-ئاپەتنىڭ يوقىلىشىنى تىلەپ دۇئا-تەكبىر قىلىپ، كېيىنكى ئۆمرىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيتتى. ھەتتا ساۋاتسىز بۇددىسلارمۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن-كەچقۇرۇنلىرى شاڭ كۆيدۈرۈپ سەجدە قىلغاندا ساكيامۇنى ۋە ئاۋالوكتېشۋارا نامىنى ئاتايتتى. بۇددىسلار ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ بۇتقا سەجدە قىلىپ، ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش كۈنلىرىدە بۇتخانىغا بېرىپ بۇتقا سەجدە قىلىپ، سەدىقە قىلىپ، نوم ئوقۇيتتى ۋە بىرلىكتە غىزالىناتتى. شۇ چاغلاردا ناھىيىلەردە بۇتخانا يوق بولۇپ، ئۈرۈمچىدىلا تۆۋەندىكى بىر نەچچە بۇتخانا بار ئىدى.

(1) يۇدۇمىن بۇتخانىسى، يەنە بىر ئىسمى تەنشاڭمىن.

يۇدۇمىن—بۇددانىڭ كۈچىگە تايىنىپ كەڭ كۆلەمدە سەدىقە بېرىپ مەۋجۇداتلارنى قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇتخانىنىڭ ئورنى دۇبەن يامۇلىنىڭ غەربىدىكى جەنۋۇزى كوچىسىدىكى جاڭ فامىلىلىك كىشىنىڭ جەۋازخانىسىدا بولۇپ،

بۇ بۇتخانىنى جۇۋازخانىنىڭ خوجايىنى جاڭ × × قۇرغان (جاڭ جەنگونىڭ بوۋىسى). ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغىنى ئاۋالوكتېشۋارانىڭ كۆپ كىتابلىق نوچى قاتارلىقلار ئىدى...... جاڭ بىلەن ئۇنىڭ مومىسى 1935 ـ، 1940 ـ يىللىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر دۇنيادىن ئۆتتى، ئۇنىڭ بىلەن بۇتخانا تاقىتىۋېتىلدى. بۇ بۇتخانىدىكى بۇددىسلار 10 ـ 20 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ۋاپات بولغانلىرىدىن باشقىلىرى «شىندۇفاشى»، شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن «فاچۇاڭ جەمىيىتى» نىڭ «ئوپاسىيكا، ئوپاساكالىرىغا» قوشۇۋېتىلدى.

(2) داچىڭمىن بۇتخانىسى (ئىككى يەردە)

1. دۇشىڭچۇن بۇتخانىسى: ئورنى شىخاجەينىڭ شىبېيتەن دىگەن يېرىدە بولۇپ، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا دۇشىڭچۇن قۇرغان. دۇشىڭچۇن ئۆزىنى لوبازونىڭ (مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا بۇددا دىنىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى لويۇچۇن «5 توم 6 كىتاب»...... قاتارلىق بۇددا توملىرىنى يازغان) يەتتىنچى ئەۋلادى دەپ ئاتىغان. ئۈرۈمچىدە كۆپلەپ مۇرىت قوبۇل قىلغان. ئۇ ئۆز ئائىلىسىدە بۇتخانا قۇرغان. كېيىنكى چاغلاردا مۇرىتلىرى كۆپىيىپ، ئۆيلىرى تار كەلگەچكە، ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۇرىتى جاڭ شيۇچۇەن ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدە بۇتخانا قۇرغان.

(2) جاڭ شيۇچۇەن بۇتخانىسى: ئورنى نيەنزىگودىكى جاڭ شيۇچۇەن قورۇسىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغىنى لوبازونىڭ 5 توم، 6 نومى يەنى لۇن نومى، لوگوڭ نومى، تەنشى نومى، پوۋەي، ياۋشىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى تومى،



جىنشىڭ، ۋېيجىنىڭ 1 ـ، 2 ـ تومى، شۆيساڭنىڭ 3 ـ تومى، ۋاجرا، مىتو نومى ئىدى. مۇرىتلىرى مونۇلارنى پەرز تۇتاتتى:

ئۆمۈرلۈك پەرز: ئۆمۈر بويى گۆشلۈك غىزا ۋە سۇكپىياز، جۇسەي، سامساق، باش پىياز يېمەسلىك ۋە هاراق ـ شاراب ئىچمەسلىك؛

قىسقا مۇددەتلىك پەرز: بىرىنچى ئاي، 5 ـ ئاي، 9 ـ ئايلاردا گۆشلۈك غىزا يېمەسلىك؛

پارچە پەرز: هەر ئاينىڭ 1 ـ ۋە 15 ـ كۈنلىرى گۆشلۈك غىزا يېمەسلىك؛

هېيت كۈنلىرى: 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاۋالوكتېشۋارا بۇتنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاۋالوكتېشۋارا بايرىمى، 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بۇت يۇيۇش بايرىمى ئىدى.

بۇددىسلار يۇقۇرىدىكى هېيت ـ بايراملاردا بۇتخانىلارغا بېرىپ سەدىقە بېرەتتى ياكى ئۇن، ياغ، قەن ـ گېزەكلەرنى ئالغاچ بېرىپ بۇتقا سەجدە قىلاتتى، نوم ئوقۇيتتى، زىيارەت بېرەتتى. لېكىن هەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بۇت يۇيۇش بايرىمىدا بۇددىسلار بۇتخانىغا بارماستىن چوڭ ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ بۇتقا سەجدە قىلاتتى، نوم ئوقۇيتتى، بىرگە تاماق يەيتتى. ئىبادەتخانىنىڭ ئورنى بۇتخانىدىن چوڭ ئىدى هەمدە بۇددىسلارنىڭ يۇقۇرىدىكى پائالىيىتى 3 كۈن داۋاملىشاتتى. نوم ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلارغا نوم ئوقۇشنى باشلاپ بېرىدىغانلار بىرەر پارە ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن ئۇلار بۇتلارنىڭ نامىنى ئاتاپ تۇۋلايتتى. مەسىلەن، ئامىتون، مىتون، ئاۋالوكتېشۋارا... ۋە باشقىلار. شىندۇدىخارما ئۇستاز 1945 ـ يىلى گەنسۇدىن شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى تۇنجى راهىب ئىدى.

ئۈرۈمچىدىكى بۇددىسلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا سەجدە قىلغان ئىدى. شىندو ھەزرەتلىرى يۇدۇمىن بىلەن داچىڭمىن ئۆز ئىشلىرىنى بۇددا دىنىنىڭ توغرا ئىزىغا سالالماپتۇ، دەپ قاراپ ئۇلارنى «فاچۇاڭ جەمئىيىتى» نىڭ «ئوپاسىيكا، ئوپاساكا» لىرىغا قوشۇۋەتكەن ئىدى.

## شىندودىخارما ئۇستاز شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنكى «فاچۇاڭ جەمئىيىتى»

شىندودىخارما ئۇستاز خۇبېي ئۆلكىسىدىن بولۇپ، ياش چېغىدا رەسمى قول بېرىپ بۇددا دىنىغا كىرگەن ھەمدە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىبادەتخانىلاردا بۇددا ھۆكۈمىنى تەرغىپ قىلغان، ئىبادەتخانىلاردا ئىبادەتخانا باشلىقى بولغان. كېيىن شىزاڭغا بېرىپ تارى ئىبادەتخانىسىدا بىر چوڭ لاماغا قول بېرىپ مىزوڭ بۇددا دىخارماسىنى ئۆگەنگەن ھەمدە «كەنبازەنبو» تىرىك بۇت، دىگەن نامنى ئالغان. شىندودىخارما ئۇستاز گەنسۇ ئەتراپىدا بۇددا دىخارماسىنى تەرغىپ قىلغان چاغدا نۇرغۇن مۇرىت قوبۇل قىلغان، شۇنىڭدەك گەنسۇدا «فاچۇاڭ جەمئىيىتى» نىڭ «ئوپاسىيكا، ئوپاساكالار» سېپىنى قۇرغان. ئۇ، 1945 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەندە، جاڭ شىۋچۇەن بۇتخانىسىدا تۇرغان. شىندودىخارما ئۇستاز ئىچكى ئۆلكىدىن يولغا چىقىپ قۇمۇلغا كەلگەندە، ئۈرۈمچىدىكى جاڭ شيەندا (شىنجاڭلىق، ئازاتلىقتىن كېيىن شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى بولغان)، تيەنخېلىك (شىنجاڭلىق، مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان)، دىڭ ۋېنشۇ (ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ



سوتچىسى بولغان) قاتارلىقلار قۇمۇلغا بېرىپ، ئۇنى ئۈرۈمچىگە باشلاپ كەلگەن (ئۇ دەسلەپتە خەنزۇ ئويۇشمىسىدا، كېيىن جاڭ شىۋچۇەن بۇتخانىسىدا تۇرغان). جاڭ شيەندا قاتارلىق 3 كىشى ئۆز ئۆيلىرىدە بۇددا نوملىرىنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ھېچقانداق بۇتخانىغا بارمىغان. شىندو ھەزرەتلىرى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، بۇلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇددا نوملىرىنى ئۆگەنگەن، ئۇنىڭدىن بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئاڭلىغان..... ھەمدە شىندودىخارما ئۇستازغا رەسمى قول بەرگەن. شىندودىخارما ئۇستاز تيەنخېلىكغا ئاقىل راھىپ، جاڭ شيەندا بىلەن دىڭ ۋېنشۇغا چاچلىق راھىپ دەپ نام بەرگەن.

كېيىن، شىندو ھەزرەتلىرى ئۈرۈمچىدىكى ئەر ـ ئايال بۇددىسلارنى يىغىپ بۇددا نومى بىلەن بۇددا دىخارماسىنى تەشۋىق قىلغاندا، ۋاجىرا نومىدىكى شاپائەت ئايەتلىرى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ، «فاچۇاڭ جەمئىيىتى» نىڭ «ئوپاسىيكا، ئوپاساكا»سېپىدىن 3 نى قۇرغان. بۇرۇنقى «يۇدۇمىن»، «داچىڭمىن» لارنى «ئوپاسىيكا، ئوپاساكا» لارغا قوشۇۋەتكەن. يەنى ①جىڭيىلۇ كوچىسىدىكى فۇدىڭيۈەن سېپى؛ ②جىڭئېرلۇ كوچىسىدىكى جاڭ شىۋچۇەن سېپى؛ ③جاڭ شيەندا سېپى. بۇلار دەسلەپتە شىخاجەيدىكى ۋۇيۇچۇەننىڭ جۇۋازخانىسىدا بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا جاڭ شيەندانىڭ قوروسىغا كۆچۈپ كەتكەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا جاڭ شىۋچۇەن بىلەن فۇدىڭيۈەن ۋاپات بولغان. بۇ ئىككەيلەننىڭ سېپىدىكىلەر ھەر قېتىملىق ھېيت ـ بايراملاردا جاڭ شيەندا سېپىدىكىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇتقا سەجدە قىلىپ، سەدىقە بەرگەن، بىللە تاماق يىگەن. شۇنداق قىلىپ، يۇقۇرىدىكى بىرىنچى، ئىككىنچى سەپ تارقىلىپ

كەتكەن.

شىندۇدىخارما ئۇستاز ئۇرۇمچىدە «فاچۇاك جەمئىيىتى» قۇرۇپ بۇددا ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلغان. يەنە شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بىلەن غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىنىڭ رۇخسىتى ئارقىلىق، بىر قېتىم كاتتا سۇرۇن تۈزۈپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋەقەسىدە قازا تاپقان ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر ئۈچۈن چىڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىدا شەھىدلەر روھىغا بېغىشلاپ دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ ئايەت ئوقۇغاندا، ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى مەرسىيە خەتلىرى ۋە نەزىر ـ چىراق بۇيۇملىرى ئېۋەتكەن. شۇ ئىشتىن كېيىن، شىندودىخارما ئۇستاز «فاچۇاك جەمئىيىتى»گە نەچچە ئون مۇرىت قوبۇل قىلغان.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇ يەنە گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭلارغا بېرىپ، بۇددا نومىنى ۋە بۇددا ئەقىدىسىنى تەشۋىق قىلغان. باشقىلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلىپ ئاممىنى قايمۇقتۇردى، دەپ ئەرز قىلغانلىقتىن، دۇشمەنگە ئىشپىيونلۇق قىلغان، دېگەن گۇمان بىلەن فۇكاڭ ساقچى ئىدارىسى بىر مەزگىل قاماپ قويغان. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ جاڭ شيۇچۈەننىڭ ئائىلىسىدە تۇرغان. ئۇ شىنجاڭدا جەمئىي 2 يىلدىن كۆپرەك تۇرۇپ، ئاندىن ئىچكى ئۆلكىگە قايتىپ كەتكەن.

جاڭ شيەندا بىلەن فۇدىڭيۈەن قاتارلىق بۇددىستلار ھەمىشە، شاڭخەي، بېيجىڭغا پۇل پىرەۋوت قىلىپ بۇددا دىنىغا ئائىت كىتاب ـ ژورناللارنى سېتىۋالغان. دىڭ ۋىنشۇ يەنە ئالى سوت مەھكىمىسىدە شاپىگىراپ بىلەن شاپائەتچى مەبۇتنىڭ



شاپائەتلىك ئايەتلىرىنى بېسىپ بۇددىستلارغا تارقىتىپ بەرگەن. جاڭ شيەندا يەنە 6 سەر ئالتۇن خەجلەپ، تيەنجىندىكى ياڭ لۇچىڭنىڭ نيەنتوزۇي دېگەن يېرىدىكى شۇي شىچاڭ (دازۇكتۇك بولغان) نىڭ ئانىسىدىن سەنساڭ نومىدىن 144 بولاق سېتىۋالغان. (بۇ نوملار ۋە ئىسرىقدان، بۇتلار ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرغاندا مۇسادىرە قىلىنغان).

«فاچۇاك جەمئىيىتى» نىڭ مۇرىتلىرى ئەكسىيەتچىل دىنىي تەشكىلات «يىگۇەنداۋ» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، 1951 ـ يىلى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرغاندا جاڭ شيەندا، تيەن خېلىڭلار قاماپ قويۇلغان ئىدى. كېيىن بۇلار بۇددا دىنىنىڭ رەسمىي مۇرىتى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن ئاندىن قويۇپ بېرىلدى ھەمدە جاڭ شيەندا بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، دەپ ئېتىراپ قىلىندى. بۇ مۇرىتلارنىڭ پائالىيەت ئورنى يەنىلا جاڭ شيەنداننىڭ ئائىلىسىدە بولدى. (جاڭ شيەندا 1980 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، تيەن خېلىڭ 1979 ـ يىلى ۋاپات بولدى).

## لىمەن گۇڭسۇ

«لىمەن گۇڭسۇ» يېڭى شەھەر (خەنچىڭ) 6 ـ كوچىدىكى سابىق مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى شۇي يىسەننىڭ قورۇسىدا بولۇپ، بۇ قورۇنى لىمەن گۇڭسۇنىڭ مۇرىتلىرى پۇل يىغىش قىلىپ سېتىۋالغان. ئۈرۈمچىدىكى لىمەن گۇڭسۇنى تيەنجىن گۇرۇھىدىكى 8 چوڭ سودىگەر قۇرغان. لىمەن گۇڭسۇنى ئىجات قىلغۇچى ياڭ لەيرۇ سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ مىشەن ناھىيىسىدىن

بولۇپ، چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن ئالىي بىلىم ئىگىسى ئىدى. ئۇ «ياڭ ئەجداتلىرىنىڭ ۋەسىيىتى» دېگەن ئەسەرنى يازغان. مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى شەنخەيگۇەنگە كىرگەندىن كېيىن خەنزۇلارنى كۆپلەپ قىرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇ قاتتىق غەزەپلەنگەن، شۇڭا مىڭ سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش غەرىزىدە «لىمىن گۇڭسۇ»نى ئىجات قىلغان. ئالدى بىلەن ئىنقىلاۋى زاتلار بىلەن چامباشچىلارنى توپلاپ مەخپىي ئالاقىلىشىپ، قوزغىلاڭ كۆتىرىپ چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرماقچى بولغان. «لىمىن گۇڭسۇ» نىڭ مۇرىتلىرى ئۈچۈن «مىڭ سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەنچىڭ خاندانلىقىنى يوقىتايلى» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ قەسەمىيادى بولغان ھەمدە مەخپىيەتلىكنى ئاتا ـ ئانىلىرىدىن تارتىپ، بالا ـ چاقىلىرىغىچە ئاشكارا قىلماسلىققا قەسەم قىلىشقان. كېيىن چىڭ ئوردىسى ئۇلارنىڭ مۇرىت قوبۇل قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ باشقىچە ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ سۈرۈشتە قىلغاندا، ئۇلار «بىزنىڭ لىمىن گۇڭسۇ ئۇلۇق چىڭ خاندانلىقىنى بىر نىيەت بىلەن قوغدايدۇ» دېگەنلىكتىن، قايتا سۈرۈشتە قىلمىغان. ياڭ لەيرۇنىڭ تەرغىپ قىلغىنى خۇراپاتلىقنى تۈگىتىپ تاماكا ـ ھاراقتىن پەرز تۇتۇش، مەقسىدى بولسا «مىڭ سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەنچىڭ خاندانلىقىنى يوقىتىش» تىن ئىبارەت ئىدى. سىرتقا قارىتا «ئۇلۇق چىڭ خاندانلىقىنى قوغداش» دېگەن. «ئاۋالوكتىستۋارا» دېگەن. «لىمىن گۇڭسۇ» نىڭ مۇرىتلىرى سەندۇڭ، خېنەن، خېبېي قاتارلىق ئۆلكىلەرگە تارالغان بولۇپ، تا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى، مىنگونىڭ باشلىرىغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.



«لىمىن گۇڭسۇ» نىڭ ئۈرۈمچىدىكى باشقۇرغۇچىسى دەسلەپتە لىيۇ جىنباڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ فۇرۇي، لىيۇۋەنتىڭ، ئاخىرىدا يۈسەي بولغان. جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن «مىڭ سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چىڭ خاندانلىقىنى يوقىتىش» دېگەن سۆزىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ «شاپائەتچى مەبۇت بوتىسۋا» نىڭ نامىنى ئاتاشنى ئۆزلىرىنىڭ قەسەم سۆزى قىلغان. مۇرىتلىرىغا نىسبەتەن دۇئا ـ تەكبىر قىلىشنى، بۇتقا سەجدە قىلىشنى، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىشنى چەكلەشنى، چامباشچىلىقنى مەشق قىلىشنى ئاساس قىلغان، شۇنىڭ بىلەن قايتا سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ بارمايدىغان بولغان. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ ھەربى ۋالىسى، قوشۇمچە ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىن «لىمىن گۇڭسۇ» نى «ئامان ئىسەنلىكنى قوغدايدىغان لىمىن گۇڭسۇ» دەپ ماختىغان. مىنگونىڭ 17 ـ يىلىغا كەلگەندە، نەنجىڭ مەركىزى ھۆكۈمەت «لىمىن گۇڭسۇ» نى دىنى تەشكىلات دەپ رەسمى ئېتىراپ قىلغان.

«لىمىن گۇڭسۇ» نىڭ مۇرىتلىرى شاپائەتچى مەبۇت بوتىسۋانى خاتىرلەش كۈنىنى ئۆزلىرىنىڭ يىغىلىش كۈنى قىلغان بولۇپ، بۇ كۈنى ئالدى بىلەن سەدىقە قىلاتتى. يىغىلىشقا ئۈن، گۆش، پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلەتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى چەكلەنمەيتتى. شاڭ كۆيدۈرۈپ بۇتقا سەجدە قىلغاندىن كېيىن، باشقۇرغۇچى ۋەز ئېيتاتتى، بۇنىڭدا («ياڭ ئەجدادلىرىنىڭ ۋەسىيىتى» بىلەن تاماكا چەكمەسلىك، ھاراق ئىچمەسلىكنى، ساخاۋەت، سەدىقە ۋە مۇرىتلارنىڭ دەسلەپكى چاغدىكى بەش خەتلىك قەسەم سۆزلىرىنى سۆزلەيتتى) زىياپەت بېرەتتى. مۇرىتلارنىڭ كۆپىنچىسى تيەنجىن گۇرۇھىدىكى

سەندۇڭلۇق، خېنەنلىك كىشىلەر بولۇپ، كۆپ ساندىكىلىرى سودىگەر ئىدى. مۇرىتلار بىر يەرگە يىغىلغاندا كۆپىنچە ئەدەپ ـ ئەخلاق، قائىدە ـ پەزىلەت ئۈستىدە سۆزلىشەتتى. 1937 ـ يىلىدىن كېيىن شېڭ شىسەي تېررورلۇق سىياسەت يۈرگۈزگەن چاغلاردا، لىمىن گۇڭسۇنىڭ مۇرىتلىرى يىغىلىش ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، «لىمىن گۇڭسۇ» ئۆزلىگىدىن تارقىلىپ كەتتى.

## يامان يول

### (1) يىگۇەنداۋ بۇتخانىسى

يىگۇەنداۋنىڭ شىنجاڭغا تارقالغان ۋاقتى ۋە پائالىيىتى.

يىگۇەنداۋنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ سادىق غالچىسى، خائىن جاڭ تىيەنزەن ئىجات قىلغان. ئۇ، دىن تارقىتىش تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ئۈچۈن ئاخبارات توپلاش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. قۇم مودىل ۋە رەم سېلىش ئارقىلىق بەزى سەھرا ئاخماقلىرىنى ئازدۇرغان ۋە نادان ئاممىنى مۇرىتلىققا قوبۇل قىلغان، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشتۇرغان، شۇ ئارقىلىق ئۇلاردىن ھەر جەھەتتىكى ئاخباراتلارنى ئىگىلىگەن. بۇ تەشكىلاتنى شۇ چاغدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاشكارا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەخپىي ھالدا مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارالغان.

يىگۇەنداۋ 1943 ـ يىلى شىنجاڭغا تارالغان بولۇپ، شۇ چاغدا يىگۇەنداۋنىڭ «ئۆلىما» لىرىدىن دىڭ جىنسەي بىلەن



ۋاڭ ×× لەر شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇلار كېلىپ جەنۇبىي چوڭ كوچا سودا سارىيىنىڭ جىگىلىسى سەي رۇنتيەننىڭ 6 ـ كوچىدىكى ئۆيىدە تۇرغان. مەخپىي ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، ئالدى بىلەن قۇم مودىل ئارقىلىق رەم سېلىپ، رەمدىكى سۆزلەرگە ئاممىنى ئىشەندۈرگەن ھەمدە داۋاملىق مۇرىت توپلىغان ۋە بۇتخانا ئاچقان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ 2 ئادەم (دەسلەپتە شەرق تەرەپتىكى گۈچۈڭ، جىمسار، فۇكاڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ مەخپىي تەشۋىق قىلغاندىن سىرت) يەنە ئىلى، تارباغاتايلارغا بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە ئىلىدا ئۆلتۈرۈلگەن.

1947 ـ يىلى يەنە بىر قىسىم «ئۆلىمالار» دىن لۇي جۇڭشىن (ۋۇۋېيلىك)، لى گوجاڭ (خېبېيلىك) ۋە يەتكۈزگۈچى موللا جاڭ گېچاڭ شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، يەنىلا سەي شىڭفىڭنىڭ ساڭفاڭكودىكى ھويلىسىدا تۇرۇپ، بۇتخانا قۇرغان، شۇ چاغدا ئۇلار رەمچىلىك قىلىپ بىر قىسىم ئادەملەرنى ئازدۇرۇپ يىگۇەنداۋغا قاتناشتۇرغان، بۇلاردىن خەنزۇ ئەر ـ ئاياللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇرلاردىنمۇ نۇربەك دېگەن ئادەم (خې ـ دىڭباڭ، خوتەندە ئامبال ۋە ۋالىي بولغان) رەم تەخسىسىدىكى سۆزلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىشىنىپ كېتىپ يىگۇەنداۋغا مۇرىت بولغان.

يىگۇەنداۋ تەشكىلاتىنىڭ ئاتىلىشىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن:

يىگۇەنداۋنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى داۋجاڭ (قازى كالان) بولۇپ، قالغانلىرىنى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئېيتقاندا، ئۆلىما، يەتكۈزگۈچى موللا، ئىش بېجىرگۈچى، مۇنبەرچى ۋە مۇرىت ـ

لاردىن ئىبارەت ئىدى.

3 خادىم (يەنى پۈتۈكچى، مەلۇماتچى، كۆرسەتكۈچى): پۈتۈكچى رەم سالغاندا قۇم مودىلىغا چۈشكەننى يازاتتى، مەلۇماتچى قۇم مودىلىغا يېزىلغان سۆز ئىبارىلىرىنى مەلۇم قىلاتتى، كۆرسەتكۈچى قۇم مودىلىغا يېزىلىپ مەلۇم قىلىنغانلارنى كۆرسىتەتتى.

ئېتىقات تاختىسىغا يېزىلغىنى «نەزىر - چىراق قىلساڭ ئەرۋاھقا ئاتاپ، بەركەت تاپىسەن ھەممە ئىشىڭدا» دېگەن سۆزلەر ئىدى.

سىرتقا قىلىنىدىغان تەشۋىقات «تەڭرىگە ۋاكالىتەن تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، بالايى - ئاپەتنى يوقىتىش» تىن ئىبارەت ئىدى.

ۋەزىپىسى: ھەر بىر مۇرىت باشقىلارنى يىگۈەنداۋغا تونۇشتۇرسا، خىزمەت كۆرسەتكەن ھېساپلىنىپ، قانچىكى كۆپ تونۇشتۇرسا، شۇنچە چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولاتتى.

يىگۈەنداۋغا كىرىش رەسمىيىتى: باشلىغۇچى (يىگۈەنداۋغا تونۇشتۇرغۇچى) يىگۈەنداۋغا كىرگۈچىگە بىر جەدۋەل بېرەتتى، يىگۈەنداۋغا كىرگۈچى ئۆزىنىڭ ئىسىم پامىلىسى بىلەن قىسقىچە تارىخىنى تولدۇرۇپ مۇنبەرچىگە 2 يۈەن پۇل تاپشۇراتتى، يەتكۈزگۈچى مولىنىڭ باشچىلىقىدا شاڭ كۆيدۈرۈپ سەجدە قىلغاندىن كېيىن جەدۋەل كۆيدۈرۈلمەيتتى، ئارقىدىن يىگۈەنداۋ ئەقىدىسىدىن ۋەز ئېيتىلىپ دەم سېلىناتتى. يىگۈەنداۋغا كىرگۈچى تاپشۇرغان 2 يۈەن مالىيە باشقۇرغۇچى ليۇ دېرۇنگە تاپشۇرۇلاتتى. بۇ پۇللار ئىش بېجىرگۈچى ۋە يەتكۈزگۈچى موللا، ئۆلىمالارنى قارشى ئېلىش ۋە ئۇزىتىپ قويۇش ھەم ئۆلىمالار-



نىڭ پائالىيىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىناتتى.

مۇنبەر (بۇتخانا) ئىسمى ۋە ئادرېسى ھەم مەسئۇلى:

① كەينەي مۇنبىرى: مۇنبەرچى خەن جىڭدې بولۇپ، ئۇرۇمچى ناھىيىلىك كېڭەش پالاتاسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئورنى زوڭگۇڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئارقىسىدىكى خەن جىڭدېنىڭ قوراسىدا بولۇپ، خەن جىڭدې شۇ دىنىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئىدى.

② فۇتەي مۇنبىرى: مۇنبەرچى سەي شىڭفىنىڭ بولۇپ، ئورنى دەسلەپتە يېڭى شەھەر (خەنچېڭ) نىڭ 6 - كوچىسىدىكى سەي شىڭفىڭنىڭ قوراسىدا ئىدى، كېيىن نەنزىڭگۇغا كۆچۈپ كەتكەن، سەي شىڭفىڭنىڭ كۈيوغلى ياۋيۇخۇا يەتكۈزگۈچى موللا بولغان، پەرزەنتلىرى 3 ئىدى.

شۇ چاغدىكى يەتكۈزگۈچى موللىلاردىن يەنە ۋاڭ چىڭشەن (شاگىدىمياۋ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەتراپىدا تۇراتتى)، ليۇزىفۇ، زوڭ سۇنجاڭ...... قاتارلىقلار بار ئىدى، پۈتۈكچىلەردىن ۋې زېينىڭ...... قاتارلىقلار بار ئىدى. 3 خادىم بولغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ياش ئەر - ئاياللار ئىدى.

ئۇلارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ تەرغىبات ئېلىپ بارىدىغان كۈنلىرى: ھەر ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋە 15 - كۈنى بولۇپ، مۇرىتلار مۇنبەر (بۇتخانا) چى ئائىلىسىگە يىغىلىپ، شاڭ كۆيدۈرۈپ، سەجدە قىلاتتى، يەتكۈزگۈچى موللا ۋەز ئېيتاتتى ۋە رەم سالاتتى

1943 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا، يىگۈەنداۋنىڭ يەتكۈزگۈچى موللىلىرى ئۇرۇمچى ۋە گۇچۇڭ، جىمىسار، سانجى، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق ناھىيىلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنى يىگۈەنداۋغا تونۇشتۇرۇپ ئاكتىپ

ھەركەت ئېلىپ بارغان ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، 1951 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرغاندا، بۇ ئەكسىيەتچىل دىنى تەشكىلاتنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى قولغا ئېلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆلۈم جازاسى ۋە مۇددەتلىك 10 يىللىق ياكى 20 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن يىگۈەنداۋ پارچىلىنىپ يوقالدى.

(2) خۇاڭ تيەنداۋ

خۇاڭ تيەنداۋنى ليۇداۋاندا ئولتۇرۇشلۇق ۋاڭ فامىلىلىك (ئىسمى ئېنىق ئەمەس) بىر ئادەم ئاچقان بولۇپ، ئۇ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ بۇتخانا ئېچىپ مۇرت قوبۇل قىلغان. ئازاتلىقتىن كېيىن ئەكسىيەتچىل دىنى تەشكىلاتلارنى باستۇرغاندا ۋاڭ × × غا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن، شۇنىڭ بىلەن خۇاڭ تيەنداۋ يوقالغان.

(3) بۇلاردىن باشقا يەنە «بەيلامىن»، «يۇخۋاتاڭ»، «گۇندەن جاۋ»، «گۈيگىنتاڭ» قاتارلىق ئەكسىيەتچىل دىنى تەشكىلاتلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئازاتلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭغا تارالغان، بۇلار 1951 - يىل ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرغاندا تازىلانغان.

بۇ ماقالىلار جەمئىيەتتىكى بەزى مۆتىۋەرلەرنىڭ ئەسلەپ بايان قىلىپ بېرىشىگە ئاساسەن رەتلەندى، تولۇق بولمىغان يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەھۋالنى تەپسىلى بىلگۈچىلەرنىڭ تولۇقلاپ تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1981 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى.



# شىنجاڭنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى ئىبادەتخانا، ساراي، مەرھۇملار سارىيى

ليۇ دېخې

## 1. ئىبادەتخانا

كەنت بولسىلا ئىبادەتخانا بولىدۇ، كەنت بولمىسىمۇ بۇت بولىدۇ. ئېلىمىزدە 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان فېئوداللىق تۈزۈم دىنى خۇراپاتلىقنى ئۇستىقۇرۇلمىنىڭ ھەر قايسى ساھەسىگە سىڭدۈردى. ھەتتا خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ھېيت - بايرام، ئۆلۈم - يېتىم، توي - تۆكۈن ئىشلىرى ... نىڭ ھەممىسىدە قويۇق فېئودال خۇراپاتلىق تۈس ئالغان. ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەممە يەرگە سېلىنغانلىقى، بۇتلارنىڭ كۆپلەپ ياسالغانلىقى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى بولالايدۇ.

شىنجاڭدىكى ئىبادەتخانىلار كۆپ ھاللاردا ساراي، مەرھۇملار سارىيى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن. بايان قىلىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ئىبادەتخانا، ساراي، مەرھۇملار سارىيى قاتارلىقلارنىڭ تارىخى ئەھۋالىنى ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

(1) داغۇ ئىبادەتخانىسى، دىساڭ ۋاڭ ئىبادەتخانىسى، بېيدۇگۇڭ سارىيى قىزىلتاغ باغرىدا بولۇپ، ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ

8 - كۈنى ۋە 5 - ئايدىكى زۇڭزا چاغىمىزدا بۇتقا ئاتاپ 3 كۈن ئويۇن قويۇلاتتى. بۇددا مۇخلىسلىرى خىلمۇ - خىل كىيىنىپ سەيلە قىلىشاتتى، سەيلە تازا قىزىپ كېتەتتى. بۇ 3 ئىبادەتخانا ئەتراپىدا قاتار - قاتار ئاشپۇزۇللار بار ئىدى، قىسقىسى بۇ جاي ئادەم دېڭىزىغا ئايلىناتتى. 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى (يەنى سېرىق قار ياققان كۈنى) سوغۇق چۈشكەچكە چاۋجىدۇ ئىبادەتخانىسىدىكى سەيلە بازار كۈنلىرىدىكىدەك قىزىمايتتى.

(2) سەنچىڭگۇڭ (يەنە بىر ئىسمى سەنگۇەنمياۋ) ئىبادەتخانىسى. بۇ ئىبادەتخانا چوڭ كۆۋرۈكنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كىچىك تاغ قاپتىلىدا بولۇپ، تيەنگۇەن، دىگۇەن، رېنگۇەن دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ بۇت بار ئىدى، مۇشۇ سەۋەپتىن سەنگۇەنمياۋ ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتالغان. پېرىشتە، ئەۋلىيا - ئەنبىيا، مازايى - ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلغاچقا، سەنچىڭگۇڭ دەپمۇ ئاتالغان. بۇ، تەرىقەتچىلەر ئۈچۈن ياسالغان بولۇپ، بۇ يەردە بۇتخانا سەيلىسى بولمايتتى، زىيارەت قىلىش ئۈچۈنلا ياسالغان ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى زو زۇڭتاڭ ياساتقان ئىكەن. قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئىچىدىمۇ سەنخۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ ئاسمان پادىشاسى، يەر پادىشاسى، ئادەم پادىشاسى دېگەن 3 بۇت بار ئىكەن. ئىبادەتخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ناھايىتى چوڭقۇر بىر ھاڭ بار ئىكەن.

(3) يۈي خۇاڭ راۋىغى: بۇ راۋاق قىزىل تاغدىكى خىش مۇنارىنىڭ شەرق تەرىپىدە بولۇپ، قۇرۇلۇشى ناھايىتى ھەيۋەتلىك. ئۇنىڭ ئىچىدە بارلىق ئىلاھلارنىڭ ئالدى دەپ ئاتالغان يۈي خۇاڭ دادى بۇتى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تاغ



ئۈستىگە ياسالغان. ھەر يىلى زۇڭزا چاغىمىزدا بۇ يەرنى شاگنىڭ ئىسى بىر ئالىدۇ. گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى يۈي خۇاڭ راۋىقىمۇ تاغچاۋ تېگىلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا ياسالغان.

(4) لۇڭۋاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى. بۇ ئىبادەتخانا ئىككى يەردە بولۇپ، بىرسى جيەنفۇنىڭ شەرق تەرىپىدە، يەنە بىرسى داشىمىندا (يەنى ھازىرقى شىنخۇا جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولى چېگىرىسىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە) ھەر يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا لۇڭۋاڭمياۋغا ئاتاپ 3 كۈندىن 5 كۈنگىچە ئويۇن قويۇلاتتى. بولۇپمۇ جيەنفۇدىكى لۇڭۋاڭمياۋ ئىبادەتخانىسىغا ئويۇن كۆرگىلى كەلگەنلەر ناھايىتىمۇ جىق بولۇپ، قىزىل تاغ داۋۇسى ئىبادەتخانىسىدا بولىدىغان سەيلىدىنمۇ قىزىق بولاتتى. بۇ جەھەتتە ئۇ بارلىق بۇتخانىلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى لۇڭۋاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى بولۇپ، بىرسىنى ئۆستەڭ سۈيى بىلەن كۆكتات تېرىيدىغان دېھقانلار پۇل يىغىش قىلىپ ياسىغان، يەنە بىرسىنى دەريا بويىدىكى تۆگىچىلەر بىلەن قەغەز كارخانىسىدىكىلەر پۇل يىغىش قىلىپ ياسىغان.

(5) شەنگۇمياۋ (پەرىزات ئىبادەتخانىسى) — لومەنچېڭنىڭ غەربىدىكى توپا تاغدا بولۇپ، چوڭ، ئوتتۇرانچى، كىچىك پەرىزاتنىڭ ئەرۋاھ تاختىسى بار. يەنە بىر پەرىزات غارىمۇ بار. 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى پەرىزات ئىبادەتخانىسىدا شاڭ كۆيدۈرۈلەتتى، ئادەملەر كۆپ كېلەتتى، ئۈچ كۈن ئۇدا ئويۇن قويۇلاتتى، ئاشپۇزۇل، يايمىچىلار يىغىلاتتى، بۇ دالىدىكى ئىبادەتخانىلار ئىچىدە ئەڭ قىزىيدىغان ئىبادەتخانا ئىدى.

(6) گۈەندىمياۋ ئىبادەتخانىسى: بۇ ئىبادەتخانىنى تىدۇ (ۋالى) پىلگرۇي لومەنچىڭدا تۇرغان چاغدا ياساتقان بولۇپ ئورنى ئىگىز، ئەتراپىدىكى تاملىرى گىل بىلەن بويالغان ئىدى. ئۇنىڭ قىزىل بويالغان تۆت تىمى قاچانلا بولمىسۇن كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مۇشۇ سەۋەپتىن دىخۇا قىزىل بۇت، دەپ ئاتالغان. كېيىنكى چاغلاردا مۇسۇلمانلار پادىشاسى تومىگىنىڭ قولىدا ۋەيران بولغان. شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا، شەھەر ئىچىدىكى گۈەندىمياۋ، خۇگىمياۋزى ئىبادەتخانىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر ئىبادەتخانا قىلىۋېتىلگەن. يەنە چىڭخۇاڭمياۋ، نياڭ - نياڭ مياۋ، شاپائەتچى مەبۇت راۋغى خۇگىمياۋغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ھەر يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سېپىلە ئۆتكۈزۈلگەندىن تاشقىرى، ئەرۋاھقا ياكى ئۆلگەنلەرگە ئاتاپ نەزىر - چىراق قىلىناتتى.

(7) ۋېنمياۋ، ۋۇمياۋ، شاۋساۋمياۋ ئىبادەتخانىسى: ۋېنمياۋ ئىبادەتخانىسىدا كۇڭزى بىلەن مىڭزى ۋە 72 ئەۋلىيا قاتارلىقلارغا تاۋاپ قىلىناتتى. ھەر يىلى 2 - ئاي، 8 - ئايلاردا نەزىر - چىراق قىلىناتتى. نەزىر - چىراقنى مۆلكى ئەمەلدارلار (شۆتەي يەنى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى) باشقۇراتتى، ئوقۇغۇچىلار ۋە مۆلكى خىزمەتچىلەر قاتنىشاتتى. ئەپەندىملەر جاكاچى بولاتتى، ئوتتۇرا ۋە سىفەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىش بېجىرەتتى، 3 خىل مال سويۇلاتتى (كالا، قوي، چوشقا)، نەزىر - چىراق ئۈچۈن سەدىقە ۋە مېۋە - چېۋىلەر ئېلىنىپ كېلىنەتتى، بۇ چاغدىكى ئىشلار قالتىس داغدۇغۇلۇق بولاتتى. نەزىر - چىراق قىلىنغاندا، سەجدە قىلىپ 3 قېتىم باش ئۇرۇلاتتى، بۇ 3 قېتىمغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلاتتى.



بىرىنچى قېتىمدا بىرىنچى باشلىق شاڭ يېقىپ، ئايەت ئوقۇپ، قىرائەت قىلاتتى ۋە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ 3 قېتىم باش ئۇراتتى؛ 2 - قېتىمدا ئوتتۇرانچى باشلىق شاڭ يېقىپ، ئايەت ئوقۇپ، قىرائەت قىلىپ، 3 قېتىم باش ئۇراتتى، 3 - قېتىمدا كەينچى باشلىق شاڭ يېقىپ، ئايەت ئوقۇپ، قىرائەت قىلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ 3 قېتىم باش ئۇراتتى. نەزىر - چىراق تۈگىگەندە، قاتناشقۇچىلار بىر پارچىدىن دورا - دەرمەك بىلەن پىشۇرۇلغان گۆشكە ئىگە بولۇپ، بۇنى بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ بەختكە ئېرىشىش دەپ قارايتتى ھەمدە ئۆزى ئۈچۈن شان - شەرەپ دەپ بىلەتتى. ۋېنمياۋ ئىبادەتخانىسى ئەسلىدە شىداجيې (غەربىي چوڭ كوچا) دا بولۇپ، بەك كۆپ يەرنى ئىگەللىگەن ئىدى. جىن شۇرېن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن كۈنلەردە، كۇڭزى قاتارلىقلارنىڭ تەزىيە تاختىسى بېلياڭدىكى ۋېنچاڭ سارىيىغا يۆتكىۋېتىلگەن. ۋېنمياۋ ئىبادەتخانىسىنىڭ كونا ئورنى ۋېنمياۋ كوچىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. شىڭ شىسەي دەۋرىدە كۇڭزىغا ئاتاپ نەزىر - چىراق قىلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، شۇندىن كېيىن بۇنداق مۇراسىملەر قايتا ئۆتكۈزۈلمەيدىغان بولدى.

ۋۇمياۋ ئىبادەتخانىسى: ئەسلىدە بۇ يەردە گۈەنيۈي تاۋاپ قىلىناتتى، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يۆفېينى تاۋاپ قىلىش قوشۇلۇپ، گۈەن - يۆ ئىبادەتخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بارلىق ئوفىتسېر، جەڭچىلەر بۇ يەرگە كېلىپ شاڭ كۆيدۈرۈپ، نەزىر - چىراق قىلاتتى، 3 كۈنگىچە ئويۇن قوياتتى ھەمدە كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر يەرگە جەم بولۇپ تەبرىكلەيتتى. مۇشۇ چاغدا تەسادىپى سەم - سەم يامغۇر يېغىپ قالسا، گۈەنيىسى يېنىغا قىلىچ

ئېسىپ زىياپەتكە قاتناشقان چاغدىكى قىلىچ بىلەش يامغۇرى دەپ قارايتتى، قاتتىق يامغۇر ياغسا، ئەلەم ئەۋلىيالىرىنىڭ دىخانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشنى ۋە تىچ - ئامانلىقنى قوغدىغانلىقى دەپ قارايتتى. گۈەن - يۈمياۋ ئىبادەتخانىسى ئەسلىدە مەنچىڭ كوچىسىدا يەنى ھازىرقى جەنگولۇ كوچىسى ۋە مەنچىڭ كوچىسىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدا ئىدى. گۈەنيى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئىش باشقۇرغانلىقتىن، بۇرۇن شىمالىي دەرۋازا ئېچىلمايتتى.

شاۋساۋمياۋ - ئىبادەتخانىسى: بۇرۇن جىنيۈسەندە يەنى ھازىرقى تىراكتور زاۋۇتىنىڭ قورۇسىدا بولۇپ، شاۋخې، ساۋسەنلەر تاۋاپ قىلىناتتى. ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ باشلىرىدىكى 1 - ھەپتە بىر يەرگە جەم بولۇش ۋاقتى قىلىنىپ، سەھنە ياسىلىپ ئويۇن قويۇلاتتى، بۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىۋات ئىشخانىسى تەييارلايتتى. شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۈزۈلۈپ قالدى.

(8) ۋەنچاڭ گۇڭ سارىيى: تۇمىڭ ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلغاندا، نەنلياڭ ئىتتىپاق كوچىسىنىڭ شەرقىدە خاڭچىگنى ياساتقۇزۇپ، ئۆزىنى مۇسۇلمانلار پادىشاسى، دەپ ئاتىدى ھەمدە بىلياڭنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى دۆڭگە زور مىچىت سالدۇردى. زو زۇڭتاڭ ياقۇپ بەگنى يېڭىپ، چار روسسىيىنىڭ تاجاۋۇزىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى لومەنچىڭدىن ۋاز كېچىپ، ئۈرۈمچى ناھىيە شەھىرى بىلەن لومەنچىڭنى قايتىدىن ياساتقان. لومەنچىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇپ بۇرجىكى بىلەن يېڭىشەھەر تۇتۇشۇپ كەتكەن ئىدى. شۇڭلا ئۈرۈمچى شەھىرىدە 2 دۆڭمىن (شەرق دەرۋازا) بار (چوڭ



ۋە كىچىك دۆڭمىن)، 2 نەنمىن بار ۋە بىر مەنچىڭ شىمىن (غەرب دەرۋازا) ھەم يېڭىشەھەرنىڭ 2 شىمىنى (غەرب دەرۋازىسى) پەقەت بىرلا بېيمىن (شىمالىي دەرۋازا) بار. خۇيزۇ، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى نەنگۈەن ۋە شىگۈەندە ئولتۇراقلاشقاچقا، شەھەر ئىچىدىكى مىچىتنى ۋەنچاڭگۇڭغا ئۆزگەرتىپ، نەنمىن سىرتىدا قايتىدىن چوڭ مىچىت سالغان.

(9) سەيشىنمياۋ ئىبادەتخانىسى: يەنە بىر ئىسمى سەيشىنلۇزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سەي شىنمياۋ ئىبادەتخانىسى نەنمىن سىرتىدىكى بىر گۈزەرنىڭ مەركىزىگە سېلىنغان بولۇپ، شەھەر دەرۋازىسىغا ئوخشايدۇ، ھارۋا، ئات - ئۇلاغ، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شەھەر دەرۋازىسىدىن ئۆتەتتى. دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە بۇتخانا ۋە بالىخانا سېلىنغان بولۇپ، بايلىق ئىلاھى جاۋ گۇڭمىڭنى تاۋاپ قىلاتتى ھەم ئۇنىڭ ھەيكىلىمۇ بار ئىدى، 2 تەرىپىدە گۇلۇ (دۇمباق بالىخانىسى) ۋە جۇڭلۇ (قوڭغۇراق بالىخانىسى) بار ئىدى. بۇتخانا سەيلىسى بولغاندا، چوڭ كوچىلارغا سەھنە ياسىلىپ، 3 كۈندىن 5 كۈنگىچە ئويۇن قويۇلغاچقا، ھارۋىلار ئۆتەلمەي باشقا يولدىن ئەگىپ ئۆتەتتى. سەيشىنمياۋ ئىبادەتخانىسىنىڭ مال - مۈلكى كۆپ ئىدى. شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، بۇ ئىبادەتخانا قاتناش ئىشلىرىغا توسالغۇ بولغانلىقتىن چۇۋۇپ تاشلىغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە نەنلياڭدا گۇيشىڭلۇ ياسالغان بولۇپ، ھازىرقى شىنجاڭ داشۆنىڭ غەربىدىكى چوڭ يولنىڭ مەركىزىگە توغرى كېلىدۇ، ئۇنىڭ شەكلى سەيشىنمياۋ ئىبادەتخانىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇمۇ قاتناش ئىشلىرىغا توسالغۇ بولغانلىقتىن، سەيشىنمياۋ ئىبادەتخانىسى بىلەن تەڭ چۇۋۇپ تاشلانغان.

(10) ۋاكىپمياۋ ئىبادەتخانىسى: دىڭشاڭ ۋاكمياۋ ئىبادەتخانىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خۇنەندىكى چەڭخۇمياۋ ئىبادەتخانىسىدىكى قازى كالاتنى زو زوڭتاڭ نەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن ئىكەن. شىمالىي شىنجاڭدا دىڭشاڭ ۋاكمياۋ ياكى ۋاكىپمياۋ ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتالغان، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا فاڭشىڭمياۋ ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتالغان، بۇنىڭدىكى بۇتلار ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، خۇنەندىن ئېلىپ كېلىنگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ زو زوڭتاڭ ئارمىيىسىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشتىكى بىر يۈرۈش تەدبىرى بولۇپ، خۇنەنلىك ئەزىمەتلەر شىنجاڭدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولدى، دىڭشاڭۋاڭ قۇربانلارنىڭ روھىنى ئۆز يۇرتىغا يولغا سالدۇ، دېگەن سۆزلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان. ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، دىڭشاڭۋاڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى خاتىرىلەنگەن، نەزىر - چىراق قىلىنىپ مال سويۇلغان، 4 - 5 كۈن ئويۇن قويۇلغان. خۇنەن ۋە خۇبېيلىك ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارلار، سودىگەرلەر بۇ يەرگە كېلىپ سەدىقە قىلغان ۋە باش ئۇرغاندىن كېيىن، سەھنىنىڭ 2 نەرپىگە يىغىلىپ ئويۇن كۆرگەن، ئويۇن بەك قىزىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ بەس - بەس بىلەن شاڭ كۆيدۈرگەن، ھەۋەسكارلار دائىم دىڭىدەك ناخشا ئېيتىپ ئويۇن قويۇپ تۇرغاچقا، ھەر ئايدا 20 نەچچە كۈنگىچە ئويۇن ئۈزۈلۈپ قالمىغان. بۇ، ئۆلكە مەركىزىدىكى باشقا ئىبادەتخانىلاردىن ئالاھىدە پەرقلەنگەن. ئىبادەتخانىنىڭ يېنىدا خۇنەنلىك بىر ئادەم «سەنشىڭگۈەن» دەپ ئاتالىدىغان بىر دۇكان ئاچقان بولۇپ، دىڭشاڭۋاڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ۋە دائىم



بولۇپ تۇرىدىغان زىياپەتلەردىن پايدىلىنىپ خېلى كۆپ كىرىم قىلغان. دىڭشاڭۋاكمياۋ ئىبادەتخانىسى ئۈرۈمچىدىن باشقا، چىتەي، جىمىسار، ماناس...... قاتارلىق جايلاردىمۇ بار ئىدى. بولۇپمۇ جىمىساردىكى دىڭشاڭۋاكمياۋ ئىبادەتخانىسى بىلەن مىڭ ئۆيدىكى ياتما بۇت قالتىس چىرايلىق، ھەيۋەتلىك ياسالغان. بۇ ئىبادەتخانا شەھەرنىڭ شىمالىدىكى 10 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولسىمۇ، لېكىن ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋە 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 2 قېتىم سەيلە بولاتتى. سەيلىگە ئادەم كۆپ كېلەتتى، 3 - 4 مىڭغا يېتەتتى. موڭغۇل قېرىنداشلارمۇ كۆپلەپ كېلەتتى. ياتما بۇت ئىبادەتخانىسىدا ۋېيتۇنىڭ تىك ھەيكىلى بولۇپ ناھايىتى ئېگىز ئىدى. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ھەيۋەتلىكى شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. 1933 - يىلى، خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرىنى باشلاپ قۇمۇلدىن جىمىسارغا كەلگەن چاغدا، بۇ ئىبادەتخانىنى كۆيدۈردۈۋەتكەن. 1948 - يىلى، ناھىيىنىڭ ھاكىمى كۆك چىڭۋېن ۋە يەرلىك سودىگەرلەر پۇل يىغىش قىلىپ، تاش غاردىكى تاش بۇتنى قايتىدىن ياسىغان. جىمىسار بۇرۇن بېيتىڭ دەپ ئاتىلىپ، دۇخۇ مەھكىمىسى تۇرغان جاي ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ناھىيە شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى خۇباۋ دېگەن جايدىن قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان بۇتلار تېپىلدى، بەزى لاي بۇتلار، تام سۆرەتلىرى قېزىۋېلىندى، ھازىر داۋاملىق قېزىلىۋاتىدۇ. نۇرغۇن تارىخىي يادىكارلىقلارنىڭ قېزىۋېلىنىدىغانلىقىغا بەرەز قىلىنماقتا.

(11) باشەنمياۋ ئىبادەتخانىسى (8 ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى): شەمگۇنىڭ غەربىدىكى تاغ قاپتىلىغا سېلىنغان بولۇپ، ھازىرقى

بىمەكلىكلەر دۇكىنى جايلاشقان جايدا ئىدى. ئىبادەتخانا نەك بولۇپ، ئالدى - كەينىدە ساراي ئۆي، ئىبادەت قىلىدىغان ئۆتەك ئۆيلىرى بار ئىدى. بۇ 8 ئەۋلىيا لۇي دۇڭبىن، خەن شاڭزى، لى تيەگۈەي، لەن سەيخې، ساۋ گوجيۇن، جاڭ گولاۋ، خې شەنگۇ، خەن جۇڭلى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى. ھەر يىلى 6 - ئايدا ئويۇن قويۇلۇپ، سەيلە قىلىناتتى، بۇ، خەيزىيەندىكى سەيلىگە ئوخشاش بەك قىزىيتتى. يەنە كېلىپ شىمىگو سەنزىدىلىك جاي بولغاچقا، ساياھەتچىلەر كۆپ كېلەتتى. شىمىگو ئېغىزىدىكى بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر راۋاق بولۇپ، شاۋساۋ راۋىقى دەپ ئاتىلاتتى. ئۆستەڭنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ ماڭغاندا يىدۇ راۋىقى دەيدىغان بىر راۋاق بار، بۇنى دەيلەن ياساتقان. دەيلەن بىلەن دەي كو (گۇاڭشۈي) ئىنى - ئاغىنە بولۇپ 8 دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭغا تاجاۋۇز قىلىپ چىڭ خاندانلىقى بىلەن سۈلھ تۈزگەندىن كېيىن، دەيلەن ئەسكەر بولۇپ شىنجاڭغا كېلىپ، يېڭىشەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىكى (دۈشمەن) سىغەن مەكتەپىنىڭ يېنىدىكى قورادا تۇرغان. كىشىلەر بۇ قورانى «خوجام مەھكىمىسى» دەپ ئاتىغان. ئۇ، پادىشانىڭ تۇققىنى بولغاچقا، گۇناھكار بولسىمۇ لېكىن يەرلىك ھەربىي - مەمۇرى ۋالى ئۇنى ئېسىل مېھمان سۈپىتىدە كۈتىۋالغان. ئۇنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن، يىڭ رۇينى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن لاۋمەنچىڭدا يىڭگۇڭ ئىبادەتخانىسى ياسالغان. بۇ ئىبادەتخانا ناھايىتى ئازادە، كۆركەم قىلىپ ياسالغان. ئىبادەتخانىدىكى دۈيلىيەنگە «جاھاننى تۈزەش ئۈچۈن ئىنسانلار خۇدانى ياد ئېتىشى كېرەك، جاھان بۇزۇلغاندا خۇدا ئىنسانلارنى ياد ئېتىدۇ» دېگەن سۆز يېزىلغان بولۇپ، بۇ سۆزنى ئىلى گېنېرالى



ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن. 1935 - يىلى، بۇ ئىبادەتخانا ئوق - دورا ئىسكىلاتىنىڭ پارتلىشى بىلەن ۋەيران بولغان.

(12) نياڭ - نياڭمياۋ ئىبادەتخانىسى: بۇ ئىبادەتخانا جەنگولۇدىكى بىڭتۇەن سانائەت - قاتناش بۆلۈمىنىڭ كونا ئورنىدا بولۇپ، شاپائەتچى مەبۇت راۋىقى بىلەن تۇتاش ئىدى. بۇنىڭدا 3 قىز تاۋاپ قىلىناتتى، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇلار ئەۋلىيالىقتا ئۆتكەن يۈەن شاۋ، بى شاۋ، چۈن شاۋلار بولۇپ، بايلىق ئىلاھى جاۋگۇڭمىڭنىڭ سىڭىللىرى ئىكەن (جاۋگۇڭمىڭ ۋۇسەيشىڭ دېيىلسە، بى گەن ۋېن سەيشىڭ دېيىلگەن). بۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇڭزى نياڭ - نياڭ، يەنگۇاڭ بۇتسىۋالارنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى. ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بۇتخانا سەيلىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەرۋاھقا ئاتاپ 3 كۈن ئويۇن قويۇلاتتى، تۇغماس ئاياللار بۇتقا سەجدە قىلىپ پەرزەنت تىلەيتتى، تۆۋە قىلاتتى، بەس - بەس بىلەن شاڭ كۆيدۈرەتتى. بۇ شەھەر ئىچىدىكى بۇتخانىلار سەيلىسى ئىچىدە ئەڭ قىزىيدىغان سەيلە ھېسابلىناتتى.

(13) شاپائەتچى مەبۇت راۋىقى ۋە لىمىن گۇڭسۇ: بۇ يەردە شاپائەتچى مەبۇت بۇتسىۋاسى تاۋاپ قىلىناتتى. شاپائەتچى مەبۇت راۋىقىدا بۇتسىۋانىڭ ھەيكىلى بار ئىدى. بۇتسىۋانىڭ تۇغۇلغان كۈنى ۋە ھېيت - بايراملاردا ئەرۋاھقا ئاتاپ 3 كۈن ئويۇن قويۇلاتتى. بۇنىڭ تەنتەنىلىك ئەھۋالى نياڭ - نياڭمياۋ ئىبادەتخانىسىنىڭكىگە ئوخشايتتى. لىمىن گۇڭسۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇرىتلىرىغا تەرىقەتنىڭ ۋەز ئېيتاتتى ۋە ئۇلارنى سەجدە قىلدۇراتتى، ئاخىرىدا زىياپەت بېرەتتى.

(14) لاۋجۇنمياۋ ئىبادەتخانىسى: ھازىرقى خۇكچۇن يېمەن مېھمانخانىسىنىڭ ئارقىسىدا بولۇپ، پادىشا، خاقان، لۇبەن، ئاۋىسخولارنى تاۋاپ قىلاتتى. ھەر يىلىدىكى سەيلە ئايرىم - ئايرىم ئۆتكۈزۈلەتتى، كۆمۈرچى، تۆمۈرچى، تاشچىلار پادىشا، خاقان شەرىپى ئۈچۈن سەيلە ئۆتكۈزسە، ياغاچچىلار ئۆزلىرىنىڭ پىرى — لۇبەن شەرىپىگە سەيلە ئۆتكۈزەتتى. زەگەر، مىسكەرلەر ئاۋىسخو شەرىپىگە سەيلە ئۆتكۈزەتتى. ھەر قايسى ئۆز ئالدىغا ئىپتىقات قىلاتتى. يۇقۇرىدىكىلەرنىڭ ھەيكىلى ۋە بۇتلىرى بار ئىدى. بۇ ئىبادەتخانىلار ھەيۋەتلىك ئىدى. لاۋجۇنمياۋ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئاستىدا كۆمۈر كان بار ئىدى، ياڭ زېڭشىن بەزى نورمالسىز ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، بۇ كۆمۈر كاننى ئېچىشقا رۇخسەت قىلمىغان. بۇ ئىبادەتخانىدا سەيلە بولغان چاغلاردا، ھاكىم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ «ئەرۋاھقا ئاتاپ ئويۇن قويۇلىدۇ، ئەدەپلىك بولۇش شەرت، ھاراق ئىچىپ چاتاق چىقارغانلار قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ» دەپ جاكالايتتى. ھەر قايسى ئىبادەتخانىلاردا ئويۇن قويۇلغاندىمۇ مۇشۇنداق ئۇقتۇرۇشلار چىقىرىلاتتى.

(15) ياۋۋاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى: بۇ ئىبادەتخانا ياۋجىنگە يېڭىدىكى تاغ قاپتىلىدا بولۇپ، سۇنسىمياۋنى تاۋاپ قىلاتتى ھەم ئۇنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى. سۇنسىمياۋ تاڭ سۇلالىسىدا ئۆتكەن ئادەم بولۇپ، «چەنجىنفاڭ ۋە چەنجىنيىفاڭ» (دورا قامۇسلىرى) دىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. جۇڭگو ئىلمى جەھەتتە زور تۆھپە قوشقان. مۇشۇ سەۋەپتىن كىشىلەر ئۇنى «دورا پادىشاسى» دەپ ئاتىغان. ھەر يىلى ئەتىيازدا «دورا پادىشا» سىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، تىببى - دورا ساھەسىدى-



كى زاتلار ئەرۋاھقا ئاتاپ ئويۇن قوياتتى، ئادەتتىكى پۇقرالارمۇ شاڭ كۆيدۈرۈپ دۇئا - تەكبىر قىلىپ ئۆزلىرىگە ئامان - ئېسەنلىك تىلەيتتى. شۇ چاغلاردا شىنجاڭدا دورىخانىلار كۆپ ئىدى. مەسىلەن، نىدېتاڭ، رېشىڭتاڭ، يۈەنتەيتاڭ، شىڭلىنچۈن، تيەنتەيتاڭ، جېشىڭشى، لۇكچۇنتاڭ........ دوختۇرلار دورىخانىدا تۇرۇپ دوختۇرلۇق قىلاتتى، تومۇر تۇتۇپ رېتسىپ يازاتتى، يۈننىڭ بىلەن خەلقنىڭ داۋالىنىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇلاتتى.

(16) لوزۇمياۋ ئىبادەتخانىسى: بۇ ئىبادەتخانا ھازىرقى شاۋدۇڭلياڭدىكى 4 - مەكتەپنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى، لوزۇ تاۋاپ قىلىناتتى. دىمەك، سەتىراچلارنىڭ پىرى تاۋاپ قىلىناتتى. سەتىراچلار چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ۋاكالىتەن يارلىق جاكالىغۇچى دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ساقال ۋە چاچنى ئالدۇرماي ئۇزۇن قويۇۋېتىش، چاچنى ئۆرۈۋېلىش تەشەببۇس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇلار بۇنىڭغا نارازى بولۇپ، ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىغان. چىڭ خاندانلىقى بۇنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ، ھەر ئايدا بىر قېتىم چاچ - ساقال ئېلىشنى بەلگىلىگەن. سەتىراچلار بۇ يارلىقنى ئورۇندىغا ۋاكالىتەن جاكالىغان، شۇڭا كىشىلەر سەتىراچنى ۋاكالىتەن يارلىق جاكالىغۇچى دەپ ئاتىغان. ھەر يىلى 6 - ئايدا، لوزومياۋ ئىبادەتخانىسىدا بىر قېتىم سەيلە بولاتتى، 3 كۈن ئويۇن قويۇلاتتى. بۇ ئويۇنلار باشقا ئىبادەتخانىلاردىكىدەك ئانچە قىزىق بولمايتتى.

(17) خوشىڭمياۋ ئىبادەتخانىسى: بۇ ئىبادەتخانىدا لو-

شۇەن تاۋاپ قىلىناتتى. بۇ، قۇيمىچى ۋە كۆمۈرچىلەرنىڭ ئىبادەتخانىسى بولۇپ، شاۋنەنمىن سىرتىدىكى ھازىرقى قاش تېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ يېنىدا ئىدى. ھەر يىلى يازدا ئەرۋاھقا ئاتاپ 3 كۈن ئويۇن قويۇلاتتى. شىڭ شىسەي زامانىسىدا بۇ ئىبادەتخانا ئىچىدە ئاياللارنىڭ يىڭىلىقا كۆچۈش سەيپۇڭلۇق كارخانىسى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كارخانا كېيىنكى چاغلاردا شىمىگوغا كۆچۈرۈلدى. ئىبادەتخانىمۇ چۇۋۇپ تاشلاندى.

(18) ماۋاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى: بۇ ئىبادەتخانىدا يىلىڭ شاۋ تاۋاپ قىلىناتتى، نەنگۇەن دۇڭساۋمىن ئىچىدىكى «چۇەنجىن گۇەن» نىڭ غەربىدىكى يول ئاغزىدا ئىدى. ئات، خېچىر، تۆگە باقىدىغان، يۈك توشۇيدىغان، دەڭچا، ئۇلاق سودىسى قىلىدىغانلار ۋە دىخانلار تاۋاپ قىلاتتى، ھەر يىلى ئەرۋاھقا ئاتاپ 3 كۈن ئويۇن قويۇلاتتى.

(19) چۇەنجىنگۇەن: ماۋاڭمياۋ ئىبادەتخانىسىنىڭ شەرقىدىكى دۇڭساۋمىن سىپىلىگە ياندىش بولۇپ، زوچۇشاڭ پىرى تاۋاپ قىلىناتتى، بۇ جاي تەرەققەت دىنىدىكىلەرنىڭ ئىبادەتخانىسى ئىدى. شۇ چاغدا بۇنى باشقۇرىدىغان كىشى تىيەداۋ دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ كىشى 6 خىل ھۈنەرگە، چامباشچىلىق ۋە دوختۇرلۇققا ئۇستا ئىدى، ئادەتتىكى چاغلاردا رەم سالاتتى، كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قوياتتى، سەدىقە قىلاتتى، بۇ جايدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئويۇن قويۇلمىغان ۋە سەيلىمۇ قىلىنمىغان.

(20) چىڭخۇاڭ مياۋ ئىبادەتخانىسى: داشىمىن ئىچىدە، يەنى ھازىرقى شىنجاڭ تىياتىرخانىسىنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئۆلكە، ۋىلايەت (مەھكىمە)، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىگە بۆلۈنۈپ



تاۋاپ قىلىناتتى. تاشقى قورانىڭ شەرقى - غەربىنىڭ 2 تەرىپىدە 10 ئېغىز ئەزرائىل ئوردىسى بار ئىدى، ئاستىدىكى 18 قەۋەت دوزاقتا گۇناكارلارنىڭ قىلىچ ئاستىدا تۇرغانلىقى، قايناۋاتقان ياغقا تاشلانغانلىقى قاتارلىق ھەيكەللەر بار ئىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا ئەرۋاھقا ئاتاپ نەزىر - چىراق قىلىناتتى، ئايەت ئوقۇلاتتى، ھەۋەسكارلار ئويۇنمۇ قوياتتى. ھەر يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، باش ۋالى شەھەرنى چارلاپ بولغاندىن كېيىن، سارايدا 2 كۈن قونۇپ، 17 - كۈنى قايتىپ كېتەتتى. باشقا ناھىيىلەردىكى مەسىلەن، چىتەي، ئىلىدىكى باش ئەمەلدارلارمۇ ھەر يىلى شۇنداق قىلاتتى. ئۇلار شەھەرنى چارلاپ بولۇپ مەھكىمىگە قايتقاندا، يول ۋە كوچا بويلىرىدا دۇكان ئاچقان ئاھالىلار شاڭ كۆيدۈرۈپ، سەجدە قىلىپ، قارشى ئالاتتى. بەزى چاغلاردا كېچىسى ئالۋاستى قوغلاش يۈزىسىدىن بەزى ئىشلار قىلىناتتى. مەسىلەن، قەغەزدىن كالا بېشى، ئاتنىڭ يۈزى قاتارلىق رەڭگا - رەڭ نەرسىلەر ياسىلاتتى. چىڭخۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسىدا نۇرغۇن تاۋۇت ساندۇق قويۇلغان بولۇپ، بۇلارنى ھەر قايسى ئىبادەتخانىلار ۋە ساخاۋەتچىلەر پۇل يىغىش قىلىپ ياساتقان ئىدى، بۇ تاۋۇت ساندۇقلار يېتىم، تۇل، باققۇچىسى يوق، تىلەمچىلەر ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇلارنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى.

(21) تيەنجۇتاڭ (كاتولىك)، فۇيىڭتاڭ، جىدۇجياۋتاڭ (خىرىستىيان) چىركاۋى: بۇ چىركاۋلارنىڭ پوپلىرىنى جاھانگىر دۆلەتلەردىن تارقىتىش نامى بىلەن دۆلىتىمىزگە ئەۋەتكەن بولۇپ، چىركاۋلار بۇلارنىڭ جۇڭگو خەلقىنى بىخوتلاشتۇرۇپ، ئاخبارات توپلاش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان تايانچى بازىسى

بولۇپ قالغان. كاتولىك چىركوۋى شاۋنەنمەن سىرتىدا بولۇپ، نۇرغۇن يەر سېتىۋالغان، بۇ يەرلەرنى مۇرىتلىرىنىڭ تېرىپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلغان، خرىستىيان چىركوۋى مىڭدىبولۇدا، فۇيىڭتاڭ مەدىنىيەت كوچىسىدا ئىدى. ئۇلار ھەر ھەپتىدە مۇرىتلىرىنى يىغىپ دۇئا - تەكبىر قىلاتتى ۋە دىنى ئەقىدىنى سۆزلەيتتى. شۇنداقلا مۇرىت قوبۇل قىلاتتى. بۇرۇن بۇ پوپلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە تاغلىق رايون، يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ، نۇرغۇن ئاخبارات توپلاش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان ھەمدە ھەر جەھەتتىكى ماتېرىياللارنى توپلىغان. شېڭ شىسەي زامانىسىغا كەلگەندە، جاھانگىرلارنىڭ ئاخبارات توپلاش پائالىيىتىنى چەكلەش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى پوپلار چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، چىركاۋلار مۇسادىرە قىلىنغان ئىدى. كېيىن يەنە شاۋنەنمەن سىرتىدىكى كاتولىك چىركوۋى مەھبۇسلارنى مەخپى سوراق قىلىدىغان، خەلقنى قىرىدىغان ئورۇنغا ئايلىنىپ قالدى.

## ساراي

شىنجاڭدىكى سارايلار (خۇيگۇەن) نىڭ قايسى سۇلالە، قايسى دەۋردىن باشلاپ بارلىققا كەلگەنلىكى تېخى ئىسپاتلانمىدى. ساراي ياسىشنىڭ تازا ئەۋج ئالغان ۋاقتى زو زۇڭتاڭ ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزىنى مەغلۇپ قىلغاندىن تارتىپ ياڭ زېڭشىننىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەۋرىگىچە بولدى. شىنخەي ئىنقىلابىدا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى گېلاۋخۇي باش كۆتىرىپ، بايلارنى قىرىپ، نامراتلارنى قۇتقۇزۇش، خىيانەتچى



ئەمەلدارلارنى ۋە پارىخورلارنى يوقىتىش دېگەن بايراقنى كۆتىرىۋېلىپ، سارايلارنى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىكى ئالاقىلىشىدىغان مەركىزى قىلىۋالغان ئىدى. شۇڭا ياڭ زېڭشىن بۇلارنى بىر مەھەل چەكلەپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئىبادەتخانا، سارايلارنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى. سارايىنىڭ باشلىقى بار ئىدى، باشلىق بولغان كىشى سارايىنىڭ ھىساۋىتى ۋە مال - مۈلكىنى باشقۇراتتى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە شاڭ كۆيدۈرىدىغان خىزمەتچى بولۇپ، مەخسۇس شاڭ كۆيدۈرەتتى ۋە ئىشىك باقاتتى، يەنە ئاشپەزمۇ بار. گېلاۋخۇي ۋەقەسى تىنجىتىلىپ، ئاق روسلارنىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىش مەسىلىسى ھەل بولغاندىن كېيىن، ئىبادەتخانا، سارايلارنىڭ پائالىيىتى قايتىدىن ئەۋج ئالدى. ئومۇمەن، ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كەلگەن ياكى باشقا ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئۆلكە مەركىزىگە كەلگەن يۇرتداشلار ھەر قايسى سارايلارغا چۈشەتتى، ئۇلارغا تاماق، ياتاق بېرىلەتتى، ئۆرمۈش كۆچۈرۈش، خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئۈچۈن چىقىش يولى تېپىپ بېرىلەتتى. بۇرۇن ئىبادەتخانىلار بىلەن سارايلار بىر گەۋدە ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە مال - مۈلكى ئەڭ كۆپ بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) خۇنەن، خۇبېيلىكلەر سارىيى: زو زۇڭتاڭ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، ۋاڭ يىمياۋنى ياساشنىڭ ئالدى - كەينىدە سالدۇرغان. بۇ يەرنىڭ ئەسلى ئىسمى خېخۋاجيې كوچىسى بولۇپ، يۈيۈۋاڭنى تاۋاپ قىلاتتى. زو زۇڭتاڭ قوشۇنىدىكىلەر خۇنەن، خۇبېيلىكلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلار شىنجاڭغا كېلىپ مالىمانچىلىقنى تىنجىتقاندىن كېيىن، بىر قىسىم قېرى، ئاجىز، ئاقساق - چولاق خۇنەنلىك

ئەسكەرلىرى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلغان، كۆپ قىسمى شىنجاڭدا ماكانلىشىپ قالغان، شۇڭا سارايلار كىشىلەر ئۆز يۇرتلىرىنى سېغىنغاندا بارىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قالغان. بولۇپمۇ ھەر يىلى يازدا يۈيۈيۋاڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەيدىغان چاغدا، خۇنەنلىك، خۇبېيلىك زاتلار سارايغا يىغىلىپ زىياپەت بېرەتتى، ئەرۋاھقا ئاتاپ 3 كۈن ئويۇن قويۇلاتتى، يۇرتداشلىق دوستلۇقى ئۈستىدە سۆزلىشەتتى. خۇنەن، خۇبېيلىكلەر سارىيى بىلەن ۋاڭ يېمياۋ ئىبادەتخانىسىنىڭ نۇرغۇن ئۆي ـ ئىمارەت ۋە يەر ـ زېمىنلىرى بار ئىدى. ھەر يىلى ئۆي ئىجارىسى ۋە يەر ئىجارىسى بولۇپ نۇرغۇن نەرسىلەر يىغىلاتتى، يىغىلغان بۇ پۇل ۋە ئاشلىقلارنىڭ بىر قىسمى قۇتقۇزۇش ۋە ئومۇم خىراجەت ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى، مەسىلەن، زوگۇڭسى ئىبادەتخانىسىدا خۇنەنلىك، خۇبېيلىكلەر پەرزەنت مەكتىۋى ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى تەربىيىلەندى، شېڭ شىسەي بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ تۇرۇشلۇق زوگۇڭسىنى تۈرمە قىلغاندىن كېيىن بالىلار تارىلىپ كەتتى، بۇرۇن خۇنەنلىك، خۇبېيلىك زاتلارنىڭ ھال ـ ئوقىتى ياخشى بولغاچقا، مۈلۈك پۇل ـ پىچەككە ئىگە بولغان بولۇپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىدىغان چاغلاردا ئۆزلىرى تۇرغان جاينى ئۇنتۇپ قالماي بىر قىسىم پۇل ـ پىچەك، ياكى مال ـ مۈلۈك ۋە ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى سارايغا ھەدىيەقىلىپ كېتەتتى (باشقا ناھىيەلەردە شۇنداق قىلاتتى)، بۇ نەرسىلەر ئۇلار ئۈچۈن خەير ـ ساخاۋەت قىلغانلىق بولاتتى، شۇڭا خۇنەن، خۇبېيلىكلەر سارىيىنىڭ يەر ـ زېمىنى، ئۆي ـ ئىمارەتلىرى، مال ـ مۈلكى ئەڭ كۆپ ئىدى.

ساراي ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن باشلاپ، سارايغا كەلگەنلىكى ئادەملەرگە ياش ـ قېرى دېمەستىن بىر



كىشىلىك ئۇماچ بېرىپ سەدىقە قىلاتتى، بۇنداق قىلىش تاكى يېڭى يىل ھارپىسىغىچە داۋام قىلاتتى.

(2) سەنشى سارىيى: شاۋشىمەندىكى يېڭىلىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، سەنشىلىك زاتلار ياسىغان. گۇۋەنشىڭ دېجۇن تاۋاپ قىلىناتتى، ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يىغىلىش قىلىپ، ئەرۋاھقا ئاتاپ 3 كۈن ئويۇن قويۇلاتتى، شۇ چاغدا سارايىنىڭ ئەتراپى كۆكتاتلىق بولۇپ، بۇنىڭ كۆپ قىسمى سارايىنىڭ ئىلكىدە ئىدى، سارايىنىڭ ئىگەللىگەن ئورنى بەك چوڭ، بۇتلىرى ھەيۋەت، دەرەخلىرى ئېگىز، ئەتراپى جىم ـ جىت ئىدى، چىتەيدە سودىگەرلىك قىلىدىغان سەنشىلىكلەر تېخىمۇ كۆپ ئىدى. چىتەيدە ياسالغان سەنشى سارىيى كۆلىمى جەھەتتە ئۈرۈمچىدىكى سەنشى سارىيىدىن تېخىمۇ ھەيۋەت ئىدى. ئۇ، ياغاچتىن ياسالغان 3 قەۋەتلىك ئەتىۋار ۋە كۆزلۈك بىنا بولۇپ، ئالتۇندەك پاقىراپ تۇراتتى، بىنانىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارايدىغان بولسا، چىتەي بازىرىنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، شېڭ شىسەي ئەتىۋار ۋە كۆزلۈك بىنانى ياپون ئىبلىسلىرىنىڭ پارتلىتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ چۇۋۇۋەتكەن.

جايلاردىكى سەنشى سارايلىرى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش جەھەتتە داڭقى بار ئىدى، ھەر يىلى باھار بايرىمىدا ئېگىز ياغاچ ئاياقتا مېڭىش، ئايلىنىش، دۇمباق چېلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئويۇنلار ئوينىلاتتى، 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئالدى بىلەن ئىدارە ـ جەمئىيەتلەر، ئاندىن كېيىن سودىگەرلەر، ئەڭ

ئاخىرىدا بايلار بىر بىرىنى ھېيتلايتتى، ھېيتلاش تاكى 16 - كۈنىگىچە داۋام قىلاتتى. چىتەيدە يەنە سەنشىلىك ئاچقان «فىڭشۇەن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئاشپۇزۇل بولۇپ، تاماق، سەيلىرى تەملىك ئىدى، خېرىدارلارغا ئوبدان خىزمەت قىلاتتى. تونۇشلىرىغا تاماق، سەيىنى نىسى بېرىپ، زۇڭزا، تاۋۇز چاغانلىرىدا ھېساپ - كىتاپ قىلاتتى. بۇ ئاشپۇزۇلنىڭ ئوقىتى ياخشى بولغاچقا، شىنجاڭ بويىچە داڭقى بار ئىدى.

(3) شەنشى سارىيى: دۆڭ داجيە كوچىسىدا بولۇپ، ۋىنۋاڭ، ۋۇۋاڭ، جۇگۇڭلار تاۋاپ قىلىناتتى. بۇ سارايىنىڭ مال مۈلكى كۆپ ئىدى، ھەر يىلى ئۆز ئادىتى بويىچە ئەرۋاھقا ئاتاپ ئويۇن قويياتتى ۋە يۇرتداشلار بىر يەرگە جەم بولۇپ زىيابەت ئۆتكۈزەتتى. باھار بايرىمىدا ياغاچ ئاياقتا مېڭىش قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايتتى. ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرى قالتىس ياخشى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولاتتى. شېڭ شىسەي دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ ساراي ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىستىمال كوپېراتىۋىغا ئۆزگەرتىلدى. ھەر ئايدا نوپۇس بويىچە تاشلىق، ياغ سېتىۋېلىناتتى، باھاسى ئەرزان ئىدى، مال باھاسىدا ئۆزگىرىش بولغان تەقدىردىمۇ، بۇلار مال باھاسىنى ئۆستۈرمەيتتى ۋە تەكشىمەيتتى.

(4) گەنسۇ سارىيى: يەنە بىر ئىسمى لۇڭيۇ سارىيى، دەپ ئاتىلاتتى. فۇيىشى تاۋاپ قىلىناتتى، شەھەرلىك 1 - دوختۇرخانىنىڭ كەينىدىكى جەنكاڭلۇ كوچىسىدا ئىدى. ساراي ئورۇنلاشقان (ھازىر ھەمكارلىق كوچىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى) كوچىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەشۇ سارايىنىڭ ئىدى. ھەر يىلى ئەرۋاھقا ئاتاپ ئويۇن قويغاندا، سارايدىكى



كىتاپلار كۆرگەزمە قىلىناتتى. جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ساراي ئىچىدە گەنسۇلۇقلار پەرزەنتلىرى مەكتىپى ئېچىلىپ، گەنسۇلۇق كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى تەربىيىلىنەتتى. شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندا، ئورۇش كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ ساراي ياردارلارنى داۋالايدىغان قوروقلۇق ئارمىيە دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ دەرس توختاتتى. جىن شۇرېن يەنە گەنسۇ سارىيىنى «گەنسۇ - شىنجاڭ سارىيى» غا ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ، بۇ 2 ئۆلكە بىر ئائىلە دېگەننى بىلدۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ غەرىزى ئىشقا ئاشمىغان ئىدى. پەقەت چىتەي ناھىيىسىدىكى جۇدى سارىيىنىڭ شەرق تەرىپىگە «گەنسۇ - شىنجاڭ سارىيى» ناشقىدىن ياسالدى.

(5) سىچۇەن سارىيى: ۋىنچاڭ دىجۈن تاۋاپ قىلىناتتى، ئورنى شەھەرنىڭ مەركىزىدە بولۇپ، سەھنىلىرى ئېگىز، جاھازلىرى تولۇق بولۇپ، ئەتراپىدا ھوجرا، زال ۋە مۇنبەر بار ئىدى. شېڭ شىسەي دەۋرىدە خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەت ئورنى قىلىنغان، قوروغا كىنوخانا ۋە تىياتىرخانا ياسىغان. كېيىنكى چاغلاردا يولداش ماۋ دۈننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جاۋ دەن، جۇ جىنمىن، ۋاڭ ۋېيى، شۈي داۋ، يى لىيە ۋە يۈي سۈڭ قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ تىياتىر پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققى قىلدۇرغانلىقتىن، بۇ جاي پائالىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان. 1940 - يىلى، جاۋدەن باش رولنى ئېلىپ چىققان «كۆرەش» دېگەن سەھنە ئەسىرى مۇشۇ تىياتىرخانىدا ئوينالغان بولۇپ، پۈتۈن شەھەرنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن ئىدى.

(6) جوڭجۇ سارىيى: يەنى خىنەن سارىيى بولۇپ، يۈەنگە ئېتىقات قىلاتتى. ئورنى داشىڭخاڭدا ئىدى، ئورنى تار بولسىمۇ لېكىن ئەپلىك ياسالغان، كۆپ چاغلاردا كىنو قويۇلاتتى. كېيىنكى چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلگەن مۇھاجىرلار سەنئەت سىنىپى ئېچىپ، ئارتىسلاردىن مىڭ يۈشەن، شەن يۇلەن، شۈي سەيفېڭ، چېن باۋچىڭ، بەي يەنفۇ قاتارلىقلار مۇشۇ يەردە ئويۇن كۆرسەتكەندە، زالغا تاماشىبىنلار لىقمۇ-لىق توشۇپ كەتكەن. كېيىن، كىنو قويۇۋاتقاندا ئوت كېتىپ كۆيۈپ تۈگىدى.

(7) جىجياڭ سارىيى: سەنجياڭ سارىيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ (جياڭشى، جياڭسۇ، جىجياڭنى كۆرسىتىدۇ)، ئورنى شاۋدۇڭمىندا بولۇپ، يۈۋاڭ گوجەنگە ئېتىقات قىلاتتى، ھەر يىلى ھېيت-بايراملاردا نەزىر-چىراق قىلاتتى، ئويۇن قويمايتتى، سەيلە ئۆتكۈزمەيتتى، بۇنىڭ بۇنداق بولۇشى جىجياڭلىقلارنىڭ ناھايىتى ئاز بولغانلىقىدىن ئىدى.

(8) زوگۇڭسى، لىيۇگۇڭسى، جۇڭيى گۇڭسى (ساداقەتچىلەر سارىيى):

زوگۇڭسىنىڭ ئورنى خۇنەن، خۇبېي سارىيىنىڭ جەنۇبىدىكى سەنجۇەدى دىگەن جايدىكى خېيخۇاچى (نىلۇپەر گۈلى كۆلى)نىڭ شەرق تەرىپىدە ئىدى. قۇرۇلۇشى كەڭ، چوڭ-كىچىك ساراي ئۆيلەر، ئىبادەت قىلىدىغان تۈنەكخانىلار، ئويۇن قويىدىغان سەھنە بار ئىدى. زو زۇڭتاڭنىڭ سۈرىتىنى تاۋاپ قىلاتتى.

لىيۇگۇڭسىنىڭ ئورنى بىنلياڭدىكى سابىق قانۇن-سىياسى شۆبىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، يەنى ھازىرقى 1-ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، قۇرۇلۇشلىرى زوگۇڭسىنىڭكىگە ئوخشايتتى، لىيۇ جىنتاڭنىڭ سۈرىتىنى تاۋاپ قىلاتتى.

جۇڭيىسىنىڭ ئورنى دۇڭمېندا بولۇپ، زو زۇڭتاڭ شىنجاڭغا



قوشۇن باشلاپ كېلىپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنى باستۇرغاندا قۇربان بولغانلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان تەزىيە تاختىسىنى تاۋاپ قىلاتتى.

يۇقۇرىدىكى 3 گۇڭسىنى چىڭ خاندانلىقى زو زۇڭتاڭ، لىيۇ جىنتاڭ ۋە جەڭدە قۇربان بولغانلارنى تەقدىرلەش ئۈچۈن پۇل ئاجرىتىپ ياساتقان، ياڭ زېڭشىن دەۋرىگە كەلگەندە، جۇڭيىسى شاڭدىمياۋغا ئۆزگەرتىلدى، قايتىدىن رېمونت قىلىندى. يېڭىدىن ھاكىم بولغانلار شاڭدىمياۋغا بېرىپ شاڭ كۆيدۈرۈپ سەجدە قىلاتتى، قەسەم بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەزىپە ئۆتەشكە كېتەتتى.

تاۋگۇڭسى دەيدىغان بىر سىتاڭمۇ بار، بۇ شىنجاڭنىڭ ھەربى-مەمۇرى ۋالىسى بولغان تاۋ موجۈنىڭ سىتاڭى بولۇپ، ئورنى مەدەنىيەت كوچىسىدا ئىدى، ئۆيلىرى ئاز بولۇپ باشقىلارغا قارىغاندا ئانچە ھەيۋەت ئەمەستى.

(9) چەنجۇ سارىيى: كېيىن ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ يىغىن ئورنى قىلىنغان.

## 3. مەرھۇملار سارىيى

جايلاردىكى سارايلارنىڭ كۆپىنچىسىدە مەرھۇملار بار ئىدى ھەمدە قەۋرە ۋە تاۋۇتلارغا مەخسۇس ئادەم قارايتتى، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى، تامىقىنى ساراي بېرەتتى. ئۇرۇمچىدە خۇنەنلىك مەرھۇملار سارىيى، خۇبېيلىك مەرھۇملار سارىيى، چى فىڭجۇ باشلىق شەرقلىق مەرھۇملار سارىيى، گەنسۇلۇق مەرھۇملار سارىيى قاتارلىقلار بار ئىدى. چى فىڭجۇ باشلىق شەرقلىق مەرھۇملار سارىيى مانجۇرىيە، فىڭتيەن، خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، سەندۇڭ، خېنەن قاتارلىق ئۆلكىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇ جاي مېيىتنى ۋاقىتلىق ساقلاپ ياكى تېيىزرەك كۆمۈپ ساقلاپ، كېيىنكى

چاغلاردا ئۆز يۇرتىغا يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلد-
ىغان ئورۇن ئىدى. مەرھۇملار سارىيىنىڭ ئورنى ھازىرقى خۇگسەن
مېھمانخانىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يەردە ئىدى. خۇنەنلىك،
خۇبېيلىك مەرھۇملار سارىيى ھازىرقى خەلق كىنوخانىسى ۋە
بىڭتۇەن سىنىكبۇسى ئەتراپىدا ئىدى، كېيىن قەۋرىلەر جەن-
جۈەنزىگۇغا يۆتكەپ كېتىلدى. بۇلاردىن باشقا خۇنەنلىك ھەربى
مەرھۇملار سارىيى بولۇپ، ئىتتىپاق يولىدىكى خاڭچىڭدا ئىدى.
كېيىن باشقا جايغا يۆتكەپ كېتىلدى. گەنسۇلۇق مەرھۇملار سارى-
يى دۈگمەن سىرتىدا بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا قەۋرىلەر جەن-
جۈەنزىگۇغا يۆتكەپ كېتىلدى. مەرھۇملار سارايلىرىنىڭ ھەممىسىدە
ساراي ئۆيلەر ۋە قورا تام، دەرۋازا بار ئىدى، ئىبادەت قى-
لىنىدىغان تۈنەكخانىلارمۇ كۆپ ئىدى. چوڭ ساراي ئۆيىدىكى
دىساگۇاڭ بۇتىسۋاغا ئىبتىقات قىلىناتتى. تۈنەكخانىدىكى يۆتكەپ
كېتىش ئالدىدا تۇرغان مېيىتلارنى تاۋاپ قىلاتتى. ھەر يىلى
چوكانتالدا (4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى) ۋە 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى
مەرھۇملار سارىيىغا قارايدىغانلار داۋجياۋ مۇخلىسلىرىنى تەكلىپ
قىلىپ ئۆلگەنلەرگە ئاتاپ قىرائەت قىلدۇراتتى، مۇخلىسلارغا
بېرىدىغان پۇلنى ساراي باشلىقلىرى ساراي پۇلىدىن چىقىم
قىلاتتى، شىڭ شىسەي دەۋرىگە كەلگەندە، ھەممە سارايلار
خەنزۇ ئۇيۇشمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. مەرھۇملار سارىيىدىكى
جەسەتلەر يۆتكەپ كېتىلىپ، ساراي چۇۋۇپ تاشلاندى، سارايلار-
نىڭ يەر ـ زېمىن، ئۆي ـ ئىمارەت، مال ـ مۈلكىنى خەنزۇ ئۇيۇش-
مىسى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۆلگەنلەرگە كۆللىكتىپ تەزىيە بىلدۈرۈپ
دۇئا ـ تەكبىر قىلىدىغان ئىشلار ئاخىرلاشتى.



# ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ
# ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىنىڭ
# قىسقىچە تارىخى

## شۇ شۇتۇڭ

1. خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراپلىشىشى

تارىختىن بۇيان كىشىلەر پەقەت سىچۈەن يولىنىڭ جاپالىق
ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى. بىراق شىنجاڭدا سەپەر قىلىشنىڭ سىچۈەن
يولىغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە جاپالىق ئىكەنلىكىنى
بىلمەيتتى. شۇڭا، 20 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بەزى ئۇقۇمۇشلۇق
زاتلار شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئاۋىئاتسىيە
يولى ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ قويغان ئىدى. دەل شۇ چاغدا
گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئەينى ۋاقىتلاردا پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر
بولغان رونكى ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىن ۋەكىل ئەۋەتىپ
گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قاتناش مىنىستىرلىكى بىلەن ياۋروپا ـ
ئاسىيا ھاۋا يولىنى ئېچىش ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى
ھەم بېرلىنكتە ياۋروپا ـ ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە
شىركىتى قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ھاۋا
يولى نەنجىڭدىن باشلىنىپ شىنجاڭدىكى قۇمۇل، ئۈرۈمچى،
چۆچەك ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرگەندىن كېيىن، ئوددول

ﻴﻬﺮﻟﯩﻨﯩﻐﺎ ﺗﯘﺗﯩﺸﺎﺗﺘﻰ. 1929 - ﻳﯩﻠﺪﯨﻦ ﺑﺎﺷﻼﭖ ﺷﯩﻨﺠﺎڭدىكى ﻗﯘﻣﯘﻝ،
ﭼﯚﭼﻪﻙ، ﺋﯜﺭﯛﻣﭽﯩﺪﯨﻦ ﺋﯩﺒﺎﺭﻩﺕ 3 ﺟﺎﻳﺪﺍ ﺋﺎﻳﺮﻭﺩﻭﺭﯗﻡ ﻳﺎﺳﯩﻠﯩﺸﻘﺎ ﺑﺎﺷ-
ﻻﻧﺪﻯ. ﻗﯘﻣﯘﻝ ﺋﺎﻳﺮﻭﺩﻭﺭﯗﻣﻰ ﻧﺎﮬﯩﻴﯩﺪﯨﻦ 3—4 ﻛﯩﻠﻮﻣﯧﺘﯩﺮ ﻳﯩﺮﺍﻗﻠﯩﻘﺘﯩﻜﻰ
ﻣﯩﻴﺴﺎۋﻭﺯﯨﺪﺍ ﻳﺎﺳﺎﻟﺪﻯ؛ ﺋﯜﺭﯛﻣﭽﻰ ﺋﺎﻳﺮﻭﺩﻭﺭﯗﻣﻰ ﻧﻪﻧﻠﯩﻴﺎﯕﻨﯩﯔ ﺷﻪﺭﻕ
ﺷﯩﻤﺎﻟﻰ ﺗﻪﺭﯨﭙﯩﺪﯨﻜﻰ ﺩﯙڭسەن ﺗﯧﻐﻰ ﺋﯧﺘﯩﻜﯩﺪﻩ ﻳﺎﺳﺎﻟﺪﻯ، ﺋﯘ، ﺋﯜﺭﯛﻣﭽﯩﻨﯩﯔ
ﺷﻪﺭﻕ ﺗﻪﺭﯨﭙﯩﺪﯨﻜﻰ ﺷﻪﮬﻪﺭ ﺳﯧﭙﯩﻠﯩﻐﺎ 8 ﻛﯩﻠﻮﻣﯧﺘﯩﺮ ﻛﯧﻠﻪﺗﺘﻰ،
ﻛﯧﻴﯩﻦ ﺋﺎﺩﯨﻴﻮﭘﯘﻏﺎ ﻛﯚﭼﯜﺭﯛﻟﺪﻯ. ﺋﯚﺯ ۋﺍﻗﺘﯩﺪﺍ، ﺷﺎﺭﺍﺋﯩﺘﯩﻨﯩﯔ ﭼﻪﻛ-
ﻟﯩﻤﯩﺴﻰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﺎﻳﺮﻭﺩﻭﺭﯗﻡ ﻗﯩﻠﯩﺸﻘﺎ ﺑﻪﻟﮕﯩﻠﻪﻧﮕﻪﻥ ﻳﻪﺭ ﺗﯜﺯﻟﯜﻧﯜﭖ،
ﻗﺎﺷﺎ ﺗﺎﻡ ۋﻩ ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻥ ﻗﻮﻳﯩﺪﯨﻐﺎﻥ ﺋﯚﻱ ﮬﻪﻡ ﺋﺎﻳﺮﻭﺩﻭﺭﯗﻡ
ﺧﯩﺰﻣﻪﺗﭽﻰ ﺧﺎﺩﯨﻤﻠﯩﺮﻯ ﺗﯘﺭﯨﺪﯨﻐﺎﻥ ﻳﺎﺗﺎﻕ، ﻣﺎﻱ ﺋﯩﺴﻜﯩﻼﺗﯩﻼ ﻳﺎﺳﺎﻟ-
ﻏﺎﻥ ﺋﯩﺪﻯ، ﺗﺎﻣﺎﻗﺨﺎﻧﺎ، ﻣﯧﮭﻤﺎﻧﺨﺎﻧﺎ ﻳﻮﻕ ﺋﯩﺪﻯ، ﺗﺎﻣﺎﻕ ﻳﯧﻴﯩﺶ
ﺋﯜﭼﯜﻥ ﺋﺎﭘﺘﻮﻣﻮﺑﯩﻞ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺷﻪﮬﻪﺭﮔﻪ ﻛﯩﺮﯨﺸﻜﻪ ﺗﻮﻏﺮﺍ ﻛﯧﻠﻪﺗﺘﻰ.

1930 - ﻳﯩﻠﻰ، ﮔﯧﺮﻣﺎﻧﯩﻴﯩﺪﻩ ﺋﯩﺸﻠﻪﻧﮕﻪﻥ ﺭﻭﻧﻜﻰ ﻣﺎﺭﻛﯩﻠﯩﻖ
ﺑﯩﺮ ﻣﺎﺗﻮﺭﻟﯘﻕ ﭘﺎﺳﺴﺎﮊﯨﺮ ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻧﻰ ﺳﯩﻨﺎﻕ ﺗﻪﺭﯨﻘﯩﺴﯩﺪﻩ ﺷﯩﻨ-
ﺠﺎڭغا ﺋﯘﭼﯘﭖ ﻣﯘۋﻩﭘﭙﻪﻗﯩﻴﻪﺕ ﻗﺎﺯﺍﻧﺪﻯ. ﮔﻪﺭﭼﻪ ﮬﺎۋﺍ ﻳﻮﻟﻰ ﺑﻪﻟ-
ﮕﯩﻠﻪﻧﮕﻪﻥ ﺑﻮﻟﺴﯩﻤﯘ، ﻟﯧﻜﯩﻦ، ﺳﻮۋﯦﺖ ﺋﯩﺘﺘﯩﭙﺎﻗﻰ ﮬﯚﻛﯜﻣﯩﺘﯩﻨﯩﯔ
ﻗﻮﺷﯘﻟﯘﺷﯩﺪﯨﻦ ﺋﯚﺗﻜﯜﺯﯛﻟﻤﯩﮕﻪﭼﻜﻪ، ﻳﺎۋﺭﻭﭘﺎ - ﺋﺎﺳﯩﻴﺎ ﺋﺎۋﯨﺌﺎﺗﺴﯩﻴﻪ
ﺷﯩﺮﻛﯩﺘﯩﻨﯩﯔ ﻧﯚۋﻩﺗﭽﻰ ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻧﻰ ﻗﺎﺗﻨﯩﻴﺎﻟﻤﯩﺪﻯ. 1937 - ﻳﯩﻠﻰ،
ﻳﺎﭘﻮﻥ ﺟﺎﮬﺎﻧﮕﯩﺮﻟﯩﻜﯩﮕﻪ ﻗﺎﺭﺷﻰ ﻗﻮﺷﯘﻥ ﺯﻭﺭﺍﻳﺪﻯ، ﺟﯘڭگو ﮬﯚﻛﯜﻣ-
ﯩﺘﻰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺳﻮۋﯦﺖ ﺋﯩﺘﺘﯩﭙﺎﻗﻰ ﮬﯚﻛﯜﻣﯩﺘﻰ ﺋﯚﺯ ﺋﺎﺭﺍ ﺗﺎﺟﺎۋﯗﺯ
ﻗﯩﻠﯩﺸﻤﺎﺳﻠﯩﻖ ﺷﻪﺭﺗﻨﺎﻣﯩﺴﻰ ﺋﯩﻤﺰﺍﻟﯩﺪﻯ ۋﻩ ﺳﻮۋﯦﺖ ﺋﯩﺘﺘﯩﭙﺎﻗﻰ ﺟﯘڭگوغا
ﮬﻪﺭﺑﯩﻲ ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻥ ﺳﯧﺘﯩﭗ ﺑﯧﺮﯨﭗ، ﺟﯘڭگونىڭ ﻳﺎﭘﻮﻥ ﺟﺎﮬﺎﻧﮕﯩﺮ-
ﻟﯩﻜﯩﮕﻪ ﻗﺎﺭﺷﻰ ﺗﯘﺭﯗﺷﯩﻐﺎ ﻳﺎﺭﺩﻩﻡ ﺑﯧﺮﯨﺪﯨﻐﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﻰ ۋﻩﺩﻩ ﻗﯩﻠﺪﻯ.
ﺑﯘﻧﯩﯔ ﺑﯩﻠﻪﻥ، ﺋﻪﺳﻠﯩﺪﻩ ﻳﺎۋﺭﻭﭘﺎ - ﺋﺎﺳﯩﻴﺎ ﮬﺎۋﺍ ﻗﺎﺗﻨﯩﺸﻰ ﺋﯜﭼﯜﻥ
ﻳﺎﺳﺎﻟﻐﺎﻥ ﺋﺎﻳﺮﻭﺩﻭﺭﯗﻣﻼﺭ، ﺳﻮۋﯦﺖ ﺋﯩﺘﺘﯩﭙﺎﻗﯩﻨﯩﯔ ﺟﯘڭگوغا ﺑﻪﺭﮔﻪﻥ



ﮬﻪﺭﺑﯩﻲ ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻧﻠﯩﺮﻯ ﻗﻮﻧﯩﺪﯨﻐﺎﻥ ﺋﺎﻳﺮﻭﺩﻭﺭﯗﻣﻐﺎ ﺋﯚﺯﮔﻪﺭﺗﯩﻠﺪﻯ.
ﮔﯘﭼﯘڭ، ﺷﯩﺨﻮ، ﺋﯩﻠﻰ ﻗﺎﺗﺎﺭﻟﯩﻘﻼﺭﺩﯨﻤﯘ ﻛﻪﻳﻨﻰ - ﻛﻪﻳﻨﯩﺪﯨﻦ ﺋﺎﻳﺮﻭﺩﻭﺭﯗﻡ ﻳﺎ-
ﺳﺎﻟﺪﻯ. ﻗﯘﻣﯘﻟﻨﯩﯔ ﻛﯩﭽﯩﻚ ﺗﯩﭙﺘﯩﻜﻰ ﻗﯩﺮﻏﯘﭼﻰ ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻧﻼﺭﻧﻰ
ﻗﯘﺭﺍﺷﺘﯘﺭﯗﺵ ۋﻩﺯﯨﭙﯩﺴﻰ ﺑﻮﻟﻐﺎﻧﻠﯩﻘﺘﯩﻦ، ﺋﯘ ﻳﻪﺭﺩﻩ ﺋﺎۋﯨﺌﺎﺗﺴﯩﻴﻪ
ﺑﺎﺯﯨﺴﻰ ﻗﯘﺭﯗﻟﺪﻯ. ﺟﺎﻳﻼﺭﺩﯨﻜﻰ ﺋﺎﻳﺮﻭﺩﻭﺭﯗﻣﻼﺭﻣﯘ ﺋﻪﺳﻠﯩﺪﯨﻜﻰ ﺋﺎﺳﺎﺱ-
ﺗﺎ ﻛﯧﯖﻪﻳﺘﯩﭗ ﻗﯘﺭﯗﻟﺪﻯ، ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻥ ﻗﻮﻳﯘﺵ ﺋﯜﭼﯜﻥ ﻻﭘﺎﺱ،
ﻣﺎﺷﯩﻨﺎ ﺋﯩﺴﻜﯩﻼﺗﻰ، ﺭﯦﻤﻮﻧﺖ ﻗﯩﻠﯩﺶ ﺳﯧﺨﻰ ۋﻩ ﭘﺎﺭﺍۋﺍﻧﻠﯩﻖ ﺋﻪﺳﻠﯩ-
ﮬﻪﻟﯩﺮﻯ ﻳﺎﺳﺎﻟﺪﻯ. ﺷﯘ ﭼﺎﻏﻼﺭﺩﺍ ﺟﯘڭگو ﺋﻪﻣﻪﻟﺪﺍﺭﻟﯩﺮﻯ ﻳﺎۋﺭﻭﭘﺎ
ﺩﯙﻟﻪﺗﻠﯩﺮﯨﮕﻪ ﭼﯩﻘﺴﺎ ﺳﻮۋﯦﺖ ﺋﯩﺘﺘﯩﭙﺎﻗﯩﻨﯩﯔ ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻧﯩﻐﺎ ﺋﻮﻟﺘﯘﺭﺍﺗﺘﻰ.
ﻳﺎﭘﻮﻥ ﺟﺎﮬﺎﻧﮕﯩﺮﻟﯩﻜﯩﮕﻪ ﻗﺎﺭﺷﻰ ﺗﯘﺭﯗﺵ ﺋﯘﺭﯗﺷﻰ ﻣﻪﺯﮔﯩﻠﯩﺪﻩ ﺟﯘڭگو
ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺳﻮۋﯦﺖ ﺋﯩﺘﺘﯩﭙﺎﻗﯩﻨﯩﯔ ﮬﻪﺭﺑﯩﻲ ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻧﻠﯩﺮﻯ ﺑﯘ ﻟﯩﻨﯩﻴﯩﺪﻩ
ﺋﯜﺯﯛﻟﻤﻪﻱ ﻗﺎﺗﻨﺎﭖ ﺗﯘﺭﺩﻯ. 1939 - ﻳﯩﻠﻰ، ﺟﯘڭگو ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺳﻮۋﯦﺖ
ﺋﯩﺘﺘﯩﭙﺎﻗﻰ ﻳﻪﻧﻪ ﺑﯩﺮ ﻗﻪﺩﻩﻡ ﺋﯩﻠﮕﯩﺮﯨﻠﻪﭖ ﻛﯧﻠﯩﺸﯩﻢ ﺋﯩﻤﺰﺍﻻﭖ،
ﺟﯘڭگو - ﺳﻮۋﯦﺖ ﺧﻪﻟﻖ ﺋﺎۋﯨﺌﺎﺗﺴﯩﻴﻪ ﺷﯩﺮﻛﯩﺘﯩﻨﻰ ﻗﯘﺭﺩﻯ. ﺋﯘﭼﯘﺵ
ﻣﯘﺳﺎﭘﯩﺴﻰ ﻗﯘﻣﯘﻟﺪﯨﻦ ﺋﺎﻟﻤﯘﺗﺎﻏﯩﭽﻪ ﻗﯩﻠﯩﭗ ﺑﻪﻟﮕﯩﻠﯩﻨﯩﭗ، ﺋﯘﭼﯘﺵ
ۋﻩﺯﯨﭙﯩﺴﯩﻨﻰ ﺳﻮۋﯦﺖ ﺋﯩﺘﺘﯩﭙﺎﻗﯩﻨﯩﯔ ﺧﻪﻟﻖ ﺋﺎۋﯨﺌﺎﺗﺴﯩﻴﻪ ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩ-
ﻻﻧﻠﯩﺮﻯ ﺋﯜﺳﺘﯩﮕﻪ ﺋﺎﻟﺪﻯ، ﺑﯘﻧﯩﯖﺪﺍ ﺩﺍﮔﻼﺱ ۋﻩ ﺳﻮۋﯦﺖ ﺋﯩﺘﺘﯩ-
ﭘﺎﻗﯩﺪﺍ ﺋﯩﺸﻠﻪﻧﮕﻪﻥ ﻝ—2 ﺷﻪﻛﯩﻠﻠﯩﻚ ﻗﻮﺵ ﻣﺎﺗﻮﺭﻟﯘﻕ ﭘﺎﺳﺴﺎﮊﯨﺮ
ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻧﻠﯩﺮﻯ ﺋﯩﺸﻠﯩﺘﯩﻠﺪﻯ. ﺟﯘڭگو - ﺳﻮۋﯦﺖ ﺧﻪﻟﻖ ﺋﺎۋﯨﺌﺎﺗﺴﯩﻴﻪ
ﺷﯩﺮﻛﯩﺘﻰ ﻗﯘﺭﯗﻟﯘﺷﻰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺗﻪڭلا ﻳﺎۋﺭﻭﭘﺎ - ﺋﺎﺳﯩﻴﺎ ﺋﺎۋﯨﺌﺎﺗﺴﯩﻴﻪ
ﺷﯩﺮﻛﯩﺘﻰ ﺟﯘڭگو ﻣﻪﺭﻛﯩﺰﯨﻲ ﺋﺎۋﯨﺌﺎﺗﺴﯩﻴﻪ ﺷﯩﺮﻛﯩﺘﯩﮕﻪ ﺋﯚﺯﮔﻪﺭﺗﯩﻠﯩﭗ،
ﭼﯘڭچىڭ—ﻗﯘﻣﯘﻝ ﮬﺎۋﺍ ﻳﻮﻟﻰ ﺋﯧﭽﯩﻠﺪﻯ. ﺋﻪﺳﻠﯩﺪﻩ ﺑﯘ ﺋﯩﻜﻜﻰ
ﺷﯩﺮﻛﻪﺕ ﻗﯘﻣﯘﻟﻨﻰ ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻥ ﺋﺎﻟﻤﯩﺸﯩﺶ ﺑﯧﻜﯩﺘﻰ ﻗﯩﻠﯩﺸﻨﻰ ﭘﯩﻼﻧ-
ﻟﯩﻐﺎﻥ ﺋﯩﺪﻯ، ﻟﯧﻜﯩﻦ، ﻣﻪﺭﻛﯩﺰﯨﻲ ﺋﺎۋﯨﺌﺎﺗﺴﯩﻴﻪ ﺷﯩﺮﻛﯩﺘﯩﻨﯩﯔ
ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻧﻰ ﻧﻮﺭﻣﺎﻝ ﻗﺎﺗﻨﯩﻤﺎﻳﺘﺘﻰ، ﺑﻪﺯﯨﺪﻩ ﻛﯧﻠﯩﭗ، ﺑﻪﺯﯨﺪﻩ ﻛﻪﻟﻤﻪﻳﺘﺘﻰ.

ئۇچۇش نۆۋىتى ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمىدى.

جۇڭگو ـ سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئايرو- پىلانى 1939 ـ يىلىدىن ئېتىۋارەن رەسمى قەرەللىك ئۇچۇشقا باشلىدى، ھەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنى ئالمۇتادىن ئۇچۇپ قۇمۇلغا قونۇپ، پەيشەنبە كۈنى قۇمۇلدىن ئالمۇتاغا قايتاتتى. كېيىن، شۇ كۈنى بېرىپ، شۇ كۈنى قايتىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇمۇل، ئۈرۈمچى، ئىلى ئايرودروملىرى كېڭەيتىپ ياسالدى. قۇمۇل ئايرودرومى ناھىيىدىن 15 كىلومېتىر شىمالغا چۆللۈككە كۆچۈرۈلدى، ئۈرۈمچى ئايرودرومى دادىيوپىدا تۇرۇۋەردى. بۇ ئىككى جايدا ئاۋىئا پورتى قۇرۇلغان بولۇپ، بىر قەدەر زامانىۋىلاشقان كۈتۈرۈلۈش، چۈشۈش ئۈسكۈنىلىرى، كېچىدە قونۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە يول باشلىغۇچى تېلېگراف ئىستانسىسى، ھاۋا رايى ئىستانسىسى، پاسسازىرلار ياتاق ـ تاماق- خانىسى قاتارلىق ئەسلىھەلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەم ياسالغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاۋىئا پورتتا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھەم- مىسى سوۋېتلىكلەر بولۇپ، سانى ناھايىتى ئاز ئىدى، قۇمۇل- دىكى ئاۋىئا پورتتا پەقەت بىر نەپەر بېكەت باشلىقى، بىر ھاۋا رايى خادىمى قوشۇمچە رادىست، بىر شوپۇر بار ئىدى. بېكەت باشلىقى بىلەت سېتىش، جىڭلاش، بىلەت تەكشۈرۈش، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشى ۋە قونۇشىغا قوماندانلىق قىلىش قاتار- لىق كەسپى، تىجارەت ئىشلىرىنى قوشۇمچە ئىشلەيتتى. شوپۇر ئاپتوۋۇز، يۈك ئاپتوموبىلى، بېنزىن ئاۋۇز ۋە كىران ماشىنىلىرىنى ھەيدىگەندىن تاشقىرى مال سېتىۋېلىش، تەمىنلەش، پاسسازىرلار- نى توشۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. رادىست قوشۇمچە



ھاۋا رايى خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بېرىش ۋە ئايروپىلان كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن تېلېگە- راما ئارقىلىق يول باشلاش ئىشىنى ئىشلەيتتى. باشتا پاسسا- زىرلار ئايرودرومدا تاماقلىنىپ، قونالايتتى، لېكىن بۇ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت داۋام قىلدى، كېيىن پاسسازىرلارنى شەھەرگە ئاپىرىدىغان بولدى. مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتى جۇڭچىڭ- قۇمۇل ھاۋا يولىنى ئاچقاندىن كېيىن نۆۋەتچى ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشى بەكمۇ نورمالسىز بولدى. بۇ شىركەتنىڭ قۇمۇلدا ئايرو- درومى يوق بولۇپ، ناھىيىدە بىر ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن تېلېگراف پونكىتى بار ئىدى، ماشىنا بىلەن ئايروپىلانى ئاي- رودرومدا تۇراتتى. ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن س ـ 45 ۋە س ـ 46 شەكىللىك ئايروپىلانلار بار ئىدى. ياپون ـ جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانى نەنجىڭدىن ئۇچىدىغان بولدى، لېكىن قېتىم سانى بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى.

ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىل- لىرىدە، ئامېرىكا، ھىندىستاندىن ئۇچۇپ ھىمالايا تېغىدىن ھال- قىپ ئۆتىدىغان ئاتالمىش «تۆگە لوكىسى» ھاۋا يولىنى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ۋە جۇڭگو ـ ئامېرىكا ھەمكار- لىقىدىكى جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇلۇپ، قۇمۇلدا ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىندى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئايروپىلانىنىڭ كەلگەن ـ كەتكىنىنى بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىدۇق.

مانا بۇ، ياۋروپا ـ ئاسىيا، جۇڭگو ـ سوۋېت ھەم جۇڭگودىكى مەركەزدىن تارتىپ تۆۋەندىكى 4 چوڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ

شىنجاڭدىكى راۋاجلىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش تارىخى ئىدى. ياۋروپا - ئاسىيا ھاۋا قاتنىشى سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا بۇ لىنىيىدىكى ھاۋا قاتنىشىمۇ توختىدى. لېكىن، جۇڭگو - سوۋېت نۆۋەتچى ئايروپىلانى 1949 - يىللارغىچە نورمال ئۇچۇپ تۇردى، ئۇ، شىنجاڭنىڭ خەلق ئاۋىئاتسىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغان ئىدى.

مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتى لەيلەپ قالغان ئورۇن بولۇپ، جۇڭگو نۆۋەتچى ئايروپىلانى نامدا بار ئەمەلىيەتتە يوق ئىدى. گەرچە ھاۋا قاتنىشى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭغا بېرىش - كېلىشتىكى قىيىنچىلىق ئەھۋالىدا يەنىلا ياخشىلىنىش بولمىدى. پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى ياسىلىپ، پويىز تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كورلىغىچە يېتىپ بارالايدىغان بولدى. خەلقارا ھاۋا يولى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا تەرەپ - تەرەپلەرگە تۇتاشتى. دۆلەت ئىچى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى نۆۋەتچى ئايروپىلانلارمۇ قەرەللىك ئۇچىدىغان بولدى. تاشيول قاتنىشىمۇ كۈنسايىن تەرەققىي قىلدى، بۇلار كىشىنى قانداقمۇ قايىل قىلمىسۇن؟

2. ھەربىي ئاۋىئاتسىيە ئۆزگىرىشى. شىنجاڭدا ھەربىي ئاۋىئاتسىيە 1931 - يىلى بارلىققا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا ما جۇڭيىڭ، يولۋاس ۋە خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق 3 تەرەپنىڭ قوراللىق كۈچى بىرلىشىپ قۇمۇل ناھىيىسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ئۇرۇش بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىدى. ئۆلكە دائىرىلىرى ئىلىدىن قورال - ياراغ بىر قەدەر يېڭى قىسىملارنى يۆتكەپ كەلگەندىن تاشقىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي كۆرەشچى ئايروپىلان



قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن پ-2 شەكىللىك مەشق ئايروپىلانىدىن 6 نى؛ ر-1 شەكىللىك چارلاش ئايروپىلانىدىن 3 نى سېتىۋېلىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇردى. بۇ، شىنجاڭدا ھەربىي مەقسەت ئۈچۈن ئايروپىلان ئىشلىتىشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇ چاغدىكى ليوتچىكلار بىلەن ئايرودۇرۇم خىزمەتچى خادىملىرى ۋە مېخانىزاتسىيە خادىملىرىنىڭ ھەممىسى شەرقىي شىمال ھەم ئىچكىرىدىن تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەن، يېتەكچىلىك قىلىشقا بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. 1932 - يىلى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى شىنجاڭدا مالىمانچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەربىي تەييارلىقنى كېڭەيتىپ، ھەربىي خادىملارنى تەربىيىلەشكە كىرىشتى. ئوفىتسېرلار مەكتىۋىنى قۇرغاندىن باشقا شۇ يىلى كۆزدە يەنە چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئاۋىئاتسىيە مەكتىۋىنى قۇردى. شەرقىي شىمالىق ليوتچىك لى شياۋتيەننى مەكتەپ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدى، بىرىنچى قاراردا 20 ئوقۇغۇچى ئوقۇدى. ئىسمىدە قېلىشىچە بۇ ئوقۇغۇچىلار: ۋاڭ يىڭ چى، جاۋ خى نيەن، گاۋ جى جۇڭ، چېڭ مىن، چېڭ شى گۇي، جاڭ سۇڭ خۇ، كۇڭ شياڭ فۇ، رېن جاۋ شياڭ، ياڭ خې رۇڭ، سۇن شۇي چاڭ، سۇن تەيچاڭ، جۇڭ چىڭ يۈي، لى خۇەنجاڭ (ئۇيغۇر) قاتارلىقلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاۋىئاتسىيە مەكتىۋىگە يەنە شەرقىي شىمالدىن ياۋ شيۇڭ، جاڭ نيەنشاۋ، جاڭ شۇيەن، جاڭ جىڭشەن، ۋاڭ يۈيشەن، يۈەن گوۋېي شۇنىڭدەك گېنېرال فىڭ يۈي شياڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ۋاڭ جىن قاتارلىق ليوتچىكلار يۆتكەپ كېلىندى. 1 - قارارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن شەرقىي شىمالدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ليوتچىكلارنىڭ بەزىسى ئايروپى-

لان ۋەقەسى بىلەن ئۆلدى، بەزىسى مىلىتارىست شىڭشىسەينىڭ تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، تۈرمىدە ئۆلدى.

ئاۋئاتسىيە مەكتىۋىگە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 4 لېيوتچىك، 3 مېخانىزاتسىيە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۆگىنىشتە ئۆز زامانىسىدا چىققان 2 ــ y شەكىللىك ئايروپىلانلار ئىشلىتىلگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 5 ــ p شەكىللىك چارلىغۇچى كۆرەشچى ئايروپىلاندىن بىر قانچىسى بار ئىدى. 1933 ــ يىلى، شىنجاڭدا «12 ــ ئاپرېل ئۆزگىرىشى» يۈز بەرگەن ۋە ما جۇڭيىڭ ئىككى قېتىم شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە، ئاۋئاتسىيە مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى لى شياۋتيەن باشقىلار تەرىپىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى ۋاقىتلىق دۇبەن شىڭشىسەينى قەستلەشكە قاتناشقان دەپ كۆرسىتىلىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئاۋئاتسىيە مەكتىۋىگە ۋاڭ يۈيشەن مۇدىر بولدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاكىمۇ قولغا ئېلىنىپ ياۋشيۈك مۇدىر بولدى. كېيىن، ياۋ شيۈك، جاڭ نيەنشاۋ، يۈەن گوۋېي قاتارلىقلار ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ شېڭ شىسەي تەرەپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، تۈرمىدە ئۆلدى. بىرلا جاڭ شۈيەن خېلى بۇرۇنلا جان بېقىپ شىنجاڭدىن كېتىپ قالغان بولغاچقا ئامان قالغان ئىدى. ئۇ، ئازادلىقتىن كېيىن 70 ــ يىللارنىڭ بېشىدا قۇمۇلدا كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا جاڭ جىشەن ئۆز ۋاقتىدا گومىنداڭنىڭ ئاۋئاتسىيە كومىتېتىغا كىرگۈزۈلگەن ئىدى، ئازادلىقتىن كېيىن نەنجىڭ ھەربىي ئىنستىتۇتىنىڭ ھاۋا ئارمىيە پاكۇلتېتىدا تاكتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولدى. شەرقىي شىمالدىن تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەن 3 مېخانىكتىن جاڭشۈي جۇ ئىنژېنېر بولدى.



لى تيەنباۋ رېمونت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى، چياۋ ۋېنسەي ياغاچ رېمونت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دۇبەن مەھكىمىسىگە قاراشلىق ھەربىي زاۋۇتتىن شى گۇاڭ ۋۇ، ياڭ يۈي چيەن، ۋۇ يۈنشىن، جاڭفۇ قاتارلىق تېخنىك ئىشچىلار يۆتكەپ كېلىنگەن ئىدى.

1933 ــ يىلى، بىرىنچى قارار مېخانىزاتسىيە سىنىپىغا 40 دەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئۇلار: شۈي شۇتۇڭ، لى گولياڭ، ۋۇچىيۈن، گاۋ جىڭچېن، لو شېڭسەي، ياڭ زېڭرۇڭ، جاڭمىنشەن، دېڭ مىنچاۋ، پېڭ مىنلى، ساۋ چىڭچاڭ، ياڭ سېڭ، ليۇۋېن چىڭ، ۋاڭ جىنچى، چېڭ شياۋتۇڭ، لى چىڭفۇ، ۋاڭ داشېڭ، جاۋكۇيۈەن، گاۋ ۋېيمىڭ، جۇيىڭزۇڭ، فەنچۈنخۇا، خەنياۋزۇڭ، شياڭيىڭكې، لياڭ جيۇرۇ، جاڭ خۇڭتاۋ، جاڭ يۈنشى، ساۋزۇيى، خەن يىڭچى، خۇڭ پېڭشى، جۇمىنرېن، ۋاڭ ليەن قاتارلىقلار ئىدى.

1938 ــ يىلى، ھەربىي مەكتەپتىن ئىككىنچى قارار لېيوتچىكلار سىنىپىغا يەنە بىر قانچە 10 ئادەم قوبۇل قىلىندى.

1939 ــ يىلى يەنە ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى يېڭى گازارمىدىكى غەربىي ئارمىيىنىڭ پىشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچى ــ كادىرلىرى ئىچىدىن 3 ــ قارار لېيوتچىكلار سىنىپىغا 30 دەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ياۋشيۇڭنىڭ ئوغلى ياۋشيۇڭتاۋ قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يېڭى گازارمىدىكى كادىر، جەڭچىلەر ئىچىدىن 2 ــ قارار مېخانىزاتسىيە سىنىپىغىمۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1938 ــ يىلى، 1 ــ قارار رازۋېتكا سىنىپى ئېچىلدى. 1942 ــ يىلى، 3 ــ قارار مېخانىزاتسىيە

سىنىپى ئېچىلدى. 1940 ـ يىلى يەنە ھاۋا رايى سىنىپىدىن بىرى ئېچىلدى.

ئوقۇتۇش جەھەتتە، 1939 ـ يىلدىن باشلاپ ئىلگىرىكى 5 ـ P شەكىللىك چارلاش ئايروپىلانىنىڭ ئورنىغا يېڭى شەكىللىدىكى 16 ـ E شەكىللىك چارلاش ئايروپىلانىنىڭ ھەيدەش تېخنىكىسى ئۆگىتىلىشكە باشلىدى. 1 ـ قارار رازۋېتكا سىنىپىدا ئاساسەن يول باشلاش، ھاۋادا رازۋېتكا قىلىش، بومباردىمان قىلىش، ئوققا تۇتۇش، ئالاقىلىشىش، سۈرەتكە تارتىش قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى.

شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئاۋىئاتسىيە ئەترىدى ئەسلىدە بىرىگادا بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاۋىئاتسىيە مەكتىۋى بىلەن قوشۇۋېتىلدى. بىرىگادا باشلىقى ئاۋىئاتسىيە مەكتىۋىنىڭ مۇدىرلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىدى ۋە ئۇنىڭغا گېنېرال پولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىلدى ھەم بىرىگادا باشلىقىنىڭ ئورۇنباسارى، ئىشتاپ باشلىقلىقىغا، ئاۋىئاتسىيە ئىنژېنېرى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن باش ئوقۇتقۇچى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئۇچقۇچىلار ئوقۇتقۇچىسى، مىخانىزاتسىيە ئوقۇتقۇچىسى، رازۋېتكا ئوقۇتقۇچىسى قاتارلىقلار تەيىنلەندى. سوۋېت ئوقۇتقۇچىلىرى ھەر 3 يىلدا بىر قېتىم ئالماشتى. ئاۋىئاتسىيە بىرىگادىسىدا 3 ئوتتۇرا ئەترەت، ھەر ئوتتۇرا ئەترەت قارمىقىدا 3 كىچىك ئەترەت بار ئىدى. مەشىق شۇ ئەترەتلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا 1 ـ ئوتتۇرا ئەترەتتە 15 ـ y شەكىللىك قوش قاناتلىق قىرغۇچى ئايروپىلاندىن 6 سى، 16 ـ U شەكىللىك يالاڭ قاناتلىق كۆرەشچى مەشىق ئايروپىلانىدىن ئۈچى بار ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا



قىرغۇچى ئايروپىلانىنى قوغلىغۇچى ئايروپىلان ياكى كۆرەشچى ئايروپىلان دەپ ئاتىشاتتى. 2 ـ ئوتتۇرا ئەترەت بومباردىمانچى، چارلىغۇچى ئايروپىلان ئەترىدى بولۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا 5 ـ p شەكىللىك چارلىغۇچى ئايروپىلاندىن 9 ى بار ئىدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاۋىئاتسىيە بىرىگادىسىدىكى ئاساسىي ئايروپىلان خىلى ئىدى. 3 ـ ئوتتۇرا ئەترەت باشلانغۇچ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۆگىتىش ئايروپىلان ئەترىدى ئىدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا 2 ـ y شەكىللىك باشلانغۇچ سەۋىيىدىكى ئۆگىتىش ئايروپىلانىدىن 9 ى، 5 ـ p شەكىللىك چارلاش ئايروپىلانىدىن 3 ى، شۇنىڭدەك قوش قاناتلىق پاسسازىر ئايروپىلانىدىن 2 سى بار ئىدى، ئۇ 5 ـ p شەكىللىك قوش قاناتلىق ئايروپىلاندىن ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ئۇنى قوزغۇتۇش ئايروپىلانى قاتارىدىمۇ ئىشلەتكىلى بولاتتى، 4 ـ 5 پاسسازىر پاتاتتى. مەخسۇس ئاۋىئاتسىيە بىرىگادا باشلىقىنىڭ ھەيدىشى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلگەن 5 ـ p شەكىللىك قوش قاناتلىق ئايروپىلاندىن بىرسى بار ئىدى.

ئاۋىئاتسىيە بىرىگادىسىنىڭ ئورگىنىدا مىخانىكا، خوجۇلۇق، قورال ـ جابدۇق، ھاۋا قاتنىشى، يېقىلغۇ، ھاۋا رايى، سۈرەتكە ئېلىش، بىخەتەرلىك پاراشوتى، مائارىپ قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان ئىدى.

ئاپتوموبىللارنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىپ، ئېغىرلاپ كېتىۋاتقان رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، 1941 ـ يىلى، شۇ چاغلاردا بىر قەدەر ئىلغار دەپ ھېسابلىنىدىغان رېمونت زاۋۇتىدىن بىرسى، ئايروپىلان قويىدىغان چوڭ تېپىتىكى ئىسكىلاتتىن بىر قانچىسى، ۋاقىتلىق ئىسكى-

لاتتىن 6 سى ياسالدى. 5 — p، 2 — y شەكىللىك ئايروپى-
لانلارنىڭ ماتورى رادىياتور سۈيى ئارقىلىق سوۋۇتىلاتتى، قىش
كۈنلىرىدە ماتورى ئوت بىلەن قىزىتىلىپ، پىلدىرلىغۇچنى قول
بىلەن ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئوت ئالدۇرۇلاتتى. 15 — U،
16 — U شەكىللىك ئايروپىلانلارنىڭ ماتورى بولسا، ھاۋا
ئارقىلىق سوۋۇتۇلۇپ، قىسىلغان ھاۋا ۋە زىۋۇت قىلىش ماشى-
نىسى ئارقىلىق ئوت ئالدۇرۇلاتتى. زىۋۇت قىلىش ماشىنىسىنىڭ
ئالدى قىسمىغا زىۋۇت قىلىش ئەسۋابى ئورنىتىلغان بولۇپ،
زىۋۇت قىلغاندا، زىۋۇت قىلىش ئەسۋابى ئايروپىلاننىڭ باش
قىسمىدىكى ماتورنىڭ ئالدى تەرەپتىن چىقىپ تۇرغان ئەگرى
ئوقنىڭ بېشىغا كەيگۈزۈلۈپ ئوت ئالدۇرۇلاتتى، قانۇنىيەتنى
ئاپتوموبىلنى زىۋۇت قىلغاندا روكايتكا بىلەن ئايلاندۇرۇپ
زىۋۇت قىلغانغا ئوخشاش ئىدى. ئاۋىئاتسىيە بىرىگادىسىدا
پەردە تۇرۇپ سىمسىز تېلېگىراف ئارقىلىق يول باشلاش ئۈسكۈ-
نىلىرى يوق ئىدى، ئالاقە، تېلېگىراف ئىدارىسى بىلەن دۇبەن
مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي تېلېگىراف ئىستانسىسى ئارقىلىق ئېلىپ
بېرىلاتتى. ئۇ، بەزى كىچىك كۆلەمدىكى جەڭلەرگە قاتناشقاندىن
سىرت، خەلق ئاۋىئاتسىيە كەسپى بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى.
مەسىلەن: چېكەتكە يوقۇتاتتى، ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارلارنى
توشۇيتتى، چارقىلىق، چەرچەن قاتارلىق جايلارغا ھەربىي ئەشيا-
لارنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

ئاۋىئاتسىيە مەكتىۋى بىلەن ئاۋىئاتسىيە بىرىگادىسىنىڭ
ھەربىي ئايرودۇرۇمى ئۈرۈمچىنىڭ كىچىك شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ
سىرتىدىكى چوڭ ھەربىي مەشىق مەيدانىدا ئىدى. 1933 - يىلى،
ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئايرودۇرۇمنى



بىر مەزگىل ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئايروپىلان ئىسكىلاتىدىكى
ئايروپىلان ۋە لىيوتچىكلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، شۇ ئايروپىلانلار
ئارقىلىق ئۈرۈمچىنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ تەشۋىق ۋەرە-
قىسى تارقاتقان ئىدى. ماجۇڭيىڭ چېكىنگەن چاغدا ئاۋىئاتسىيە
بىرىگادىسى ئايروپىلان ئېۋەتىپ ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىنى ئوققا
تۇتتى ۋە بومباردىمان قىلدى. ئاۋىئاتسىيە بىرىگادىسىنىڭ
شەرقىي كىچىك دەرۋازا سىرتىدىكى بۇ ئايرودۇرۇمى شىنجاڭدا
ئەڭ بۇرۇن ياسالغان بىر قەدەر ياخشى ئايرودۇرۇم ئىدى.

ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدە
ياسالغان غۇلجا، شىخو، گۇچۇڭلاردىكى ئايرودۇرۇملار بىر قەدەر
ئاددى ئىدى. قۇمۇل ئايرودۇرۇمىدىن باشقىلىرىغا پەقەت
15 — U، 16 — U شەكىللىك قىرغۇچى ئايروپىلانلار قونا-
لايتتى. س ب، د ب، ت ب شەكىللىك يىراققا ئۇچالايدىغان
بومباردىمانچى ئايروپىلانلار قۇمۇل، ئۈرۈمچىدىكى ئايرودۇرۇم-
لارغىلا قونالايتتى. چۈنكى قۇمۇل ئايرودۇرۇمى ئەڭ دەسلەپ
ياسالغان، ئۈسكۈنىلىرى ئەڭ ياخشى ئاۋىئاتسىيە بازىسى ئىدى،
ئۇنىڭدا دائىم دىگىدەك، ھاۋا ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ۋەزىپىسىنى
ئۆتەيدىغان قىرغۇچى ئايروپىلان ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلاندىن
20 نەچچىسى تۇراتتى. ھەر قايسى ئايرودۇرۇملارنىڭ ماي
ئىسكىلاتى، تېلېگىراف ئىستانسىسى، ھاۋا رايى ئىستانسىسى،
مىخانىزىم ئىسكىلاتلىرىنى تامامەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاي-
رودۇرۇم خىزمەتچى خادىملىرى باشقۇراتتى. دۇبەن مەھكىمى-
سىدىن ئېۋەتىلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر سوۋېت خىزمەتچى
خادىملىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئۇندىن باشقا، گومىنداڭ
ئاۋىئاتسىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى بار بولۇپ،

ئۇلار ئاۋىئاتسىيە كومىتېتىنىڭ ئۇيياق ــ بۇياققا ئۆتكەن ئايروپىلانلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى.

ياپون جاھانگىرلىگىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا، مەملىكەت ئىچىدىكى كۆپ ساندىكى ئاۋىئاتسىيە مەشق بازىلىرى ياپون تاجاۋۇزچى قوشۇنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ قالماستىن، بەلكى مەشق قوراللىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىمۇ ئۈزۈلۈپ تاشلاندى. ئاۋىئاتسىيە خادىملىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ ئاۋىئاتسىيە كومىتېتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىپ ئۇچقۇچى خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىش ھەم قورال، ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلەش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالىدى. 1939 ــ يىلى، شىنجاڭ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىلى ناھىيىسىدىكى ھەرەمباغدا ھاۋا ئارمىيە تەلىم ــ تەربىيە ئەترىتى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ئۇچقۇچى ۋە ئايرودروم خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان كۆلىمى زور ئايرودروم ــ مەشق بازىسى ياسالدى. 1940 ــ يىلىدىن 1944 ــ يىلىدىكى ئىلى ۋەقەسىگە قەدەر بۇ يەردە گومىنداڭ ئاۋىئاتسىيە كومىتېتى ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئۇچقۇچى ۋە ئايرودروم خىزمەتچى خادىملىرى، تۆۋەن دەرىجىلىك كوماندىرلار تەربىيىلەپ بېرىلدى.

شىنجاڭ يەر كۆلىمىنىڭ كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، دۆبەن مەھكىمىسى ئالتاي، چۆچەك، كۆكتوقاي، قاراشەھەر، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، چارقىلىق، چەرچەن، خوتەن، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تىكەنلىك دېگەن جايلىرىدا ئايرودروم ياسىدى. تىكەنلىكتە ئاۋىئاتسىيە بىرىگادىسىنىڭ ئايروپىلانلىرى ھادىسىگە ئۇچراپ چۈشۈشكە مەجبۇر بولغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئاز مىقداردىكى بېنزىنمۇ ساقلىناتتى.



باشقا ئايرودروملاردا ھاۋا رايى خىزمىتىنى قوشۇمچە ئىشلەيدىغان بېكەت باشلىقى ۋە بىر مۇنچە ئەسكەرلەر بار ئىدى، يېقىلغۇ ساقلىناتتى، ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بېرەتتى ھەم تەكشۈرگۈچى خادىملار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوقۇتقۇچىلىرى كۈتۈۋېلىناتتى.

1942 ــ يىلى، خوتەن گارنىزونى بىلەن يەكەندە تۇرۇشلۇق ئاتلىق 43 ــ پولك دۆبەن مەھكىمىسى ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن گومىنداڭ ھەربىي دائىرىسىنىڭ بۇ ئىككى جايدا دەرھال ئايرودروم، ئۆيلەرنى ياساپ، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈش توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ چاغ، ئۇلۇق ئوكيان ئۇرۇشى پارتلاپ، يۈننەن ــ بىرما ئوتتۇرىسىدىكى ھاۋا، قۇرۇغلۇق قاتنىشى ئۈزۈلۈپ قالغان مەزگىل ئىدى، جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى ھاۋا قاتنىشىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانلىرى ھىندىستان، پاكىستان ئارقىلىق قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ شىنجاڭغا يېتىپ كېلىدىغان ھاۋا يولىنى ئاچماقچى بولدى، لېكىن ھىندىستان بىلەن پاكىستان ۋەزىيىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. كېيىن، ھىمالايا تېغىدىن ئۆتۈپ، شىزاڭ ئارقىلىق سىچۈەنگە يېتىپ بارىدىغان ھاۋا يولى ئېچىلدى. ئاتالمىش «تۆگە لوكىسى» ھاۋا يولى ياپون جاھانگىرلىگىگە قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغانغا قەدەر جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىردىن بىر ھاۋا يولى بولۇپ قالدى.

1944 ــ يىلى، شېڭشىسەي شىنجاڭدىن كېتىپ، ئەسلىدىكى ئۆلكىگە قاراشلىق قىسىملار بىردەك گومىنداڭ ئىنقىلاۋىي

ئارمىيىسى قىلىپ تۈزۈلۈپ، شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىققان 29 - كورپۇسقا قوشۇۋېتىلدى. ئەسلىدىكى چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرى مەھكىمە تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق ئىشتاۋى قۇرۇلدى. ئاۋىئاتسىيە بىرىگادىسى گومىنداڭ ئاۋىئاتسىيە كومىتېتىغا قوشۇۋېتىلدى، ئۇنى گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى جۇجىرۇ مەخسۇس شىنجاڭغا كېلىپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 16 - باش پونكىتى قىلىپ ئۆزگەرتتى، تىيەنبىي باشلىق بولدى. ئاۋىئاتسىيە مەكتىۋى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، رېمونت قىلىش زاۋۇدى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 2 - رېمونتخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئىچكىرىدىن تېلېگراف ئاپاراتى يۆتكەپ كېلىنىپ، ئاۋىئاتسىيە كومىتېتى بىلەن بىۋاستە ئالاقە يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاۋىئاتسىيە بىرىگادىسىدىكى ئۇچقۇچى، ئايرودروم خادىملىرى ئىچىدىكى مايور دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ دەرىجىسى ستارشى لېيتېنانتقا چۈشۈرۈلدى، ستارشى لېيتېنانتتىن تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنىڭ دەرىجىسى ئۆزگەرتىلمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ئايروپىلان سېتىپ بېرىشنى ئاللىقاچان توختۇتۇپ قويغانلىقتىن، ئاۋىئاتسىيە بىرىگادىسى ئۇچۇن ئايروپىلانلارنى يېڭىلاش ۋە تولۇقلاش ئىمكانىيىتى بولمىدى. ئايروپىلانلىرى كونىراپ ئىشلەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغان ئىدى، ئىچكىرى بولسا ئاللىقاچان ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن ئايروپىلانلارنى ئىشلىتىشكە باشلىغان ئىدى، شۇڭا، ئىشتات بويىچە قالدۇرۇلغانلاردىن باشقا ئەسلىدىكى ئاۋىئاتسىيە بىرىگادىسىدىكى ئايرودروم خىزمەتچى خادىملىرى بىلەن مېخانىكلارنىڭ ھەممىسى تۈركۈمگە بۆ-



لۈنۈپ چېڭدۇ، جۇڭچىڭغا يۆتكەپ كېتىلىپ، قايتىدىن تەربىيىلەندى.

شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، جاڭپىڭگۇاڭنى ئاۋىئاتسىيە بىرىگادىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى. جاڭپىڭگۇاڭ ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان مەزگىلدە، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن 8 - ئارمىيىنىڭ ئۇچقۇچىلىرى ۋە مېخانىكلىرى تامامەن يېڭى گازارمىغا، كېيىن يەنئەنگە قايتۇرۇلدى.

چېڭدۇغا يۆتكەپ كېتىلگەن مېخانىكلارنىڭ بىر قىسمى كېيىن لىيوتچىكلىق، يول باشلاش ۋە ئاۋىئاتسىيە تېلېگراف ئالاقىسى كەسپىنى ئۆگىنىشكە ئامېرىكىغا ئېۋەتىلگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى ماڭا نامەلۇم.

ئازاتلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە گومىنداڭ دائىرىلىرى تەيۋەننى چېكىنىش بازىسى قىلىشنى قارار قىلدى، ئالدى بىلەن تەيۋەنگە چېكىنگەن ھاۋا ئارمىيە خادىملىرى ئىچىدە ئەسلىدىكى ئاۋىئاتسىيە بىرىگادىسىدىكى ستارشى لېيتېنانت مېخانىك لۇشېڭسەي، جۇيىڭسۇڭ، ياڭزىڭرۇڭ، ۋاڭلىيەندې، گاۋۋېيمىڭ؛ لېيتېنانت مېخانىك لۇيىڭچى، يۈەنگوجى، يەنشۆپو؛ ستارشى لېيتېنانت مېخانىك ۋۇچيىۋنلەر، ئۇندىن باشقا، ستارشى لېيتېنانت ئۇچقۇچى چېڭمىڭ، ستارشى لېيتېنانت يول باشلىغۇچى جاڭزىچياڭلار بار ئىدى. بۇ كىشىلەر شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا ئۆسكەن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشەلىدىمۇ - يوق، بۇنى ئۇقۇشۇپ كۆرسەك بولىدۇ.

لۇشېڭسەي قۇمۇللۇق بولۇپ، ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى ھازىرمۇ قۇمۇلدا بار. ۋەتىنىمىزنىڭ بالدۇرراق بىرلىككە كېلىپ، دېڭىزنىڭ ئۇ ياقىسىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن كونا دوستلىرىمىزنىڭ بالدۇرراق قايتىپ كېلىشىگە تىلەكداشمەن.

كەمىنە ئۇ ۋاقىتتا دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئاۋىئاتسىيە

بەرىگادىسىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 17 يىلدەك ئوقۇغان ۋە خىزمەت قىلغان، ھازىر 66 ياشقا كىردى.

1933 - يىلى، ئاۋىئاتسىيە مەكتىۋىنىڭ مىخانىزاتسىيە سىنىپىنىڭ 1 - قارارىنى پۈتتۈرگەن، مىلادشى لېيتېنانت، لېيتېنانت مىخانىك ۋە ستارشى لېيتېنانت باش مىخانىك بولغان، 1942 - يىلى مايور باش مىخانىكلىققا كۆتۈرۈلگەن. 1944 - يىلى، ئاۋىئاتسىيە بەرىگادىسى گومىنداڭ ئاۋىئاتسىيە كومىتېتىغا قارىغاندىن كېيىن، ھاۋا ئارمىيە 16 - باش پونكىتىدا قالدۇرۇلغان. 1946 - يىلى، لەنجۇ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 4 - ماي، ئوق - دورا ئىسكىلاتىغا يۆتكەلگەن، 9 - ئايدا، ھاۋا ئارمىيە كۇرسانتلار باش ئەترىتىدە 3 ئاي تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ چېڭدۇدىكى مىخانىزاتسىيە مەكتىۋىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن، 1948 - يىلى 5 - ئايدا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، نەنجىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 4 - تەمىنات باشقارمىسىغا تەقسىم قىلىنغان. خۇەيخەي جېڭىدە، جياڭ جيېشى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ھاۋا ئارمىيە خادىملىرى ئارقىمۇ - ئارقا تەيۋەنگە چېكىندى. پېقىر جياڭ جيېشىنىڭ زوراۋانلىق سىياسىتىنى 30 نەچچە يىل ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن 1949 - يىلى، ئۇزۇن ۋاقىتلىق رۇخسەت سوراپ، بالا - چاقىنى ئېلىپ شىنجاڭدىكى قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەن. شىنجاڭنىڭ ئاۋىئاتسىيە تارىخى ھەققىدە ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەچكە چۈشۈپ قالغان ياكى خاتا يېزىلغان جايلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەھۋالدىن خەۋىرى بارلارنىڭ تولۇقلاپ، تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تولۇقلاپ رەتلىگۈچى: شۆيجۈ



# يولۋاس توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم

**شۆجۈ**

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى قۇمۇلدا ئىشلەيتتىم، يولۋاس بىلەن باردى - كەلدىمىز بولغاچقا، بىر بىرىمىز بىلەن ئوبدان تونۇشاتتۇق. كىتاپخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ مەندە قالدۇرغان تەسىراتىغا ئاساسەن بۇ ماتېرىيالنى يازدىم.

يولۋاس قۇمۇللۇق بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ دادىسى خۇنەنلىك خەنزۇ، ئانىسى ئۇيغۇرمىش. بىراق ئۇ كۆپ قېتىملىق سۆزىدە يۇقارقى ئېيتىشلارنى ئېتىراپ قىلمىدى ھەمدە بۇ بەزىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇپ توقۇپ چىقارغان ئىغۋاسى دىدى. مەن ساپ ئۇيغۇر دەپ بىر نەچچە قېتىم ئىزاھاتمۇ بەرگەن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ خەنزۇچە سۆزلەش تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ساپ ئۇيغۇرلىقىدا گۇمان بار. ئۇنىڭ ئازراق ساۋادى بولۇپ، ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىقنى ئاز - تولا بىلەتتى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى يولۋاس بولۇپ، فامىلىسى يوق ئىدى. خەنزۇچە «尧乐娃士» دىگەن ئىسمىدىكى «娃士» نى ئەمەلدارلار بار سورۇندا چاقىرىشقا ئەپسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنىڭ شىسەي ئۇنىڭغا خەت يازغاندا «尧乐博士» دىگەن خەتنى قوللىنىپ،

يېنىغا «景福» دېگەن خەتنى قوشۇپ قويغان. بەزىلەر ئۇنىڭغا خەت يازغاندا «尧景福» دېگەن خەنزۇلاشتۇرۇلغان ئىسمىنى قوللانغان. (ئۇنىڭ نام ـ ئەمەل كارتوچكىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «尧乐博士» دەپ يېزىپ، «景福哈密» دېگەن خەتنى قوشۇپ قويغان). ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۇ ئىسمىنى «尧乐博斯» غا ئۆزگەرتتى. ئاز ـ تولا ساۋادى بولغاچقا، «博士» دېگەن خەت يېزىلسا كىشىلەر ئۇنىڭ دوكتور ئۇنۋانى بار ئوخشايدۇ دېگەن خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالمىسۇن دېگەن ئويغا كەلگەن. يولۋاس خۇشامەت قىلىپ يۇقۇرىغا يامىشىشقا ئۇستا ئىدى. قۇرامىغا يەتكەن چاغلىرىدا قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇتنىڭ ئوردىسىدا غوجىدار بولغان (شۇڭا كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ نام ـ ئەمەل كارتوچكىسىدا قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى دېگەن ئۇنۋان قوشۇپ يېزىلغان)، بۇ جەرياندا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ شۇنداقلا ۋاڭ ئائىلە ـ تەۋەلىرىنىڭ ئەتىۋالاپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشكەن. ئۇ ۋاڭنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشقۇرغان يىللاردا ئۆزىنىڭ شەخسى مۈلكىنىمۇ كۆپەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى چاغلاردا ئۇ قۇمۇلدىكى ۋاڭدىن قالسا ئىككىنچى باي بولۇپ قالدى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم ئېرىلغۇ يەرلىرى قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭغا يەر ئىجارىسى تاپشۇرۇشى، ھاشا ۋە مەدىكار بولۇپ ئىشلىشى يولۋاس ئارقىلىق بىجىرىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ قويۇقلاشتى، ئابرويىمۇ بارغانسېرى ئۆستى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خەنزۇچە سۆزلەشكە ئۇستا بولغانلىقى، كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشكىمۇ ماھىر، قابىلىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاڭ ئوردىسىغا ۋاكالىتەن بەزى ئىشلارنى



بىجىرەتتى. شۇڭلاشقا يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە خەنزۇ بايلار بىلەنمۇ بولغان باردى ـ كەلدىسى كەڭ دائىرىلىك بولدى. ئۇ يەنە نامرات خەنزۇلارغا ئانچە ـ مۇنچە سەدىقىمۇ بېرىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە يۇقۇرى ئابرويغا ئىگە بولدى. 1931 ـ يىلى قۇمۇلنىڭ تۇغۇچى ۋە ئاراتۈرۈك قاتارلىق جايلىرىدىكى ئۇيغۇر دىخانلار يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مىللى كەمسىتىش سىياسىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇ قوزغىلاڭ باشقا جايلارغا كېڭىيىۋاتقاندا، يولۋاس ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭچىلار تەرەپتە تۇرۇپ بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى. ۋەقە كېيىنكى چاغلاردا بارا ـ بارا ئۇلغايدى. ئەينى چاغدا گەنسۇدا تۇرۇۋاتقان ما جۇڭيىڭ گەنسۇ ـ چىڭخەي ئۆلكىلىرىدىكى خەنزۇ ۋە خۇيزۇ مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ۋە تەسىر كۈچىنى كېڭەيتكەن ئىدى. بۇ چاغدا قۇمۇلدا دىخانلار قوزغىلىڭى پارتلىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئارقىدىنلا يولۋاس قۇمۇلدىن جيۇچۇەنگە بېرىپ ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە قارشى تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ خۇيزۇ، ئۇيغۇر مىللەتلىرىنىڭ بىر دىنغا ئېتىقات قىلىشتەك مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، تەسىر كۈچىنى كۈچەيتىش، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى كۆزدە تۇتۇپ، يولۋاس بىلەن بىللە قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇل شەھرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى.

1931 ـ يىلى كۈزدە ماجۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ گەنسۇدىكى جيۇچۇەنگە قېچىپ كەتتى. يولۋاس يېقىنلىرىنى باشلاپ قۇمۇلنىڭ شىمالىي تېغىدىكى باغداش ئەتراپىدا ھۆكۈمەت ئارمىيىسى

بىلەن قارشىلاشتى. 1932 ـ يىلى ئەتىيازدا، شېڭ شىسەي قومۇلدىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى. يولۋاس قومۇلغا يېتىپ كەلدى. 1932 ـ يىلى كۈزدە يولۋاس ماجۇڭيىڭنى 2 ـ قېتىم شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىللە غەربتىن گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلدى. يولۋاس بولسا قومۇلنى يالغۇز ئىگىلەپ ياتتى.

شېڭ شىسەي قومۇلنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئۈچۈن 1934 ـ يىلى شۇ يۇشىننى قومۇل ـ باركۆلدە تۇرۇدىغان گارنىزوننىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. شۇ يۇشىن بىر پولك ئەسكەرنى باشلاپ مەخپىي ھالدا توغۇچىغا كەلدى (بۇ جاي قومۇلغا ئىككى بېكەتلا كېلىدۇ)، يولۋاس بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆز يىگىتلىرى بىلەن تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىلىرىنى مەسلىھەتلەشتى. شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىچكىرىگە قېچىپ بېرىپ ما بۇفاڭنى پانا قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. بۇ چاغدا يولۋاسنىڭ چوڭ ئوغلى قومۇلدىكى يەرلىك خەنزۇلارنى قىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش بايلىقلىرىنى بۇلاپ، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. يولۋاس بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇۋاتقاندا، قومۇلدىكى يەرلىك بايلار يولۋاسنىڭ سۈيىقەستىنى بىلىپ قېلىپ، يولۋاسنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ خەنزۇلارنى قىرماسلىقنى تەلەپ قىلىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى ھەمدە توغۇچىغا ئادەم ئەۋەتىپ شۇ يۇشىننىڭ قىسىملىرىنى قومۇلغا كىرگۈزۈشنى توختۇتۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. يولۋاس بۇنىڭغا قوشۇلغاندىن كېيىن، ۋەكىللەر توغۇچىغا بېرىپ شۇ يۇشىن بىلەن



كۆرۈشۈپ يولۋاسنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. شۇ يۇشىن شېڭ شىسەيگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ يوليورۇق سورىدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭ تېخى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلمىگەنلىكى، قەشقەردە ماموت سىجاڭ تۇرۇۋاتقانلىقى، خوتەندە ما خۇسەننىڭ قىسىملىرى بولغانلىقى، بۇلار شېڭ شىسەي بىلەن بىر نىيەتتە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، شېڭ شىسەي دەرھال شۇ يۇشىنغا قىسىملىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ تۇرپاندا تۇرۇش توغرىسىدا تېلېگرام ئەۋەتتى، شۇنداقلا يولۋاسنى قومۇل، باركۆلنىڭ گارنىزون قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى.

1936 ـ يىلغا كەلگەندە، شېڭ شىسەي شىنجاڭنى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولۇپ، يەنە بىر قېتىم قومۇلنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولدى. يولۋاس بۇ چاغدا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئامالى يوقلىقىنى ھېس قىلىپ، ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەتباھالىق بايلىقلىرىنى ئېلىپ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قومۇلدىن قېچىپ كەتتى. شېڭ شىسەي يوشۇرۇن ئاپەتنى يوقۇتۇش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن گەنسۇغا قوشۇن ئەۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ قاياققا ماڭغانلىقىنى ئايروپىلان بىلەن رازۋېتكا قىلدى. يولۋاسنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر قومۇلغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان قارا مۇجۇقچىغا كېلىپ مېڭىشنى توختاتتى ۋە كېچىدە قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ قومۇلنىڭ شەھەر سىرتىغا ئەگىپ كېلىپ، سايجىرىمىغا بېرىپ چىغىر يول ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا كەلدى، ئاندىن چىڭخەيدىكى شىنىڭغا بېرىپ ما بۇفاڭنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ چىڭخەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى بولدى. كېيىن نەنجىڭ، ۋۇخەن، چۇڭچىڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ جياڭ جيېشىدىن پانا تىلىدى. جياڭ جيېشى كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭغا تايىنىپ

شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئەتىۋالاپ ئىشلەتتى. ئۇنىڭغا ھەربى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، مىللى ھۆكۈمەت كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ئەمەللەرنى بەردى ھەمدە لياۋ يۈگچۇنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا تونۇشتۇردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا لياۋ يۈگچۇ ۋۇخەن داشۆسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەن، ئەمىلىيەتتە جياڭ جيېشىنىڭ يولۋاسنى چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ھەركىتىگە نازارەت قىلىش ئۈچۈن قوشۇپ قويغان ئىشپىيونى ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، جياڭ جيېشى يەنە ئۇنىڭغا كاتىپ ۋە باشقا خىزمەتچىلەرنىمۇ قوشۇپ بەرگەن.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، 1946 - يىلى يولۋاس پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، بارلىق مال - مۈلكىنى قايتۇرۇپ ئالدى (يولۋاس قاچقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ئائىلە مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان ئىدى). بۇرۇنقى يېقىنلىرىنى يىغىپ، قۇمۇلنى قايتىدىن ئۆز قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى دىگەن ئەمىلى بولغاچقا، يەرلىك گومىنداڭ ھۆكۈمە- تىنىڭ ئەمەلدارلىرى، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىلەرنىڭ كاتى- ۋاشلىرى ۋە باي، ئاخۇنلار ئۇنى تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بولدى. ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرى ئارىسىدىكى ئىناۋىتى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى.

1946 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 3 ۋىلايەت تەرەپ بىلەن تېچلىق بىتىمنى ئىمزالىغاندىن كېيىن، يولۋاس قۇمۇلدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋالىلىقىغا قوشۇمچە ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شىتاۋىنىڭ قوماندانلىقىغا سايلاندى. ئۇنىڭ كۈيوغلى ھوشۇر قۇمۇل ناھى-



يىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا (ھاكىم قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئەۋلادى بېشىر ئىدى)، ئىككىنچى ئوغلى ياقۇپ بەگ قۇمۇل ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. يولۋاسنىڭ خوتۇنى لياۋ يۈگچۇ گومىنداڭ قۇمۇل ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى بولدى. ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ھەر قايسى باشقارمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، باش كاتىپ قاتارلىقلارنىڭ تولىسى ئۇنىڭ يېقىن- لىرىدىن بولدى. 1947 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈردى. گومىنداڭغا لەۋھە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن 1948 - يىلى ئۇ بىر ۋەكىللەر ئۆمىگىنى باشلاپ نەنجىڭگە باردى. ئۇ جياڭ جيېشى، بەي چۇڭشىلارنىڭ تېخىمۇ بەك قەدىرلىشىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن مىللى ھۆكۈمەت كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەندى.

1947 - يىلى ياز بىلەن كۈزنىڭ ئارىلىقىدا، قۇمۇلنىڭ نەنسەن تېغىدىكى ئۇيغۇر - قازاق دىخان، چارۋىچىلىرى بىلەن شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەپ مۇنداق: قۇمۇلنىڭ تىيانشان رايونى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تۆتىنچى يېزىسى بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئاز ساندىكى قازاق خەلقى يېرىم دىخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇرۇن بۇ رايوندىكىلەر دائىم دېگىدەك ئوسماننىڭ پاراكەندى- چىلىك سېلىشىغا ئۇچرىغاچقا، كۆڭلى ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۆتەتتى. شۇڭلاشقا قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇ جايدىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قورال تارقىتىپ بەرگەن ئىدى (بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم قورالنى گومىن-

داڭنىڭ 42 - كورپۇس قوماندانى ياڭ دېلياڭ تارقىتىپ بەرگەن)، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىتىم ئىمزالىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئەۋەتكەن ئۇيغۇرۇف باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر قۇمۇلدا ئالاقە باغلاپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن يېزا باشلىقى سىيىت، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئۇنانباي (قازاق) باشچىلىقىدىكى تىيانشان رايونىنىڭ ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، گومىنداڭنىڭ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنىڭ شىمالغا ھەيدەپ كېتىۋاتقان ماشىنى-لىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ھەربىلەرگە لازىملىق بولغان ماشىنىدىكى ماددى ئەشيالارنى بۇلىدى. قوۋۇقتا تۇرۇشلۇق ئارمىيىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، قۇمۇل، بارىكۆلنىڭ قاتنىشىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇلار ھەتتا تېچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قىزىل يارغا كېتىۋاتقان ۋەكىللەرنى تۇتۇپ قالدى. شۇ چاغدىكى ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا ۋەقەنىڭ پۈتۈن ناھىيىگە تارقىلىپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. بۇ ۋەقەنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا سۆز بولغاندا، قۇمۇلنىڭ بازىرى ئىچىدىكى ھەر ساھە خەلقلىرىنىڭ تولىسى مەسىلىنى تېچ يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە بولسا ئەسكىرى كۈچىنىڭ كۆپلىكىگە تايىنىپ، باستۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەسكەر چىقارماقچى بولدى. بۇ جەرياندا يولۋاس بىلەن مۇئاۋىن ۋالى لى لاڭشاڭ ئۇلارنى نەسىھەت بىلەن توسۇپ، بىر مەيدان ھەربى توقۇنۇشتىن ساقلىنىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تېلېگىرامما ئەۋەتىپ مەسىلىنى شۇلارنىڭ ھەل قىلىشىنى ئىل-تىماس قىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇرھان شەھىدى،



ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق كىشىلەرنى كېلىشتۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئاخىرىدا، سىيىت، ئۇنانبايلارنى ناھىيە بازىرىغا ئەكىلىپ غۇلجىغا يولغا سېلىش، يولۋاس مەسئۇل بولۇپ تىيانشان رايونىدىكى پۇقرالارنىڭ قورال - ياراقلىرىنى يىغىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش، گومىنداڭنىڭ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنىڭ چېقىمىنى سۈرۈشتە قىلماسلىق قارار قىلىنىپ، مەسىلە ھەل قىلىندى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - ، 26 - كۈنلىرى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكالىدى. يولۋاسمۇ يۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ناھىيىلەرگە ھەقىقەتكە قايتىشقا ئاۋاز قوشۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى ھەمدە ئازاتلىق ئارمىيىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن جيۇچۈەنگە ۋەكىل ئەۋەتتى. شۇ چاغدا قوماندان ۋاڭ جېن بىلەن سىياسىي كومىسسار ۋاڭ ئېنماۋ ئۇنى ئەۋەلقىدەكلا قۇمۇلنىڭ ۋالىلىقىغا، قوشۇمچە ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىقىغا قويدى. 1950 - يىلى 5 - ئايدا يولۋاس تاغدىكى قازاق خەلقىغە كومپارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشنى بانا قىلىپ پۈتۈن ئائىلىسىدى-كىلەرنى (چوڭ ئوغلى ئەما بولۇپ قالغاچقا بارمىدى) ۋە بىر قىسىم يېقىنلىرىنى باشلاپ تاققا چىقتى، كېيىن چەتئەلگە قېچىپ كەتتى.

# جيۇچۈەن قوزغىلىڭىنىڭ ئالدى - كەينىدە

پېڭ مىڭدىڭ

## 1. ئىلاۋە

1949 - يىل 9 - ئايدىكى جيۇچۈەن قوزغىلىڭى ھەققىدە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» دا خېلى جىق ماتېرىياللار بېسىلدى. لېكىن، ئاپتورلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئورنى، ئىگەللىگەن ئەھۋاللىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ جەريانىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن.

مەن بۇ ئىشقا بىۋاسىتە ئالاقىدار كىشى بولغانلىقىمدىن، غۇلغۇلا قىلىش، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش، ئۇرۇش قىلىش تەرەپدارلىرىنى مەغلۇپ قىلىشتىن تارتىپ، ئۆز ئارا باش قوشۇشقا قەدەر ئىشلارغا باشتىن ئاخىر قاتناشقان ئىدىم. شۇڭا، بۇنى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىش مەجبۇرىيىتىم بار دەپ ھېسابلايمەن. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، جيۇچۈەن قوزغىلىڭى گەرچە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭچىلار ئازاتلىق ئارمىيە چېگرىغا قىستاپ كەلگەندىلا ئاندىن قورالىنى تاشلاپ خەلق تەرەپكە ئۆتكەن ئىدى، شۇڭا



ئۇنى مەدھىيلەشكە ئەرزىمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن جەريانىدىن قارىغاندا، بىر مۇنچە زاتلار خېشى كارىدورىنى تېچ يول بىلەن ئازات قىلىش ئۈچۈن ئوت دەسسە ئوتقا، سۇ دەسسە سۇغا كىرىشتىن قايتماي كۆرەش قىلغان. ئازاتلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرگەندە زۆرۈر بولغان ئاپتوموبىل، تەمىنات ئەشيالار بىلەن تەمىنلىگەن ۋە يۈيمەن نېفىتلىكىنى قوغداپ قالغان. شۇڭا بۇ ھەقتىكى تارىخى ماتېرىياللاردىن ۋەتەننى تېچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مەلۇم ياردىمى بولغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن.

## 2. غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرى مەھكىمىسى ھەققىدە

غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ ئىسمى بىر قانچە قېتىم ئۆزگەردى. ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى 8 - ئۇرۇش مەيدان قوماندانلىق ئىشتابى ھەربىي ئىشلار كومىتېت باشلىقىنىڭ غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرى مەھكىمىسىگە، كېيىن يەنە ھەربىي - مەمۇرى مەھكىمىگە، ئاخىردا غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرى مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭدىن ئىبارەت 4 ئۆلكىنىڭ ھەربىي - مەمۇرى ھوقۇقىنى باشقۇردى. ماھىيەتتە، ئاساسەن ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلدى. ئۇنىڭغا قاراشلىق قوراللىق ھەربىي قىسىمنىڭ تەرتىۋى مۇنداق:

1. شەرقىي سەپ: مابۇچىڭغا قاراشلىق لوڭدۇڭ ئارمى-

يىسى؛ ماخۇڭكۇيغا قاراشلىق لۇڭنەن ئارمىيىسى، يەنى مەركەزنىڭ 91 ـ، 119 ـ، 120 ـ ئارمىيىلىرى؛ ماخۇڭكۇيغا قاراشلىق نىڭشيا ئارمىيىسى؛ ماخۇڭبىڭنىڭ بىر ئارمىيىسى بىلەن مەركەزنىڭ ئاتلىق 1 ـ بىرىگادىسى، يەنە، ھەركەتچان ئارمىيە.

2. غەربىي سەپ: شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانلىق ئىشتاۋى قارمىقىدىكى جاۋشىنگۇاڭنىڭ 42 ـ ئارمىيىسى، يېچىڭنىڭ يېڭى 2 ـ ئارمىيىسى، ماچىڭشياڭنىڭ ئاتلىق 5 ـ ئارمىيىسى ۋە خاۋجياجۇنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات باش ئىشتاۋى شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسى؛ خېشى گارنىزونى باش قوماندانلىق ئىشتاۋى قارمىقىدا پەقەت بىرلا مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونى بار ئىدى. لەنجۇ زور ئۇرۇشى بولۇش ئالدىدا شىنجاڭدىكى تيەن زىمېي دىۋىزىيىسى خېشى رايونىدا مەشق قىلغۇزۇلغاندا، خېشى باش ئىشتاۋىنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا بولدى، كېيىن گاۋتەي سېپىگە كىردى.

3. مەمۇرى مەھكىمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق تەمىنات-لاۋازىمات قىسمىنىڭ قارمىقىدا 8 ـ تەمىنات رايونى، 22 ـ ژاندارما پولكى، 7 ـ ئالاقىلىشىش پولكى، ماشىنىلاشقان ساپيورلار پولكى، لەنجۇ گارنىزون پولكى، تۆگىلىك ئەسكەرلەر ترانس-سپورت پولكى، توپچىلار پولكى بار ئىدى.

بۇ يەردە ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى: خېشى گارنىزون قوماندانلىق ئىشتاۋى قۇرۇق رامكا ئىدى. خېشى كارىدورى ئەسلىدە مابۇچىڭنىڭ ئىلكىدە ئىدى، شىڭشىسەي تەختتىن چۈشۈپ، ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كىرىپ، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي مىللىي ئارمىيىسى راۋاجلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، خۇزوڭنەن قوشۇنى تەدرىجىي غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدى.



ما قوشۇنىنىڭ ھەربىي كۈچىنى تەلتۆكۈس چەتكە قېقىش، يۈيمىنگۇەننىڭ ئىچى ـ سىرتىنى مۇستەھكەملەش، لەنجۇ ـ شىنجاڭ ئارىلىقىدىكى تەمىنلەش لىنىيىسىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىڭشيا، چىڭخەيدىكى ئىككى مانىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن، قۇرۇق داۋراڭ سېلىنىپ، خېشى كارىدورىدا گارنىزون قوماندانلىق ئىشتاۋى قۇرۇلدى، لېكىن ئۇنىڭ قارمىقىدا رەسمىي قىسىم يوق ئىدى. ئۇ، بەزىدە خېشى رايونىغا ۋاقىتلىق ئۆزىنى تولۇقلاش، مەشق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن قىسىملارنى ۋاقىتىنچە باشقۇرغاندىن باشقا، پەقەت مۇھاپىزەتچى باتالىيونىلا قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق باش قوماندانى خۇزوڭنەننىڭ گېنېرالى لى تيېجۈن بولۇپ، كېيىن ئۇنى گېنېرال تاۋسىيۈ ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ما ئائىلىسىنىڭ قوشۇنى خېشىدىن تەدرىجىي يوقۇلۇپ، شىنجاڭ بىلەن خېشى كارىدورىنى خۇزوڭنەن قىسىم-لىرى كونترول قىلدى. شۇڭلاشقا، بۇ ئىشتاپمۇ ئىسمى بار جىسمى يوق بولۇپ قالدى.

## 3. جيۇچۈەن قوزغىلىڭىنىڭ غۇلغۇلا قىلىنىشى ۋە تەييارلىقى

1947 ـ يىلى، سۇڭشىلىيەن شىنجاڭ گارنىزون باش ئىشتاۋىدىن يۆتكەپ كېتىلىپ، تاۋسىيۈ مۇئاۋىن قوماندانلىق سالاھىيىتى بىلەن باش قوماندانلىقنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇ، تاۋجىڭچۇنى تەكلىپ قىلىپ باش ئىشتاپقا ئىشتاپ باشلىقى قىلدى. تاۋسىيۈ شىنجاڭغا كېلىپ ۋەزىپە ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن

بۇرۇن شىياڭگاڭدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مەلۇم مەسئۇلى بىلەن ئۇچراشقان ئىدى. 1948 - يىلى، ئۇ لەنجۇدىن ئۆتۈشىدە مەن بىلەن لەنجۇنىڭ لۇيجياڭ كوچىسىدىكى زىڭجىڭۋۇ قەسرىدە كۆپ قېتىم مەخپىي سۆھبەتلەشتى. ئۇ چاغدا ئاساسەن غەربىي شىمالدىكى گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمى، بولۇپمۇ خۇزۇڭنەن بىلەن مابۇفاڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئانالىز قىلىپ، غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىدا قىسمەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتى بار دەپ ھىساپلىغان ئىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاۋسىيۇ شىنجاڭدا، مەن لۇڭنەندە زۆرۈر ھەركەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ۋە تەييارلىق كۆرۈش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتۇق. مەن 120 - ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن ئارمىيە باشلىقى بولۇپ، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن لۇڭنەن بىڭتۇەنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ، لەنجۇ بىرلەشمە جېڭىگە بىۋاستە قاتنىشىشتىن ئۆزەمنى چەتكە ئېلىپ، خېشى كارىدورىغا بىخەتەر يۆتكىلىپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى قوزغىلاڭ كۈچى قىلىشقا كىرىشتىم. شۇڭا، شىنجاڭ بىلەن خېشى قوزغىلىڭى ماھىيەتتە بىر گەۋدىگە ئايلانغان ئىدى. تاۋجىڭچۇ بولسا بۇ ئىككى جايدىكى قوزغىلاڭنىڭ تەشەببۇسچىسى ئىدى.

لۇيجياڭ كوچىسىدا مەخپىي سۆھبەتلەشكەندە زىڭجىڭۋۇنى قوزغىلاڭغا قاتنىشىشقا كۆپ قېتىم دەۋەت قىلدۇق، لېكىن ئۇ كارى بولمىدى، ئۇ، ئاساسلىقى سىياسەتتىكە ئارىلاشماي تۇرمۇش خىراجىتى توپلىۋېلىپ، پىنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، قۇيرۇقنى تىكىۋېتىشنى ئويلايتتى.

گېنېرال تاۋسىيۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قۇۋۋەتلەيتتى. ئۇ، غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىنىڭ ۋەزىيىتىنى خېلى ئېنىق



مۆلچەرلىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭۋېنبەي ئەپەندىنىڭ ھەركىتىمۇ گېنېرال تاۋسىيۇگە بىۋاستە تەسىر قىلغان ئىدى. تاۋجىڭچۇ بىلەن ئىككىمىز مابۇفاڭنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇش ۋە ئۆز ئارا ئەھۋال ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس مەخپىي تېلېگىرامما سىپىرى ئىشلىتىشكە كېلىشتۇق. تاۋ ئەسلىدە ماچىڭشياڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە جەزمەن قارشى چىقىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن كۈتمىگەن يەردىن لوشۇرىنمۇ ماچىڭشياڭ، ××× بىلەن بىرلىشىپ، ئۇرۇشپەرەسلەرنىڭ ئۈچ چوڭ كاتتىۋېشىغا ئايلىنىپ قالدى. تاۋ بۇ ئۈچ ئۇرۇشپەرەسنىڭ ئىتتىپاقىنى پارچىلاش ئۈچۈن، مەن بىلەن مەخپىي تېلېگىرامما ئارقىلىق كۆپ قېتىم مەسلىھەتلىشىپ، ماچىڭشياڭنىڭ قىسمىنى شىنجاڭدىن يۆتكىۋېتىمەكچى بولدى. مەن ھەربىي - مەمۇرى مەھكىمىدە بولۇپ، جەڭنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاساسلىق باشقۇرۇۋاتقانلىغىمدىن، بۇ جەھەتتە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقۇم خېلى چوڭ ئىدى. لېكىن، مابۇفاڭ ناھايىتى ھىيلىگەر بولۇپ، شىنجاڭغا قېقىپ قويغان قوزۇقنى ھەرگىزمۇ ئاسانلىقچە سۇغۇرۇپ ئېلىپ كەتمەيتتى. شۇڭا، بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمىدى، ئەكسىچە ئۇ بىر مۇنچە ئاۋارىگەرچىلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى. جياڭجېيشى مابۇفاڭغا تەۋرەنگەنلەرنى بايقىغان ھامان، جايىدىلا ئېتىپ تاشلاش ھەققىدە تېلېگىراممما ئېۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەركىتىمىز بىر مەزگىل توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. بۇ بىرىنچى باسقۇچلۇق غۇلغۇلا قىلىش، تەييارلىق جەريانى ئىدى. بۇنى، تاۋسىيۇ، تاۋجىڭچۇ ئۈچىمىز ئىنتايىن خۇپىيانە ھالدا ئېلىپ بارغان ئىدۇق.

## 4. لەنجۇ ئازات بولغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت

8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى لەنجۇ ئازات بولدى. ما بۇفاڭ شىنىڭدىن قېچىپ كەتتى. مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ئىشتاپ باشلىقى ليۇرېڭ 91 ـ، 120 ـ ئارمىيە ۋە بىۋاستە قاراشلىق ئارقا سەپ مۇھاپىزەتچى قىسىمنى باشلاپ يۈگدىڭ ئەتراپىغا چېكىندى. مەن، 120 ـ ئارمىيىنىڭ باشلىقى جۇجيابىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ۋۇشياۋلىڭنى بىرىنچى سەپ قىلىپ ۋۇۋېيدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدۇق. لېكىن، 91 ـ ئارمىيىنىڭ باشلىقى خۇاڭزۇشۈن ئەيۋاشقا كەلمەي، شىنجاڭدىكى بىي، لو، مالار ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، كۆرەش قاتتىق بولۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازاتلىق ئارمىيە ۋۇشياۋلىڭغا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. جۇجيابىڭ بىلەن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، ئىككى تاۋغا، دەرھال قوزغىلىپ، ئىككى تەرەپتىن قىسىپ زەربە بېرىپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا سۆيلەپ تېلېگىرامما بەرمەكچى بولدۇق. بۇ تېلېگىرامما مەخپىي سىپىر بىلەن بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زېڭجىڭۋۇ جاڭيېدىن ۋۇۋېيغا تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇنىڭغا كېچىلەپ شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقىپ، شىنجاڭدىكىلەرگە بىزنىڭ پىلانىمىزنى يەتكۈزۈش، تاۋسىيۆ، تاۋجىڭچۇلارغا چارە ـ تەدبىر يول كۆرسىتىش، شۇنىڭدەك ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن دەرھال ئىچكىرىدىن ئىككى دىۋىزىيە ئەسكەر ماچىڭشياڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئاپتوموبىل بىلەن كېچىلەپ شىنجاڭغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ داۋراڭ سېلىپ، تاۋلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈ-



رۈشكە ياردەملىشىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. جۇ بىلەن ئىككىمىز قايتا مەسلىھەتلىشىپ، جاڭيېدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدۇق. كىم بىلسۇن، جاڭيېگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ بيەندۇكۇغا كىرگەنلىك خەۋىرى كەلدى. مەمۇرى مەھكىمە ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكىلەر داۋاملىق غەربكە قاراپ چېكىندى. يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا جۇ بىلەن يەنە بىر قېتىم كېڭىشىپ، گاۋتەينى بىرىنچى سەپ قىلىش، جيۇچۈەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش، يۈيمېننىڭ غەربىگە ھەرگىز ئۆتمەسلىك، يۈيمېن نېفىتلىگىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى قارار قىلدۇق. بۇ، ئىككىنچى باسقۇچ بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر ھەل قىلغۇچ قەدەم ئىدى. بۇ چاغدا، زېڭجىڭۋۇ چوڭ ۋەزىيەتنىڭ قولدىن كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، قوزغىلاڭ كۆتەرگۈچىلەر سېپىگە قېتىلدى. جۇجيابىڭ بىلەن ئىككىمىز بىرلىكتە بۇ ھەقتە تاۋسىيۆگە تېلېگىرامما ئېۋەتتۇق، بۇ تېلېگىراممىنى يوللاشتىن بۇرۇن ئۇنى سىياسىي خىزمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شاڭ گۈەنيۈ، ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى سۈن ياۋۋۇلارغا كۆرسەتتۇق ھەم ئۇلارنى ئىمزا قويۇشقا تەكلىپ قىلدۇق. لېكىن سۈن ياۋۋۇ ئارىسالدى بولۇپ قالدى، شاڭ گۈەنيۈ ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىز بىلەن كۆرۈشمىدى. شاڭ گۈەنيۈ كېيىن ليۇرېڭغا ئەگىشىپ قېچىپ كەتتى.

## 5. گاۋتەيدىكى بۆسۈش

قىسىم مەغلۇپ بولۇپ گاۋتەيگە چېكىنگەندىن كېيىن، ليۇرېڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تېلېگىراممىسىنى كۆرسىتىپ، خۇاڭزۇشۈننى خېشى گارنىزونىنىڭ باش قوماندا-

لىنغىغا تەيىنلەندى، پېڭيۈشياڭ (مەمۇرى مەھكىمىنىڭ سابىق 2 - مۇئاۋىن شىتاپ باشلىقى) مەمۇرى مەھكىمىنىڭ شىتاپ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، جۇجيابىڭ ئىككىمىزنى جايلىتىۋېتىش خەۋپى بار ئىدى. جۇجيابىڭ جاڭيېدىن چېكىنىپ كېلىۋېتىپ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى ۋە سۇيىقەستكە ئۇچراشتىن ئەندىشە قىلىپ، گاۋتەيدە توختىماي، ئۇدۇل جيۇچۈەنگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ جيۇچۈەندىن ماڭا تېلېفون بېرىپ: «مەن ئەمدى ئارىلاشمايمەن، ھازىر ئايروپىلانغا چىقىمەن» دېدى، قانچە تونۇسامۇ ئۇنىمىدى.

بۇ چاغدا زېڭجىڭۇ ئالاقىلىشىش ئۈچۈن شىنجاڭدىن خېشىغا قايتىپ كەلدى. تاۋسىيۈنىڭ بۇيرۇقى بىلەن لەنجۇغا بېرىپ، پېڭدېخۇەيگە: شىنجاڭدا قوزغىلاڭ تەييارلىقىنىڭ ئاساسى جەھەتتىن پۈتۈپ قالغانلىقىنى، يې، لو، ما، جۇڭ، ليۇ، ياۋ قاتارلىقلارنىڭ ئۈرۈمچىدىن كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلدى. مەن زېڭجىڭۇدىن ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ تېزراق غەربكە يۈرۈش قىلىشى ھەققىدىكى ئىلتىماسىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى قايتا - قايتا ئۆتۈندۈم.

جيۇچۈەننىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خېيفۇنى جيۇچۈەننىڭ گارنىزون قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنى 4 باتالىيونغا قوماندانلىق قىلىپ، خېشىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش بازىسى قىلىش ئۈچۈن قاتتىق ساقلاشنى بۇيرۇدۇم. ليۇرېڭ ۋەزىيەتنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ ۋە ماچېڭشياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېن، ليۇخەندۇڭ، راۋتېشەن قاتارلىق ئۇرۇش تەشەببۇسكارلىرىنىڭ ھىندىستانغا قاچماقچى بولۇۋاتقانلىقى، زېڭجىڭۇنىڭ لەنجۇغا بېرىپ تەسلىم بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي قۇيرۇقنى تىكىۋەتتى.



جيۇچۈەنگە بارغاندىن كېيىن، دەرھال خېشى باش شىتاۋنىڭ شىتاپ باشلىقى تاڭزۈيۈننىڭ خاھىشىنى سىناپ باقتىم، تاڭزۈيۈن قوزغىلاڭنى ياقلايدىغانلىقىنى، مەن بىلەن بىرگە بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ چاغدا، ئازاتلىق ئارمىيە 1 - بىڭتۈەنىنىڭ ۋەكىلى ليۇشىڭدۇڭ قوماندان ۋاڭجېننىڭ ئېۋەتىشى بىلەن، ئۇنىڭ ماڭا يازغان بىر پارچە خېتىنى ئېلىپ مايىڭدا مەن بىلەن كۆرۈشتى. قوماندان ۋاڭ جېن خېتىدە مېنى دەرھال ھەركەتلىنىشكە دەۋەت قىلىپتۇ. ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، گاۋتەيدىكى بارلىق قىسىملارغا ئىستىھكاملاردىن كېچىلەپ چېكىنىپ چىقىپ، جيۇچۈەنگە توپلىنىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردۈم. بۇ، 3 - باسقۇچ. بۇ چاغدا، شىنجاڭ ۋەزىيىتى ئايدىڭلىشىپ قالغان، خېشى ۋەزىيىتى بولسا، ليۇرېڭ كېتىش بىلەنلا ئۆزگىرىش ياسىغان ئىدى. قوزغىلاڭ تەرەپدارلىرى بولسا، ۋەزىيەتنى كامال قىلغان بولۇپ، پۇرسەت ھازىرلىنىپ قالغان ئىدى.

## 6. ئاخىرقى جان تالىشىش

مەن جيۇچۈەن تازىلىق كوچىسىدىكى 21 - نومۇرلۇق ھويلىنى قوزغىلاڭنىڭ قوماندانلىق ئىشتاۋى قىلدىم. خېيفۇ قوماندانلىق قىلدى. لىيبىڭشۈن مۇھاپىزەتچىلىكنى ئۈستىگە ئالدى.

خۇاڭزۇشۈن قوشۇنى بىلەن چېكىنىپ جيۇچۈەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاز ساندىكى يېقىنلىرىنى مەجبۇرلاپ ئالا-توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، يېغىلىق پەيدا قىلدى. بەختكە يارىشا جيۇچۈەن گارنىزونىنىڭ قوماندانى خېيفۇ كېچىلەپ

قوشۇن يۆتكەپ جەڭنى تىنجىتتى. گارنىزون قوشۇنىنىڭ قۇدرەتلىك بېسىمى ئاستىدا خۇاڭزۇشۇن ئاز ساندىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى، ئاخىرىدا غەربىي جەنۇپ رايونىدا قولغا چۈشتى. خۇاڭزۇشۇن ئالا - تۇپىلاڭ كۆتەرگەن مەزگىلدە شىن جىۋشىڭ، سۇڭ ياۋخۇا، لى خۇەننەنلەر بىزگە قارشى تەرەپتە تۇرۇپ، تازىلىق كوچىسىدىكى قوماندانلىق ئىشتاۋى قىلىنغان 21 - ھويلىدا ئېلىشىمىز دەپ ۋاقىراپ - جاقىراشتى. گېپىدە تۇرماي بىردەم ئۇ تەرەپ، بىردەم بۇ تەرەپ بولۇپ كۆپ قېتىم ئۆزگەردى. بۇ چاغدا 22 - ژاندارما پولكىنىڭ باشلىقى ساۋشۇشى باشتىن ئاخىر بىز تەرەپتە تۇرۇپ، ئىككى كېچە - كۈندۈز قوماندانلىق ئىشتابتىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدى ۋە شىن، سۇڭ، لىلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان كۈرەشتە ماڭا مەدەتكار بولۇپ تۇردى. ئۇلار بىلەن بولغان كۈرەش مەن ئېۋەتكەن 200 ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ كەلگەن ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى قىسمى جيۇچۈەننى ئۆتكۈزۋالغاندا ئاندىن بېسىقتى. بۇ چاغدا خېشى باش ئىشتاۋىنىڭ ئىشتاپ باشلىقى تاڭزۇيۇنمۇ شىن، سۇڭ، لىغا قارشى كۈرەشكە قاتناشتى. ئۇ، قوماندانلىق ئىشتاۋىدا تۇرمىدى، لېكىن ئۇنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تۇتقان پوزىتسىيىسى روشەن ئىدى.

لىيۇربىڭ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ قاچقاندىن كېيىن، پېڭدىن ئۆسكەن مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ئىشتاپ باشلىقى پېڭ يۈشياڭ يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ گەرچە مەمۇرى مەھكىمە خادىملىرىنىڭ قوماندانلىق ئىشتاپ بىلەن ئالاقىدا بولۇشىنى چەكلىگەن ۋە تېلېگراف ئىستانسىسىنى ئۆزى كونترول قىلىپ، گۇجۇتۇڭ، خۇزۇڭنەنلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ تۇرغان



بولسىمۇ لېكىن پېڭ يۈشياڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خېيىفۇ بىر مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى قوشۇپ مېنى جيۇچۈەن سىغەن مەكتىۋىگە ئەۋەتتى. نەسىھەت قىلىپ قايىل قىلغاندىن كېيىن، پېڭ يۈشياڭنىڭ پوزىتسىيىسىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئۆزى كونترول قىلىپ تۇرغان تېلېگراف ئىستانسىسىنى ئازاتلىق ئارمىيە جيۇچۈەنگە كىرىپ 10 كۈندىن كېيىن تاپشۇرۇپ بەردى. پېڭ يۈشياڭنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر جەريان كۈرەش قىلىشقا توغرا كەلدى. لېكىن پېڭ قورال ئىشلەتمىدى. بۇ، 4 - باسقۇچتىكى ئەھۋال ئىدى. جيۇچۈەنگە چېكىنىپ، ئازاتلىق ئارمىيە شەھەرنى ئۆتكۈزۋالغانغا قەدەر گەرچە ئاران بىر نەچچە كۈنلا كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەرياندا مالىمانچىلىق بېسىلمىدى. خۇاڭزۇشۇن تىركىشىپمۇ باقتى، ۋەزىيەت بىر مەزگىل مالىمانلىشىپ كەتتى. بەختكە يارىشا، بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىپ، خېشى كارىدورىغا تاڭ نۇرى يېتىپ كەلدى.

## 7. تاپشۇرۇش - ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ ئالدى - كەينىدە

زېڭ جىڭۋۇ لەنجۇغا بېرىپ پېڭ دېخۇەي بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، 1 - دالا ئارمىيىسىنىڭ باش ئىشتاۋى بىلەن جيۇچۈەنگە قايتىپ كەلدى. گاۋتەيدىن چېكىنىپ جيۇچۈەنگە كېلىش يولىدا يۈز بەرگەن، خۇاڭزۇشۇن مەغلۇپ بولغان ئۇرۇشقا زېڭ قاتنىشالمىدى.

قوشۇن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1 - دالا ئارمىيىسىنىڭ

بۇيرۇغى بويىچە، مەمۇرى مەھكىمە ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق قىسىم، پولك، ئەترەتلەرنى 2 - بىڭتۇەن ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئازاتلىق ئارمىيە ئىككىنچى بىڭتۇەننىڭ ئىشتاپ باشلىقى جاڭ ۋېنجۇ مەسئۇل بولدى (جاڭ كېيىن ھەربى ئىشلار كومىتېتى بىرونىۋۇك قىسمىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولدى)، تاپشۇرۇشقا مەن مەسئۇل بولدۇم. تاپشۇرۇش - ئۆتكۈزۈۋېلىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، جاڭ ۋېنجۇ مۇدىر بولدى، مەن مۇئاۋىن مۇدىر بولدۇم. تاپشۇرۇش - ئۆتكۈزۈۋېلىش يىغىنىدا مەھكىمىدىكى باشقارمىدىن يۇقۇرى دەرىجىلىكلەر، قىسىمدىكى دىۋىزىيە كوماندىرلىرى، ئارمىيىدىكى ئىشتاپ باشلىقلىرى، خېشى باش ئىشتاۋدىن ئىشتاپ باشلىقى تاڭ زۇيۇنلەر قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 8 - تەمىنات رايونى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئارقا سەپ قىسمىنى زېڭ جىڭۋۇ 1 - بىڭتۇەنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۇلار 1 - بىڭتۇەن بىلەن شىنجاڭغا كىرىش قارار قىلىندى.

تاپشۇرۇش - ئۆتكۈزۈۋېلىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، 1 - دالا ئارمىيىسىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھەققىدىكى تۈۋەندىكى بۇيرۇغى ئېلان قىلىندى: پېڭ مىڭدىڭ 2 - بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن ئىشتاپ باشلىقلىغىغا، پېڭ يۈشياڭ 4 - ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن ئىشتاپ باشلىقلىغىغا، زېڭ جىڭۋۇ 1 - بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن ئىشتاپ باشلىقلىغىغا، تاڭ زۇيۇن، جېڭ جۇاڭخۇي 3 - ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن ئىشتاپ باشلىقلىغىغا تەيىنلەندى. خې يىفۇ 8 - تەمىنات رايونىنىڭ ئادىيۇتانت باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىغىغا تەيىنلىنىپ، شۇلار بىلەن بىللە شىنجاڭغا كىردى. قالغانلارغا ئايرىم تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى.



جيۇچۈەن قوزغىلىڭى ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ، لېكىن ئۇ، خۇاڭزۇشۇن ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ھالاكەت ئالدىدىكى سۈيىقەستىنى مەغلۇپ قىلىپ، خۇاڭزۇشۇننى جيۇچۈەندىن قېچىشقا مەجبۇر قىلدى، قوشۇننى تولۇق پېتى ئازاتلىق ئارمىيىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى، يۈيمېن نېفىتلىكىنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالدى، شۇنىڭدەك، شىنجاڭغا كىرىدىغان قوشۇننى ئاپتوموبىل ۋە تەمىنات بىلەن تەمىنلىدى. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇ خىزمەت كۆرسىتىپ گۇنانى يۇيۇشتىكى ئەمەلىي ئىپادە ئىدى. تارىخ، خېشى كارىدورىدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن كوماندىر - ئەسكەرلەرنىڭ زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقىشتا گۇنايىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەركەتلىرىنىڭ ھەققانىي، ۋەتەنپەرۋەر ھەركەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئاساسىي پىرىنسىپتىن چەتنىگەن خىلمۇ - خىل تەساۋۋۇرلارنىڭ ھەر قانداق تارىخنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتەلمەيدۇ، يېپىمدىن يېڭىنىسىغىچە ھىساپلاش، قۇرۇق نام، ئابروي قوغلۇشۇش بىچارىلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

(خۇنەن چاڭشا ئۇرمانچىلىق نازارىتىدە يېزىلدى.)

## جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدىكى ئەمەل ناملىرى ۋە ئەمەلدارلار ئىسىملىكى (1)

| ئايرىمىسى | ييللار / نامى | 1928 - يىلى (مىنگونىڭ 17 - يىلى) |
|---|---|---|
| شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەربى - مەمۇرى | ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش باش سىلىڭى | جىن شۇرېن 1928 - يىلى 9 - ئايدا تەيىنلەنگەن، 1931 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۆزگەرتىلگەن |
| | ھەربى ۋازارەتنىڭ ۋازىرى | جىن شۇرېن 1928 - يىلى 8 - ئايدا تەيىنلەنگەن |
| | ئىلى چېگرا مۇداپىئە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارى | جاڭ پېيۈەن 1928 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تەيىنلەنگەن |
| خەلق ئىشلار ئەمەلدارلىرىنى ئىستاتىستىكىلاش جەدۋىلى | ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى | جىن شۇرېن 1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن |
| | خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى | لى چى 1928 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تەيىنلەنگەن |
| | مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى | شۈي يىسەي 1928 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تەيىنلەنگەن |
| | مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى | ليۇ ۋېنلۇڭ 1928 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تەيىنلەنگەن |
| | قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى | يەن يۇشەن 1928 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تەيىنلەنگەن |
| | باش كاتىپ | لوشياۋزۇ 1928 يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تەيىنلەنگەن |

(ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسى تەمىنلىگەن)



## جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدىكى ئەمەل ناملىرى ۋە ئەمەلدارلار ئىسىملىكى (2)

| ئايرىمىسى | ييللار / نامى | 1933 - يىلى (مىنگونىڭ 22 - يىلى) |
|---|---|---|
| شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەربى - مەمۇرى | چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى | جىن شۇرېن 1931 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تەيىنلەنگەن، 33 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چېكىنگەن |
| | ھەربى ۋازارەتنىڭ ۋازىرى | جىن شۇرېن 1928 - يىلى 8 - ئايدا تەيىنلەنگەن، 33 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چېكىنگەن |
| | سەنمۇجاڭ | شېڭ شىسەي 1931 - يىلى تەيىنلەنگەن |
| خەلق ئىشلار ئەمەلدارلىرىنى ئىستاتىستىكىلاش جەدۋىلى | ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى | جىن شۇرېن 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاغدۇرۇلغان |
| | خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى | لى چى |
| | مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى | جۇرۇيجاڭ |
| | مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى | ليۇ ۋېنلۇڭ |
| | ئىسلاھات نازارىتىنىڭ نازىرى | يۇ ۋېنبىڭ |
| | باش كاتىپ | ليۇشاۋلى |

**新疆文史资料选辑(14)** （维吾尔文）

中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料研究委员会编

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放路 306 号）
新疆新华书店发行 新疆医学院印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 8.875印张
1985年9月第1版 1985年9月第1次印刷
印数：1——8,700

统一书号：M11098·162 定价：0.67元

**（内 部 发 行）**

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (14)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى ئازاتلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 8.875
1985 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
1985 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M11098·162
تىراژى: 1 — 8.700
باھاسى: 0.67 يۈەن

**(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)**

[illegible]
[illegible]
[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

[illegible]
[illegible]

书号：M11098·162
定价：　0.67 元